# تارىم


6

1991

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى يىقىندا ئۈرۈمچىدە
ياش ئاپتورلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.
سۈرەتتە: سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر.











سۈرەتلەرنى قەييۇم تۇرسۇن تارتقان.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

6

41-يىل نەشرى

1991

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# بوستاندا

## نەسرى ئەسەرلەر


ز. سابىر............... خىرە دېرىزە (پوۋېست) ........................ 12
ق. جېلىل ............... كادىرلار پالاتاسى (ھېكايە) ...................... 59
ئەزىزى ............... خىلۋەت كوچىدىكى پەرىشتە (ھېكايە)............... 72
ئا. سەيدىن................ نەسىرلەر ........................................ 76
ئە. تۆمۈر................ شورلۇق يول (ھېكايە) ........................... 80


## شېئىرلار


م. راشىدىن. ............... ئىككى شېئىر ........................................ 4
ئا. ئۆمەر. ............... ئانامنى ئەسلىگەندە ................................ 6
م. ئەمەت ................. تۇزار كۆزۈم ئۇچىدىكى چېچەكلەر ....................... 7
ئا. زۇنۇن. ............... ئاندلار شەندگە پۈتۈلگەن كۈيلەر ..................... 8
ئا. ياقۇپ................. ئىككى شېئىر ........................................ 9
ن. يۇنۇس ................. كۆلكەمدە ياشمۇ بار ھەم قۇياشمۇ بار .................... 10
ئا. ئەمەت ............... قارارىم ............................................ 11
ئا. مۇھەممەتئىمىن ...... دىلخۇمارلىق يەلكەن ئېچىپ قوزغالدى ...................... 52
ئۆ. مۇھەممەتئىمىن ....... روھىم ئۇزۇندىلىرى ................................... 53
ئە. ھاشىم ............... مۇڭلۇق ناخشام ئىزدەيدۇ ۋىسال.......................... 55
ق. مۇھەممەتئىمىن ....... سۆيگۈ بەرگەن سەبىي تۇيغۇلار ........................... 57
ك. سۇلايمان.............. دىل تارىمدىن ئۇچقان ئاھاڭلار ......................... 87
ن. زامان.................. قامىقاق (مەسەل) ..................................... 88
م. ئەخمەت ............... ھايات ............................................... 91
ئې. سايىت ............... قەشقەر سۈرەتلىرى .................................... 93
ق. ئىلياس ............... ئىككى شېئىر ........................................ 94
ئا. روزى ................. يېشىل يوللار........................................ 94
د. روزى ................. سۆيگۈ ناخشىلىرى .................................... 95

ئا. تۇردى ............... بىر كوبلىتلىق شېئىرلار .............................. 96
ي. ئەھەت ............... قارىچۇقىمىدا ئىترەڭگۈ سۈرەت ...................... 96
ئە. ئوسمان ............... ئىككى شېئىر ........................................ 98

## باللار ئەدەبىياتى

ج. ئەھەت ............... باللارغا سوۋغىتىم (شېئىر)........................ 99
ئا. ھەسەن. ............... ئەللەي، تەبسەت (شېئىر)........................ 101
ن. توختى. ............... چۆل ئوغلى (پوۋېست) ........................... 102
ئا. ئابدۇراخمان. ........ ئىككى ھېكايە ....................................127
ي، تۇرسۇن............... گۆش يېمەيدىغان بالا (ھېكايە)...................... 135

## مۇھاكىمە ۋە تەنقىد

ت. قۇربان ............ ئۇيغۇر باللار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر
نەزەر ..................................................139

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

ئۈرۈمچىدە شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.........157

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ، ئا. ئەھەتلەر ئىشلىگەن،

مەھەممەتجان راشىدىن

# ئىككى شېئىر

## ئانا تاغلار

ئۈستۈڭدىن ئۇچۇپ ئۆتتۈم، كۆردۈمكى
تۇرنىلار ئارىسىدا مەن بار، تاغلار.
قېنى، دەپ سوراپ يۈرمە كىملەردىندۇ،
ھەر كۆزنىڭ قارىسىدا مەن بار، تاغلار.

شامالنىڭ لېۋى ئەمەس، مېنىڭ لېۋىم،
باغرىڭنى باخ-باخ ئېتىپ سۆيۈپ ئۆتكەن.
ياق، يالغۇز قۇياش ئەمەس، مەن بار يەنە،
چوققاڭدىن ئىشقىڭ بىلەن كۆيۈپ ئۆتكەن.

دېگەنتى ئانام سېنى «ئانا تاغلار»،
كۆرسىتىپ دېرىزىدىن سەبىي چېغىم.
ئانامنىڭ ئاغزى خىزىر ئاغزى تۇرسا،
مەن سېنى دېمەي نېچۈن: ئانا تېغىم!

رەھمەتلىك ئانام كەتتى، قالدىڭ ئەمما،
ئەلىڭگە كەلگىنىمچە ئەللەي ئېتىپ.
ئانام بار، دەپ يۈرىمەن، ئانا تاغلار،
قەدرىڭگە ئۆزۈم يېتىپ، ئانام كېتىپ.

بار ئىدى بىر باغرىڭغا قەبرىلىگۈم
ئۆزۈڭنى «ئانا!» دېگەن ئانامنىمۇ.
تەڭ ئىلىك ئالار ئىدى ئىككى ئۇلۇغ،
دەيتتىم مەن، — ئوغلى بەرگەن سالامنىمۇ.

يادىمغا يەتسە ئانام، ساڭا باقتىم،
نېچۈندۇر، يىغا تۇتتى بىراق، مېنى،
ئۆرتىدى يېڭىباشتىن سېغىنغاندا،
ئانامدىن سەندە قالغان پىراق مېنى.

ئېگىزنى ئۇلۇغ دېسە، ئۇلۇغ ئۆزۈڭ،
ئەرشنىڭ قۇچىقىدا ئەزىز بېشىڭ.
نۇر چاچقان ئاي يۇلتۇزلار تۈندە ساڭا،
يۈرىكى كۆيۈپ تۇرغان قېرىنداشىڭ.

سېخىينى ئۇلۇغ دېسە، ئۇلۇغ ئۆزۈڭ،
ئالتۇن بار ئېتىكىڭدە، جاۋاھىر بار.
ياق! دېسەڭ ياراشمايدۇ ئانا تاغلار،
چۆرەڭدە شۇ سۆزۈمگە مىڭ شاھىد بار.

باھارنى كۆرگۈچىلەر ساڭا باقسۇن،
ئالدىڭدا دالا نېمە، ئېتىز نېمە؟!
ئالدىدا بىر گۈلۈڭنىڭ پۇرەكلىگەن،
شائىرلار ماختاپ يازغان مىڭ قىز نېمە؟!

قۇياشقا مەڭزىڭ يېقىن، ئانا تاغلار،
قۇياشتىن قېلىشمايدۇ ھارارىتىڭ.
قارىغايلار بويلىرىدىن كەتمەيدۇ ياز،
باھارغا تولۇپ ياتار ئىككى بېتىڭ.

شەپەقلەر غايىب بولار سېنى سۆيۈپ،
شەپەقلەر مۇرادىغا يېتەر سەندە.
ئۇخلايدۇ زېمىن، ئەمما، ئۆزۈڭ ئويغاق،
كۆزەتتە تۈنلەر ئويغاق ئۆتەر سەندە.

مىنگەشكەن بۈۋۈك ئىدىم مەن-مەنلىككە،
قول ئۇزدۇم شۇ ئىللەتتىن ساڭا يېقىپ.
مىننەتنى تاشلىۋەتتىم كۆك قەرىگە،
كىبىرىدە ئۇچماس بولدۇم قانات قېقىپ.

سايەڭنى سايغا چۈشكەن بىر باتۇرنىڭ
سايىسى دېسەم، تەھقىق، قىلار ئازلىق،
چاقماقلار چاقسا سەندە قىلدى دەيمەن
چوققاڭنى تەسۋىرىمدە قىلچۋازلىق.

يىراقسەن تۆھپەڭ تۇرۇپ تەمەننادىن،
تاشلىدىم سېنى كۆرۈپ، غادىيىشنى.
يېتىلدىم خۇيسىز يىگىت بولۇپ ئاخىر،
تاشلىدىم خام خىيالدىن تاج كىيىشنى.

سېنىڭدىن بىلگەنلىرىم نۇرغۇن مېنىڭ،
بولمايدۇ ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى؟!
سەن تۇرساڭ پەزىلەتنىڭ چىن ئۇستازى،
مەن يەنە كىمنى چىللاي ئۆگەتكىلى!؟

قۇچاقلاي دېسەم سېنى، ئانا تاغلار،
يەتمەيدۇ قۇچاقلىرىم قۇچاقلاشقا.
ياشايمەن سەجدە قىلىپ هەر كۈن مىڭ رەت،
شۇ سەۋەب سېنىڭدىكى هەربىر تاشقا.

## ئىزدەپ

كىتابخان، سىز ئۇچۇن هەر كۈن يۈرەرمەن بىر قوشاق ئىزدەپ،
قەلەندەردەك ئاراڭلاردىن ئۆزۈمگە ئىشتىياق ئىزدەپ.
سىلەرگە ياقمىغان شائىر ئىرۇر هەق نەزمە يازغاندىن
ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرمەك ئۇچۇن يۈرسە پىچاق ئىزدەپ.
يىگىت ئەلبومىدىن بىر جاي ئۆزىگە تۇتقىلى كەتتى،
پەرىلەر قەۋمىدىن شېئىرىم ئۆزىگە بىر قۇچاق ئىزدەپ.
تەپەككۇر ئاغلىرىن كەزدىم بۈگۈن مەن شىر بولۇپ هەر تۈن،
گويا يۈرگەن كەبى كىمدۇر ئېگىزدىن بىر باشاق ئىزدەپ.
پىچىرلايدۇ قەلەم، قەغەز بېشىمدا ئاتقۇچە هەر تاڭ،
مېنىڭسىز تاپقۇدەك قايدىن ئۇلار ئىلهام، بىراق، ئىزدەپ.
كۆزۈمنى ئاچقۇچە مەشرەپ يېقىپ بوپتۇ ماڭا بىر شام،
ئاۋارە بولمىدىم هەر تۈن شۇڭا ياندىن چىراغ ئىزدەپ.
توخۇدىن ئىلگىرى تۇردۇم ئېتىپ تەرك ئۇيقۇنى شېرىن،
شېئىرىم بويىغا خۇش بۇي تەبىئەتتىن پۇراق ئىزدەپ.
لېكىن، ئاسان ئەمەس كىيمەك غەزەلخان تونىنى هەرگىز…
يۈرەرمەن قانچە يىل چۆلدىن ئۆزۈمگە بىر بۇلاق ئىزدەپ.
كېتەرمەن ئايلىنىپ نەزمەم ئۇچۇن سەۋدايىغا، بەلكىم
شۇ ئەمگەك ۋەجىدىن گۈلزار ئارا هۆسنۇ ـ سىياق ئىزدەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېنىڭ تەلەپلىرىم تۇرسا سىلەرنىڭ ئالقىشىڭلاردا،
يۈرەي قانداقمۇ تەر تۆكمەي چىمەندىن تۆت قۇلاق ئىزدەپ.
چىمەنلەر ئاغزىدىن ھېكمەت ئىشتىمەك ئادىتىم بولدى،
ئومۇستۇر نەزمىگە يۈرسەم قۇرۇق گەپتىن بوياق ئىزدەپ.
قەلەمكەشلىك تىرەمەن يولنى ياياق يۈرمەككە تەمسىلدۇر،
بىراۋغا بارغىلى بولماس ئىكەن ئەسلا ئۇلاق ئىزدەپ.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## ئانامنى ئەسلىگەندە ...

كېلىمەن تېرەكلىك تونۇش يول بىلەن
سېغىنىش ئوتلىرى قەلبىمدە يېنىپ.
ئاپەتلىك يىللاردا ئەزىز يۇرتۇمدىن
كەتكەنتىم تۇرالماي باغرىغا قېنىپ.

جان ئانام، سوغ يىللار ئېسىمگە چۈشتى،
ئۆرتىدى كۆڭلۈمنى قايغۇ، دەرد - پىراق.
يىغلىسام زېمىنمۇ بىللە ياش تۆكتى،
تارىخنىڭ شاھىدى بۇ ئانا تۇپراق.

«ئىسيان ناخشىسى» ماتەم كۈيىدەك
ۋەھىمىگە سالاتتى ئىنسان ئەھلىنى.
مەھەللىلەر ئۈستىدە ئۇچاتتى ئوقلار،
جۇت -بوران ھۇۋلايتتى چېچىپ زەھىرىنى.

ئەنسىز بىر كېچىدە، بىچارە ئانام
يىقىلدى تۇيۇقسىز ھالىدىن كېتىپ.
ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ بىردىن،
ئاچالماي كۆزىنى قالدى ئۇ يېتىپ.

يالۋۇرۇپ دوختۇرغا قايتا - قايتىلاپ،
ئانامنى بالنىتسىدا ياتقۇزدۇم تەستە.
«ئۈمىد ئاز، ئەھۋالى ئېغىر» دېگەندە
بېشىمغا قارا تاغ قوندى بىر پەستە.

«ۋاڭ دوختۇر ئەمگەكتە» دېدى ياش بىرسى،
پېشقەدەم دوختۇرنى تىلىغا ئېلىپ.
«تەۋەككۇل قىلىمىز، بولمىسا ئاناڭ
تۈگەيدۇ قانسىراپ ھالىدىن كېتىپ.»

قاراملىق ھۆكۈمران تىغنىڭ ئاستىدا
سامانىدەك سارغىيىپ ياتاتتى ئانام.
مەن چىقتىم تالاغا بېشىم ئايلىنىپ،
ھەسرەتلىك دىلىمدىن ئۆرلەيتتى پىغان.

چىقىشتى كۆتۈرۈپ ئانامنى بىر چاغ
تۆكۈلدى كۆزۈمدىن تارام - تارام ياش.
چېھرىدە يوق ئىدى ھاياتلىق نۇرى،
ئاھ، شۇدەم ئۆچكەندەك بولدى ھەم قۇياش.

پەرىشان تەلمۈرۈپ تۇراتتىم ئاڭا،
قارىدى مىڭ تەستە كۆزىنى ئېچىپ.
دېگەندە: «رازى بول مەن بولالمىدىم...»
ئاھ! دېدىم باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ.

ئۆتۈشتى ئاي - يىللار، ئېرىدى قار - مۇز،
باھارنىڭ ئاپتىپى ئەپ كەلدى شادلىق.
مومايلار لېۋىدە تەبەسسۇم - كۈلكە،
باللار لەگلىكى ئۇچتى قاناتلىق.

بىر كۈنى ۋاڭ دوختۇر كەلدى پەتىلەپ،
قولۇمنى چىڭ سىقىپ دېدى ھەسرەتتە:
خاتاغا يول قويدۇق ئوپېراتسىيەدە،
قارامىلىق قىلغاچقا ئاشۇ سائەتتە...

ئالماپتۇ ئېلىشقا تېگىشلىك يەرنى،
ئاپەتنىڭ يىلتىزىن تاپالماپتۇ ئۇ.
مەن ئۇ چاغ گېزەندە، بېشىمدا قالپاق،
چەك ئايرىپ يېنىمغا بارالماپتۇ ئۇ...

چاقماقلار چاقناندەك بولدى بېشىمدا،
ئاپەتلىك يىللارغا ئوقۇدۇم لەنەت.
ئانام كەلگەندەك بولدى قېشىمغا
دەپ: ئوغلۇم، پەنگەچىن باغـلامۇھەببەت...

تورغاينىڭ يېقىملىق شوخ ئاۋازىدىن
خىيالىم لېنتىسى كەتتى ئۈزۈلۈپ.
بارىمەن چوڭ يولدا مەردانە چامداپ،
كۆك ئاسمان قىزارغان تۇمان سۈزۈلۈپ...

كەپ قالدىم ئۆيۈمگە، يوق ئەمدى ئانام
ۋە لېكىن بار ۋەتەن — ئەزىز دىيارىم.
بېشىمنى سىيلايدۇ ئۇلۇغ پارتىيەم،
پارلايدۇ ئىقبالىم، ياڭراپ ساتارىم.

يىللىتتى قەلبىمنى باھار تاڭلىرى،
جاراھەت داغلىرى كەتتى يۇيۇلۇپ.
ئەنە ئانامدەك باغرىنى ئېچىپ
تۇرىدۇ تەڭرىتاغ نۇرغا چۈمۈلۈپ...

مۇھەممەتجان ئەمەت

# تۇزار كۆزۈم ئۇچىدىكى چېچەكلەر

## ماڭا كېرەك ھىلال ئاي، ماڭا كېرەك كۆك ئاسمان

كۆڭلۈم غەمدىن مۇڭلانسا ماڭا كېرەك كۆك ئاسمان،
مەن بىر ھىممەت ئىگىسى، قورسۇن تاغلار بەدەشقان،
كۆنىدە بولاق كۆزىگە سىغدالغانچە ھىلال ئاي
كىممۇ دېسۇن چۈشەنمەي چارچاپ يولدىن ئاداشقان!؟
ماڭا كېرەك ھىلال ئاي، ماڭا كېرەك كۆك ئاسمان.

تاڭغا تىلەر ھەممىسى ساخاۋەتنى، مەدەتنى،
سۈبھى دەمدە بارچە كۆز ئۇپۇقلا تىكىلگەن،
تۈندە يۇلتۇز ساقىسا ئانا يەرگە قىيالماي
كىممۇ دېسۇن چۈشەنمەي نىچۈن كۆككە چېكىلگەن؟!
ماڭا كېرەك يۇلتۇزلار، ماڭا كېرەك كۆك ئاسمان.

قايغۇ سوزۇپ ئاخشامنى قىسقىنىدا تەنھالىق،
قورقۇنچ ۋە سوغ يامغۇر دېرىزەگنى ماراشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىتتىرىگەندە دالىلار كۆز يېشىمغا چىدالماي
يار بولمىسا قېشىمدا، يوق ھېچنېمە ياراشقان.
ماڭا كېرەك لېۋەن يار، ماڭا كېرەك كۆك ئاسمان.

ئۇلتۇرغۇزۇپ باھارنى كەلسەم كېچىك قولۋاققا،
تورغاي ھەتتا ئۈزىنى مىسكىن بۇلبۇل ساناشقان.
قانداقلارچە ئەپقاچاي قولۋىقىمنى، باھارنى،
كۆپكۆك دېڭىز بولمىسا دولقۇنلىرى ئويناشقان.
ماڭا كېرەك كۆك دېڭىز، ماڭا كېرەك كۆك ئاسمان.

## تۇزار كۆزۈم ئۇچىدىكى چېچەكلەر

بۇ ئازابلىق ھاياتىمدا - بەختىمدە
گۈزەللىكنى تونۇتتۇڭسەن تۇنجى رەت.
بۇ راھەتلىك ھاياتىمداز قايغۇمدا
قېپقالسەن يۈرىكىمدە سەن پەقەت.

سۆيگەنلەرنىڭ كۆپى مېنى ئۇنتۇلۇپ،
ئۇنتۇلدۇردى ئۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ.
ئۇزاتقاندا خۇش چاغلارنى قىچقىلاپ،
قايغۇ كېلەر بوسۇغامغا دېۋەيلەپ.

تۇزار كۆزۈم ئۇچىدىكى چېچەكلەر
بۇلبۇللارنىڭ كۈلۈشى ھەم بىر تاتلىق.
ئۇچۇپ كېتەر باھار، دېڭىز ۋە قولۋاق
ھەممىسىلا بولۇپ بىردىن قاناتلىق.

يەر يۈزىدە يالغۇزدەكلا تېڭىرقاپ،
ماڭالمايمەن كۈندۈز كېچە بىلىنىپ.
قەغەزدىكى چېكىت كەبى جىمجىت ئاي،
ئۆتەر دەريا بوي تاسمىدەك تىلىنىپ.

سۆيۈپ قويۇش لەۋلەر ئۇچۇن نېمىدى
بىلىنمەس ھەم تاتارغىنى، كۈلگىنى.
يۈرەك قىقاس كۆتۈرمىسە بولارغا،
ئادەملىكنىڭ سارغايغىنى ئۆلگىنى.

ئەلەم ئۇزار يۈرىكىمنى تارتقۇشلاپ،
بېسىپ كىرەر ئۆيگە پەۋەس خۇشاللىق.
بىلدىم بۇنىڭ بارچىسىنى ساختا دەپ،
بىلدىم بۇنىڭ بارچىسىنى رېئاللىق

بۇ ئازابلىق ھاياتىمدا - بەختىمدە
بىلمەس ھېچكىم، سورار مېنى كىم دېسەڭ.
بۇ راھەتلىك ھاياتىمدا قايغۇمدا
كۈيلەر ھەممە، سەنلا مېنى كۈيلىسەڭ...

**ئابدۇرېھىم زۇنۇن**

## جان ئانا

مەن يېتىلدىم تەربىيەڭدىن جان ئانا،
سەن بۈيۈكلۈك بابىدا شاھ - خان، ئانا.
ئاق سۈتۈڭ تەنىنىڭ، ئىشەنچىنىڭ ساقچىسى،
ئاقدۇ جىسمىمغا ئۇندىن قان، ئانا.

پاك، ھالاللىقنى ئۆگەتتىڭ دەرس قىلىپ،
ئەقلۇ - ئىدراكى خەزىنە - كان، ئانا.

ئىشلىرىمدا شان - زەپەر قۇچسام بىرەر،
شادلىقىڭ تاشتى بولۇپ فونتان، ئانا.

كۆرمىدىڭ مەندىن تۈزۈك خۇشلۇق، بىراق،
غەملىرىم بولدى ساڭا ئاش - نان، ئانا.

گۈل جامالىڭ سولدى كۆز ياپراقىدەك،
مەن ئۈچۈن قىلدىڭ ئۆزۈڭ قۇربان، ئانا.

ئانىسىز ھېچكىم ئۆسۈپ چوڭ بولمىغان،
يارىتىپ بەردىڭ ماڭا ئىمكان، ئانا.

بىر ساڭا مەڭگۈگە قەرزدارمەن پەقەت،
قايتۇرارمەن ئۇنى قۇچۇپ شان، ئانا.

ئال ئارام. قالدى پەقەت تۆت كۈنلۈك كۆك،
مەن چاكار، سەن بول ئەزىز مېھمان، ئانا.

سەن ئۇلۇغ شەپقەتچىنى كۆيگە قېتىپ،
ھەم يازاي ئۆمرۈم بويى داستان، ئانا!

ئابدۇللا ياقۇپ

# ئىككى شېئىر

## زەر چايقايدۇ قىشلاقتا دەريا

سۇبھى ئاچتى نۇرانە چىراي،
شەپەق بىلەن قۇچاقلاشتى يەر.
ھال رەڭ بۇلۇت لەيلىگەن كۆكتە
يايدى توپ - توپ ئاق قۇلارمۇ پەر.

قىردا ئەتىر چاچقان لالىلەر
كەتتى چوغدەك شەپەققە سىڭىپ.
ئېلىپ شەپەق ھۆسنىدىن رەڭگى،
كۆلدى ھايات ئاتەشتەك يېنىپ.

چىملىقلاردا يالتىرايدۇ نۇر،
تاغلار قىزىل ياقۇتتۇر گويا.
ساھىللارغا تارتىپ كۆيىنى،
زەر چايقايدۇ قىشلاقتا دەريا.

## كىرپىكلىرىم جۈپلەنمەس تۈندە

كىرپىكلىرىم جۈپلەنمەس تۈندە،
گۈزەل نىگار سېنىلا ئويلاپ.
خىياللىرىم ئۇچار سەن تامان،
نۇر يېيىلغان ۋادىنى بويلاپ.

كىرپىكلىرىم جۈپلەنمەس تۈندە،
كۆزلىرىمدىن قاچقاچ ئۇيقۇلار.
يۈرىكىمگە ياقىدۇ ئاتەش
شېرىن ھېسلار، شېرىن تۇيغۇلار.

كىرپىكلىرىم جۈپلەنمەس تۈندە،
ۋۇجۇدۇمنى تاشلاپ يىراققا.
جامالىڭنى ئىزدەيمەن نىگار،
كۆزنەكلەردىن قاراپ يىراققا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرگۈل يۇنۇس

# ئۈچ شېئىر

## كۆلكەمدە ياشمۇ بار ھەم قۇياشمۇ بار

بىر ئۇنسىز ئەستىلىك يېتىلاپ ئۆتەر
كېچىبىلەر باغرىغا تارتىلغان يولنى.
ياۋايى ھۆركىرەش بولمىسا ئەگەر،
ئادىشىپ جەننەت دەپ قالىمەن ئۇنى.

بوقۇشلاپ قويىسىمۇ مېنى سۈكۈنات،
مېنىڭدىن كېچەلمەس ئېسىل كەچمىشىم.
ھاياتنىڭ لەززىتى ھاجەتسىز كىمگە؟
لەززەت شۇ ئۆزۈمگە تىك تۇتقان بېشىم.

يېتىملىتەك بىر تۇيغۇ دېمەڭلار بۇنى
ۋە ياكى دەسلەپكى يېنىك بىر قىياس.
تۇپرىقىم ھىندىدە باردۇر تىنىقىم،
بۇ چەكسىز سۆيگۈ بۇ، بۇ زور ئېتىھراس.

ھەسرەتلەر تۇتسىمۇ يۈرەكنى بەزەن
ۋە لېكىن بولمايمەن ھەرگىزمۇ غېرىب.
كۆلكەمدە ياشمۇ بار ھەم قۇياشمۇ بار،
خوي قىپتۇ خۇدامۇ ياشلىقنى بېرىپ.

## دەريا

ئۇنسىز بىر ھىكمەتكە ھەمراھ دولقۇنۇڭ،
يىلاندەك تولغىنىپ ئاقسەن تىنىچ.
قولۋاقلار يارىدۇ ئۇپقۇنلىرىڭنى
بۇلۇتلار باغرىنى يارغاندەك قىلىچ.

لېۋىڭدە مەجنۇن تال ئېگىپ بېشىنى،
قەترەڭنى تىنماستىن سۆيەر ئەندىكىپ.
كۆيلەرگە كۆمۈسەن ۋادىلىرىڭنى،
ئىنتىزار دىللارنىڭ تارىنى چېكىپ.

مەن ئاشۇ كۆيلەرنى ئاڭلايمەن تەنھا،
قۇلاقتا ئايلىنار قالماي بارلىقىم.
سەن سۆيگۈ ھەققىدە توگىمەس ناخشا،
يوق سېنى ھەرگىزمۇ ئاڭلاپ تالمىقىم.

ئاقسەن (مەنزىلىڭ يىراق جايلاردا)
ئانا يەر باغرىدا ئازاد ۋە ئەركىن.
ئاقسەن سەن گويا تومۇرلىرىمدا،
ئاقسەن شاۋقۇنلاپ مەڭگۈگە بەلكىم!

## نومۇس

لەنەتكە كۆمۈلگەن سەۋدا خىياللار،
كۆزلىرىم باغرىدا كۆلمەيدۇ شەپقەت.
غالجىرلىق تۇرىدۇ چىش غۇچۇرلىتىپ،
مۇھەببەت يېشىنى ئۇنۇتقان پەقەت.

كۆڭلۈمگە سىغمايدۇ تاقەت ۋە چىدام،
قانلىرىم جۇش ئۇرار كۆتۈرۈپ ئىسيان.
بولسا گەر بىر مەررە سۆيۈشكە پۇرسەت،
لەرزىگە كەلگەنچە چىقارمۇ بۇ جان.

ئالمىدەك لەيلىتەر قارىچۇقنى يېشىم،
ئىچىمدە بىر گۈلخان يېلىنجار تىنماس.
خىيالەن ئېيتىمەن شىۋىرلاپ ناخشا،
شۇ ناخشا مەن ئۈچۈن ئالىدۇ قىساس.

كۆزۈمدە قاتقاندۇر كۆز مانانىدەك
ئۈمىدتىن پۈتكەن بىر مۆلدۈرلەپ قاراش،
ياق ھەرگىز كۈتمەيمەن بىراۋدىن كۈلكە،
ھەم نومۇس بىراۋدىن مۇھەببەت سوراش.

ئاتىكەم ئەمەت


## سەن قۇياش، سەن باھار بارچە قەلبىدە...

تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۇزاتتىڭ شائىر،
ئىلھاملار پەرىسى پۈتكەچكە قانات.
بىپايان ۋادىلار ياتار چۈشسىمان
ۋە لېكىن يوق ئۇندا ھېچبىر تىلسىمات.

قونۇپتۇ بېشىڭغا ئاپپاق چېچەكلەر،
قەلبىڭدە باھارنىڭ تىنىقلىرى بار.
قېرىلىق قوينىغا تارتسىمۇ سېنى،
كۆزۈڭدە سەبىينىڭ قىلىقلىرى بار.

ھاياتىنىڭ سەپىرى ئۆتەر شۇ يوسۇن،
مېھنەتكە بىتىنىم چىرماپ ھېسلارنى.
تاغلارمۇ ئالدىڭدا ئەگكەچكە بويۇن،
بىر ئۇلۇغ ھاياجان كېزەر دىللارنى.

سەن ئەزىم بىر ناخشا لەرزان ياڭرىغان،
كۆيۈكچە قۇشلارمۇ كۈيىنى قاتقان.
سەن قۇياش، سەن ئاپتاپ بارچە قەلبىدە،
باھاردەك يېپيېڭى ھېسلار ئويغاتقان.




**زوردۇن سابىر**

(پوۋېست)

— پەدەرنىڭ ئۇنتۇلغۇغا قالدۇرغان سۆزلىرى —

ئوغلۇم مىركامىل! بۇ سۆزلىرىم ساڭا مىراس بولۇپ قالسۇن... كۆزلىرىم ئاجىزلاشتى، لېكىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. نېمىشقا دەمسىنا؟ كۆڭۈل كۆزۈم بار ئەمەسمۇ بالام...

سەن تۇغۇلغان بۇ ئۆي، سەن ئويناپ چوڭ بولغان ئازادە قورۇدا ھازىر مەن تىكەندەك يالغۇز، دېرىزە يېنىدىكى ھېلىقى سەن ئوينايدىغان ياغاچ كارىۋاتتا ياتقىنىم ياتقان. ھەممىلا نەرسە خىرە كۆرۈنىدۇ، خىرە ئاڭلىنىدۇ، قۇلاقلىرىممۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس، سېغىزخاندەك سەزگۈر چاغلىرىم نەلەردە قالدىكىنتاڭ، ئوڭ قۇلىقىم پۈتۈنلەي پاڭ، ئەمما سول قۇلىقىم ساق، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. دېرىزە يېنىدىكى قېرى قارىياغاچلار سايىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقان شوپۇرلار، كوچا سۈپۈرىدىغان ئاياللار، كادىرلار، تېخنىكلار، شەھەرنى يېڭىلاشنىڭ كويىدا قاتراپ يۈرگەن شەھەر باشلىقى، ئىشقىۋازلىقتىن مەست بولۇشقان قىز - يىگىتلەر... قىسقىسى، ھەممىسىنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ، چاڭ - توزاندىن خىرەلەشكەن دېرىزەمگە يانداش قەدىناس كارىۋىتىمدا يانپاشلاپ يېتىپ زىر - زەۋەرىگىچە ئاڭلاپ تۇرىمەن.

دېمىسىمۇ، يەتمىش ئالتە ياشلىق قېرىنىڭ خىيالىدىن باشقا نېمە ئىشى بار دەيسىلەر؟ ماڭا ئالدىمىزدىكى چوڭ يولدىن ئۆتۈۋاتقان باش - ئاخىرى يوق ماشىنىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىمۇ، گۈر - گۈر، غاراس - غۇرۇسلىرىمۇ، مېنىڭ بېغىمغا سېلىنغان يەتتە قەۋەتلىك بىنانىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە توختىماي چېلىنىدىغان مۇزىكا، ئېيتىلىدىغان ناخشا، كۈلكە، قىقاس، تىل - ئاھانەت، جاراڭ - جۇرۇڭمۇ دەخلى قىلالمايدۇ، مەن خۇددى بۆلەكلىك بوۋاقتەك خاتىرجەم يېتىپ خىيال سۈرۈۋېرىمەن...

شۇنداق، مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىمەن، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. خالىغانچە خىيال سۈرەلەيمەن.

— ئېمىشقا بۇ قېرىغا مەجبۇرىي كۆچۈشكە بۇيرۇق بېرەلمەيمىز، سىز شەھەر باشلىقى بولغاندىكەن بۇيرۇق بېرەلەك، قاراڭا، ئەتراپىمدا بىرمۇ كونا ئۆي قالمىدى، قەۋەت-قەۋەت بىنالار ئارىسىدا، يەنە كېلىپ ئىككى چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا مۇشۇ يالغۇز ئۆيلا چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرەلەك، كۆچمىسە بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ئىشقا سالىمىز!

دېرىزە يوچۇقىدىن قارىدىم: ھېلىقى دائىم ماڭا بۇقىدەك ھۆركىرەيدىغان كادىر، قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ دەمدۇ، ئۆي باشقۇرۇشنىڭ دەمدۇ، ئىش قىلىپ لاتا پىكاپنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىۋېلىپ كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرىدىغان، قىزىل ساقاللىق، سېرىق بۇزى سۆرۈنلا يۈرىدىغان ھېلىقى ئاداش. بىرلا قاراپ ئۇنىڭ تەلەتىنى كۆردۈم-دە، يەنە نېمە گەپلەر بولارىكىن دەپ جىم تۇرۇۋالدىم.

— قانۇن بۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ، يولداش ئابلەت، — دېدى ماڭا تونۇش ئاۋاز. گەپ قىلغان بۇ ئادەم شەھەر باشلىقى، مەن قارىمايلا ئاۋازىدىن ئۇنى تونۇدۇم، ئۇ ماڭا ھېچقاچان قوپاللىق قىلغان ئەمەس، شەھەردە يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى كادىرلاردىن ئاشۇ بىرسىلا قالدىمىكىن، ئۇ دائىملا كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىدۇ، مىسالغا ئالساق، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا:

— ئىسراپىلكا، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، سىزنىڭ بۇ قەدىناس جايىڭىز شەھەرنىڭ ئىسكەتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرۇپتۇ. باھاسى يۇقىرى بولسىمۇ مەيلى، سېتىپ ئالايلى، ئۆيىنى تۈزلەپ ئورنىغا چىرايلىق بىر گۈللۈك ياسايلى، سىزنى شۇ گۈللۈككە خىزمەتكە قويايلى، گۈل-گىياھ، دەرەخلەرگە قاراڭ، ئاۋۇ ئالتە قەۋەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى، ياكى ئىككىنچى قەۋىتىدىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بېرەيلى، قانداق دەيسىز؟ — دېگەن:

— مەن ئويلاپ كۆرەي، — دېگەنىدىم ھىيلىگەرلىك بىلەن مەنمۇ ھېجىيىپ قويۇپ، — ناھايىتى ياخشى گەپ، شەھەرنى گۈللەندۈرۈش ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسى. مەن بۇيەرگە كۆچۈپ كەلگىلى ئەللىك بىر يىل بولدى. بۇ ئۆيمۇ قەدىناس مومىيىمدەك، جىسمىنىڭ پارچىسى دەڭلە جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە دېگىنىڭىزدەك بولىدۇ. بىرمو توت فۇكلۇق بېغىمنى يەتمىش ئالتە توپ مېۋىلىك دەرىخى بىلەن بەردىم. ئون ئالتە ئېغىز ئۆيۈمنىڭ (بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەرگەن) يەتتە ئېغىزىنى بەردىم. غىڭ-پىڭ قىلمىدىم. قالغىنى توققۇز ئېغىز ئۆي، بىر ھويلا، ئالتە توپ ئۈزۈمگە ئوخشاش قېرى قارىياغاچ، بىر قۇدۇق، بۇلارنىڭ ئىشى چاغلىق، ئۆيلىنىشقا ۋاقىت بەرسىڭىز، كىچىك بولسىڭىزمۇ سىز ئاكا...

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز، ئىسراپىل ئاكا، بوپتۇ قانچە ۋاقىت ئويلايسىز؟

— ياخشى ئۇكام، بۇنىمۇ ئويلاپ باقاي...

«ئويلاپ باقاي» نى مەنمۇ ئۆگىنىۋالدىم. شەھەر باشلىقىنى ئىككى يىل ئۆيۈمگە قاتراتتىم. ئۇ دائىملا كۈلۈپ تۇراتتى. ئىككى يىل ئىچىدە بىزنىڭ بۇ شەھەر چېتىدىكى مەھەللىمىزدە تولىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى؛ رەت-رەت ئېگىز بىنالار، ئاجايىپ كەڭ

كوچىلار، چىنرايلىق دەرەخ، گۈللۈكلەر پەيدا بولدى. مەھەللىنىڭ كونا ئادەملىرى نەلەرگە كېتىشتى. يالغۇز مەنىلا ئۆز ئۆيۈمدە، ئۆز تىرىكچىلىكىم بىلەن. يازدا ئۆينىڭ سىرتىنى سۇۋاپ رېمونت قىلىۋاتسام شەھەر باشلىقى كىچىك ماشىنا بىلەن قارىياغاچ ئاستىدا توختاپ سەل خاپا هالدا:

— ئىسراپىلكا، ئويلىنىپ بولمىدىڭىزمۇ، رېمونتقا تۇتۇش قىلغىنىڭىز نېمىسى؟— دېدى. مەن دەرھاللار:

— موماينى تاۋۇتقا سالغاندىمۇ سۆزگە - تاغاقلىرىنى قوشۇپ، يۇيۇپ - تاراپ سالىدۇ ئەمەسمۇ ئۇكام، بۇمۇ شۇنداقلا ئىش، — دېدىم.

شەھەر باشلىقى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، مېنىڭ كىچىك دۇكان ئېچىۋالغان قوشنام دەرھال شەھەر باشلىقىغا بىر ئىستاكان مۇزدەك لىمونات سۇيى سۇندى.

— نەچچە قوشنىلىرى بار، ئىسراپىلكا؟ — دەپ سورىدى شەھەر باشلىقى كۈلۈپ قويۇپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئۈچ قوشنام بار. بىرى كاللا - پاقالچاق ساتىدۇ، ئۇنىڭغا چەتتىكى ئىككى ئېغىز ئۆي بىلەن ئامبارنى بەردىم. بىرى تاكسا بىلەن ئوقەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىزلىق تاختايلىق ئۆي بىلەن لاپاسنى بەردىم. دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىمۇ شۇنىڭدا. مۇنۇ ئېغىزلىق تەنزىكەشكە يېنىمدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى بەردىم. مەن ئۆزۈم ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە.

— بەللى، بەللى، كىرىم ياخشى دېسىلە، ئايدا بەش - ئالتە يۈز كوي ئىجارە ئالىدىكەنلا - دە؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا، خۇدايىم بۇيرۇسا.

— شۇڭا بۇ جاينى ساتمايمەن دېسىلە؟

— ياق ئۇكام، گەپ پۇلدا ئەمەس، ئۇنىڭسىزمۇ بانكىدا بىرنەچچە تۈمەن پۇلۇم بار، ئۆسۈملا ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ، لېكىن ئىنسان دېگەندە مېھرى - مۇھەببەت دېگەن بىرنېمە بولىدىكەن، ئۇنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدىكەن...

شەھەر باشلىقى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

مانا بۇ يىل شەھەر باشلىقىنى ئۈچىنچى يىل بوسۇغامغا قاتراتماقتىمەن. ئۇ كىشىنىڭ بايىقى «قانۇن يول قويمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم: كاتتا بىنالار ئارىسىدا ئىككى چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدا بوۋايدەك مۈكچەيگەن، يۈز يىللىق كونا ئۆيىنىڭ تۇرۇشىغا قانۇن يول قويىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ مېغىزى! ھەي قىزىل ساقال، سېرىق يۈز، سەن نېمىشقا بۇ قانۇننى بىلمەيسەن؟ بىلمەي تۇرۇپ قانداقچىسىگە كىچىك ماشىنىغا (ئەسكى بولسىمۇ) چىقالىدىڭ؟

مانا شۇنداق ھەممىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ، ئويلاپ ياتىمەن.

يەنە شۇ قىزىل ساقالنىڭ ئاۋازى:

— ئۇسسۇزلۇق ئىچىمىز، — دېدى ئۇ بىرىگە، مەن قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم، — ئەخمەق، مۇنۇ دۇكاندارنىڭ خوتۇنى پەرىزاتنىڭ ئۆزى، بىرلا كۆرسەڭ، كۆڭلۈڭ كېلىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىدىغان بولىسەن!

يوچۇقتىن قارىدىم: قىزىل ساقال كىرىپە تىكەن يۈزىنى پەردەزلەپتۇ. ئۈستىگە مودىدىن

قالغان، قاتۇرمىسى چوڭ، بېلى پۈرۈم، ئەت رەڭ كاستۇم كيمۋاپتۇ. ۋاي سەۋزە بۇرۇن، سانىخانىغا كۆزۈڭ چۈشۈپتۇ - دە، دۇكاندار ساڭا ئۆينى بۇزمىسۇن دەپ خۇشامەت قىلغىنى بىلەن خوتۇنغا كەلگەندە چاشقاننىڭ ئەركەك - چىشىسىنى پەرق قىلالايدىغان ئادەم ئۇ. قوش نام قۇدرەت ئاخۇننىڭ قۇدرىتى، خوتۇن ئېلىشتا. بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئۈچىنچى قېتىم ئۆيلىنىشى، سانىخان سادda، سەھرالىق بولغىنى بىلەن ئېرىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلىدۇ، سەن سەۋزە بۇرۇن كېچاڭغا خوتۇننىڭ يەرگە چۈشكەن بىر تال چېچىنى تۇتقۇزمايدۇ... مەن ھەسەتخورلۇق بىلەن شۇنداق ئويلىدىم، مەن دېگەن يەتمىش ئالتىگە كىرگەن بىلەن پۈتۈن ياشلىقىمنى ئىشقىۋازلىقتا سەرپ قىلىپ، ئايالاردىن لەززەت ئېلىشنى ئوبدان بىلىدىغان ئەركەك - تە.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم، ھە، قۇدرەت ئاخۇن ئاداش، ئوقەت ياخشىدۇر - ھە؟

— خۇداغا شۈكرى ئا كېچاڭ!

— تازا سودا بولىدىغان يەرنى ئىگىلىۋالدىڭ ئاداش، لېكىن كۆچىسەن، بىر ھەپتىگە قالماي كۆچىسەن، كۈنىگە 30 — 40 كوي تاپىدىغان دۇكاننى نەدىنمۇ تاپارسەن ئەمدى؟

— ئا كېچاڭ، بىزنىڭ فاڭدۇڭ، ئىسراپىلكام، شەھەر باشلىقىغا...

— شەھەر باشلىقى، شەھەر باشلىقى دەۋەرمىگىنە، ئۇ ئادەم دەيدىغان گېپىنى ئىسراپىل تارانىغا ئەمەس، ماڭا دەيدۇ، مەن بولسام ساڭا، ئىسراپىل تاراندەك بۇزغۇنچىلارغا بۇيرۇق بېرەمەن، ئۆينى بۇزدۇرىمەن!

مەن پارتلىغۇدەك بولدۇم، ئا كېچاڭمىش تېخى، ۋۇي ئاپشاركا. ئەخمەق، ئالدىقانات، ئالىجوقا!... ئۇنى ئىچىمدە تازا تىللىدىم. يەنە نېمىلەرنى دەرىكىن دەپ قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم. قۇدرەت ئاخۇن يېلىنىشقا باشلىدى.

— ئا كېچاڭ، ھېچبولمىسا بىر - ئىككى ئاي تەخىر قىلسىلا، بىرەر ماكان تېپىپ ئالايلى، ئاندىن كېيىن...

— سەن تۆت ئائىلىلىك بىر - بىرىڭدىن ئۆتكەن شەخسىيەتچى مۇتەھەم. تاكسىچى بىر ئاخشامدىلا مۇنۇ تانسىخانىدىن يانغانلارنى توشۇپ يۈرۈپ 100 — 150 كوي تاپىدۇ، كاللا - پاقالچاقچى ھەم كۈنىگە 40 — 50 كوي تاپالايدۇ، سەنمۇ شۇ. ماۋۇ خوجايىن قېرى ئون نەچچە تۈمەن پۇلنى بانكىغا قويۇپ، ھەر ئايدا سىلەردىن 3 - 4 يۈز كوي ئىجارە ئېلىپ بېيىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا سىلەر شەخسىي پايدىنى دەپ شەھەر قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىسىلەر، سىلەرگە جەرىمانە قويۇش كېرەك!

مېيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم: سېنىڭ قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟ سەن ۋارقىراشتىن باشقا نېمىنى بىلىسەن؟ شەھەر باشلىقى بىلگەن قانۇننى ھەرگىز بىلمەيسەن، مەن بىلگەن قائىدە - قانۇنلارنىڭمۇ يۈزدىن بىرىنى بىلمەيسەن، ئەجەبا مۇشۇنداق بىلمەيدىغانلارغا ھوقۇقنىڭ چوڭى تېگىدىكىنا؟ قۇدرەت ئاخۇننىڭ ئاۋازى:

— چىشۇي ئىچسىلە، ئا كېچاڭ، پىۋا ئىچەملا - يا؟

uyghurkitap.com

— ئىسسىق چېيىڭ يوقمۇ، سەنلەرگە ۋارقىرايمەن دەپ تاماقلىرىم قاغجىراپ كەتتى!
چوكىنىڭغا چاي بۇيرۇ، ئادەمگەرچىلىك دېگەننىمۇ ئۆگەنمەپسىنا!
— سانىخان، بىر چەينەك چاي!
— مانا ھېلى! — سانىخاننىڭ سىيماقى كۆز ئالدىمغا كەلدى: زىلۋا، سۈتتەك ئاق يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان كىرپىكلەر ئارىسىدا ئويناپ تۇرىدىغان يوغان، ئوتلۇق كۆزلىرى ئادەمنى ئېرىتىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ لەۋلىرى، كۈلگەندە مەرۋايىت بولۇپ كۆرۈنىدىغان چىشلىرى... شۇ يېشىمغا كېلىپ بۇنداق گۈزەللىكنى كۆرمەپتىكەنمەن، قۇدرەت ئاخۇن نەدىن تاپتىكىن، سانىخاننىڭ ئاتىسىغا رەھمەت!
مانا، سەۋزە بۇرۇننىڭ تەلەتى ئېچىلدى:
— پاھ، پاھ، پاھ، نېمانداق تەملىك چاي بۇ، بولدى، بولدى، ناۋات سالمىساڭمۇ بولغۇدەك، ھەي قۇدرەت ئاخۇن، سىڭلىڭنىڭ چېيى بۇنچىلىك، قول تەمى قانچىلىكتۇر، ئۆيۈڭگە تەكلىپ قىلايمۇ دېمەيسىنا.
— بولىدۇ ئا كېچاك، — دېدى قۇدرەت ئاخۇن ئەنسىزلىك بىلەن ئائىلاج، — قولىمىز كۆكسىمىزدە.
— قانداق، سىڭىل؟
— خىزمەتلىرىگە تەييار.
ۋۇي مۇتىھەم، كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنگەن سايىغىمۇ كۆز قىسىدىغان پاھىشۋازسەن، خەقنىڭ ئۆيىدە زورلۇق بىلەن مېھمان بولارمىش تېخى!...
ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قوشنىلىرىم كېچىچە پايىپېتەك بولۇشۇپ، ئا كېچاك بىلەن ئاغىنىلىرىنى مېھمان قىلىشتى. مەن ھەممە ۋاڭ - چۇڭ، چاقچاق، كۈلكىلەرنى ئاڭلاپ ياتتىم، تاكسىچى ئەرلى ئاخىرقى مېھمانلارنى تۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇدرەت ئاخۇن سانىخاننى دۇمبالاشقا باشلىدى. بۇنداق چاغدا ئاجرىتىشقا مەندىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ. چۈنكى باشقىلار ياش، مەن قېرى، قۇدرەت ئاخۇن مەندىن ئايالىنى كۈنلىمەيدۇ.
قۇدرەت ئاخۇن ھەرقاچانقىدەك تىللىماقتا.
— ھۇ، بەرىكەت مىتىسى جالاپ، ھۇ، گۇناھ خالتىسى بۇزۇق، يامانلىقىڭدىن ئەردە تۇرمايسەن، بالا يۈزى كۆرمەيسەن، بۇ ئاچ بۆرىلەر سېنى پۇراپ كېلىشمىسە، ئۆيۈمدە نېمە قىلاتتى، ئۇلارنى چاقىرىپ كەلگەن سېنىڭ چىرايىڭ، سېنىڭ نازۇ - خۇلقىڭ، ھەممىنى يوقىتىمەن، پىچاق بىلەن ھەممىنى يوقىتىمەن!
— ۋاي ئۆلدۈم، ۋاي قانداق قىلاي!
مەن كىرمىگۈچە قۇدرەت ئاخۇن قولىغا پىچاق ئالمايدۇ. بۇنى مەن ياخشى بىلىمەن: مەن بوسۇغىدا پەيدا بولسام لا سانىخان كەينىمگە ئۆتىدۇ، قۇدرەت ئاخۇن ئەددىيدۇ.
— قويۇپ بەرسىلە دەيمەن، ھېلى بىكار سىلىنىمۇ جۇمۇ.
— يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر، قۇدرەت ئاخۇن.
مەن ئۇنىڭ قولىدىن پىچاقنى ئېلىۋالدىم.

— سانىخالدا نېمە گۇناھ، مېھمانلارنى ئۆزلىرى چىللاپ كەلدىلە، ئۆي مېنىڭ، قورقمىسىلا، ئۇ ئۆيىنى چاقالمايدۇ، خۇشامەتنى ئۆزلىرى قىلىپ، نېمشقا گۇناھسىز ئايالنى ئۇرىدىلا؟

قۇدرەت ئاخۇن جىمىپ قالدى؛

— ئۈچ قوشنىسا مەسلىھەت بىلەن مېھمان قىلىۋىدۇق، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ، — ھەسەن ئاخۇن ئىككى يۈز، ئەرلى ئۈچ يۈز، مەن ئىككى يۈز، جەمئىي يەتتە يۈز كوينىق پۇلىمۇ شۇگىمۇتتۇق. ئاغزى بېسىلسۇن دېۋىدۇق. شەھەر باشلىقىنى يۇمشىتىشقا پۇل لازىم دېگەچكە شۇنداق قىلىۋىدۇق، ماۋۇ بىزنىڭ لۆم - لۆم خوتۇن ئاكېچاك مەست بولۇۋېلىپ بىلەكىنى تۇتۇپ ئەركىلەتسە، تەستەككە ئۇرماي قاراپ تۇرامدۇ؟

— سىلى نېمشقا تەستەككە ئۇرمىدىلا؟ — مەن ئەلەم بىلەن قۇدرەت ئاخۇنغا ئالايدىم. ئۇ گەجگىسىنى قاشلاپ:

— ئۇلار يەنە كېلىمىز دەيدۇ، ئەمدى كەلسە سىلىنىمۇ چاقىرىپ قوياي، — دېدى.

ئىككى ياندىكى چوڭ يولدىن توختىماي ماشىنا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بەزىدە ماشىنىلار شۇنداق توختاپ كېتىدۇكى، ماڭا پۈتۈن شەھەرنىڭ ماشىنىلىرى مۇشۇ يەرگە توپلانغاندەك بىلىنىپ كېتىدۇ، بۇنداق چاغلار خېلى كۆڭۈللۈك، دېرىزەم ئالدىدىكى دەرەخ سايىسىدا پاراڭ قىزىيدۇ، مەن قۇلىقىمنى دېرىزە سىرتىغا توغرىلايمەن - دە، كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىپ، ئاجايىپ - ئاجايىپ پاراڭلارنى ئاڭلايمەن.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، باشلىقىڭ كۈتۈۋېرىدۇ، — دەيدۇ بىر شوپۇر سۆھبەتدىشىغا، — بىزدە خىزمەتكە كېچىككەندىغان باشلىق يوق. سائەت 10 دا ئىشقا كەلسىمۇ ئۇنى نەگە باردىڭ دەيدىغان ئادەم چىقمايدۇ. بىزنىڭ باشلىقنى ئالساق، ئەنە ماشىنىدا ئۇخلاۋاتىدۇ، مەشەدە تۆت سائەت تۇرسامۇ رەللە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشى ئاخشاملىقىغا باشلىنىدۇ - دە.

— نېمە، سېنىڭ باشلىقىڭ كېچىدە ئىشلەپ، كۈندۈزى دەم ئالامدا؟

— قاپاقباش، كېچىچە ئولتۇرۇش، تانسا! ھەر كۈنى بولمىسىمۇ بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن...

— مېنىڭ خوجايىنىم ئۇنداقلاردىن ئەمەس، پرىنسىپچان ئادەم. ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ تەلەپچان.

— سەن ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىلمەيسەن - دە، ئاشۇنداق پرىنسىپچان، تەلەپچان كۆرۈنگەنلەرنىڭ نەپسى ھەممىدىن يامان بولىدۇ. باشقىلار چىلانىنى پۈتۈن يۇتالىسا، ئۇنداقلار تاۋۇزنى پۈتۈن يۇتالايدۇ... ھا - ھا - ھا...

— ھەي، توغرا ئېيتتىڭ، ئۇكام، — دېدى ئاۋازىدىن قېرىلىقى بىلىنىپ تۇرغان بىرى خىرىلداپ كۈلۈپ، — تۇزۇمەك تەس، ئۇكىشالماق تەس، تۆت تەرەپتە نەچچە يۈز ماشىنا نەچچە سائەت ئىشتىن توختاپ تۇرۇۋاتىدۇ، ساقچى بىلەن مەستشوپۇرنىڭ ماجىراسى ئۈچۈن شۇنچە زىيان بولۇۋاتىدۇ، كۆردۈڭلارمۇ، كۆمۈر، پولات، خىمىيىۋى ئوغۇت باسقان ماشىنىلار، مۇھىم ئىش بىلەن ماڭغان رەھبەرلەر، دوختۇرغا ماڭغان كېسەللەر، ئايروپىلان ياكى ماشىنىغا ئالدىراپ ماڭغان يولۇچىلار، قانچىلىك زىيان - ھە، كىم بۇ زىياننى ھېسابلاپ كۆرىدۇ؟ مېنىڭچە، ھەر بىر كوچىغا ئاۋۇ قىزىل، يېشىل، چىراغنىڭ يېنىغا زىياننى ئاپتوماتىك ھېسابلايدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى ئورنىتىش كېرەك.

— سەن نېمىگە باش قاتۇراتتىڭ ئاكا، ئاسمان ئۆرۈلسە ئاۋۋال ئېگىزلەرنىڭ بېشىغا تېگىدۇ. بولكىۋاي ھەيدەيدىكەنسەن، توققۇز ئادەمنى ئىدارىسىگە توشۇيدىكەنسەن، بۇ ئىشىڭ بىلەن دۆلەت، خەلققە قانچىلىك بايلىق تېپىپ بېرەلەيتتىڭ؟

— سەنمۇ بالا، مېنىڭ ئوغلۇمدەك كاللاڭغا خاتا نەرسىلەرنى قاچىلىۋالغان بالىكەنسەن، مېنىڭ بالامىمۇ شۇپۇر، خۇسۇسىي تاكسىمىزنى ھەيدەيدۇ، پۇلنى جىق تاپىدۇ، لېكىن دۆلەت، مىللەت دېگەنلەر ئۇنىڭغا چۈشىنىكسىز. مۇشۇ ئىككى گەپنى ئاڭلىسىلا قۇلىقىنى ئېتىۋالىدۇ.

— مەنمۇ شۇ. سېنىڭ ئاۋازىڭدا «زايىك» كۆپ ئىكەن، بىلەمسەن، بىزدە گەپ تولا، كېرەكسىز گەپ تولا!

— يەنىچۇ؟

— ئاڭلاپ قوي بوۋاي: بىزنىڭ جۇڭگودا ئادەم تولا، شەھەر تولا، مەجلىس تولا، گەپ تولا!

ھەممە ماشىنىلار سىگنال بېرىشكە، يول تالىشىپ دۇدۇتلىششىكە باشلىۋىدى، مەن ھېچنېمە ئاڭلىيالمىدىم. ئارقىمىزدىكى يەتتە قەۋەتلىك بىنادىنمۇ ماشىنىلارنىڭ گۈدۈكلىرى بىلەن بەسلىشىپ زامانىۋى ناخشا ئاڭلاندى. مەن بۇنداق سىگناللار، ناخشىلار ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە كاردۇتىمدىن چۈشۈپ ھويلامغا چىقىمەن.

ئېھ، مېنىڭ ئەللىك يىللىق قەدىناس ھويلام! ماۋۇ دەرەخ تۈۋىگە كىم يۇندا چاچتى ـ ھە؟ ھەي ھەسەن ئاخۇن، ھويلىنى قۇيىقا پۈرىتىپ كالا ـ پاقالچاق ئۆتلىگەننى ئاز دەپ، دەرەخ تۈۋىگە يۇندا تۆككىنىڭىز نېمىسى؟ مەن ئەمدى سىزنى كۆچۈرۈۋېتىمەن قوشنام، ئايالىڭىز بىلەن يوگەنسىز ئوغلىڭىزغا دۆڭگىمەڭ، ئۆتكەندە قۇدۇقتىن قوينىڭ پاچىقى چىققاندىمۇ ئايالىڭىزغا دۆڭگىگەنسىز، ئەمما ئايالىڭىز بىرلا ھۆرپىيىۋىدى، ھەممە گۇناھنى گەدەنگە ئالدىڭىز. ئەمدى مۇنۇ يۇندىغا نېمە دەيسىز؟ ھە، ئەرلى بالام، بۈگۈن سەنمۇ ئىشقا بارماپسەن ـ دە، نېمە؟ مېنى دوختۇرغا ئاپىرامسىنا؟ تۈنۈگۈن دېگىنىم راست، دوختۇرغا باراي دېۋىدىم، مېنى دەپ ئىشقا بارماپسەن ـ دە، سەنغۇ پۇلنى كېچىسى تاپىسەن، ئاخشام مۇنۇ كوفىخانىدا توي بولدىمۇ؟ تانسا دەمسىنا؟ كېچىچە قىز ـ يىگىتلەرنى توشۇدۇم دېگىنە؟ نەلەرگە توشۇدۇڭ؟ پاھ، شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىقلارغا، مېھمانخانىلارغا، ئۆيلىرىگە ... ھەم ساۋاپ، ھەم گۇناھ بالام. پۇلنى دەپ گۇناھقا شېرىك بولما ئەرلى. ماقۇل، ماشىناڭ بىلەن مېنى دوختۇرغا ئاپارغىن ئەمىسە!

— نېمە بولدى قۇدرەت ئاخۇن، نېمە، ئاكېجاڭ چاقىرىدۇ دەمسىز؟! — مەن ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىمنى ئەستە يۆتكەپ دەرۋازا سىرتىغا چىقتىم. يولنىڭ چېتىدە تۇرغان كونا «بېيجىڭ»نى كۆرۈپلا ئەرۋاھىم ئۈركۈدى. ماشىنىنىڭ يېنىدا قىزىل ساقاللىرى يەنە ئۆسۈپ كەتكەن ئاكېجاڭ گىمدىيىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇكام ئابلەت.

— قاچانغىچە ئۆيلىنىسەن قېرى؟ — دېدى يۇ ئېغىر قاپاقلىرى ئاستىدىكى تولىمۇ يوغان، قوڭۇر كۆزلىرىنى ئالايتىپ قويۇپ، — شەھەر باشلىقى ئەمدى كۆچمىسە تەدبىر قوللىنىمىز دېدى. بىلەمسەن، شەھەر دېگەننىڭ ئومۇمىي پىلانى، كونكرېت پىلانى بولىدۇ،

شەھەر قۇرۇلۇش پىلانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىر خىل جىنايەت!

— زورلۇق بىلەن مېھمان بولۇش، پارا ئېلىشچۇ؟ — مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، يالغاندىن ھىجىيىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە قارىدىم، — جىنايەت ئەمەسقۇ دەيمەن ئا كېچاك؟

— سەن چېقىمچى قېرى، شەھەر باشلىقىغا مېنى چېقىمپسەن!

— سىز يۈز چاققاندا، مەن بىر قېتىم چاقتىم. چاقمىدىم، ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدىم. قانداق، شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىغا بىللە بارىمىزمۇ-يا؟ سىز مېنىڭ قوشنىلىرىمنى كۆچۈشكە قايىل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىگىلى كىرگەن، ئۇلار بىرچىنە چاي قىلىشتى دەپسىز؟ يەنچۇ؟ شەھەر باشلىقىمۇ ئادەم، گۆش يېمەيدىغان مۈشۈك بولامدۇ دەپسىز؟! سىز بىزنىڭ شەھەر باشلىقىمىزمۇ گۆش يەيدىغان مۈشۈك، پارا بەرسەڭلا ئۇمۇ ئالىدۇ دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— سەن قېرى تولا كاپشىما، تۆھمەت قىلماجۇمۇ؟ ئۈچ كۈنگىچە كۆچەمسەن-يوق؟

— نېمە؟ ئۈچ ئاي، ئۈچ يىل دەپ بېقىڭا، مەن ئۆيلىشىپ باقاي!

— سەن شەھەر باشلىقىمىزغا، «ئۆيلىشىپ باقاي» دېگىلى نەچچە ئاي بولدى.

— ئۇنى ھېسابلاش سىزنىڭ ئىشىڭىز ئابلەت كېچاك، مەن ئۆيلىشىمەن تېخى، ئۆيلىشىش ھوقۇقۇم بار. بۇ ھوقۇقنى چېقىلالمايسىزغۇ دەيمەن.

— دۇنيادا چەكسىز نەرسە يوق، سېنىڭ ھەر قانداق ھوقۇقۇڭ چەكلىك. ئۈچ كۈنگىچە كۆچىسەن؛ بىلىپ قوي، بۈگۈن 6 - ئايغا 19، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۆچىسەن، كۆچمىسەڭ، مېنىڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرىم سېنى كۆچۈرىدۇ!

— ئابلەت كېچاك، — دېدىمەن يالغان خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ ھوقۇقىڭىزمۇ چەكلىك بولسا كېرەك، سىز مېنى قارا قورساق سەھرالىق دەپ ئويلىماڭ؛ مەن ياشلىقىمدا ئەپەندى بولغان، رايونغا كاتىپ بولغان، مۇشۇ يەردىمۇ ئاساسىي قاتلام كومىتېتىغا مۇدىر بولغان، ئەقلى ھوشۇم، ساۋادىم بار قېرىمەن؛ سىز ماڭا جىيۇسادۇيدەك، خۇڭۋېيبىڭدەك بۇيرۇق بېرىشكە ھوقۇقسىز. سىز بىلمىگەن بىلەن قانۇننى مەن بىلىمەن. 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يامان كۈن، بىلەمسىز؟ گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇشۇ كۈنى ھۇجۇم باشلىغان، سىزمۇ گىتلېرنى دورىماڭ، مەنمۇ ستالىندەك باتۇرلۇق كۆرسىتىپ يۈرمەي!

ئابلەت كېچاك تامدەك تاتىرىپ، ئاغزىمغا قاراپ قېتىپلا قالدى. ئۆزىنىڭ قانچىلىك پەمسىز، قانچىلىك بىلىمسىز ئادەملىكىنى بۈگۈنكىدەك بىلمىگەن بولسا كېرەك، مېنى خۇددى ھازىرلا كۆرۈپ تۇرغاندەك باشقىدىن قاراشتۇرۇشقا باشلىدى. مودىدىن قالغان كالاچ — مەسە، كونا سۇر پەشمەت، قىزىل گۈللۈك دۇخاۋا بۆك، كەكە ساقال، كۆتمەك بۇرۇت بۇ چال ئۇنىڭ كۆزىگە بۈگۈنكىدەك كۆرۈنمىسىز، يىرگىنىشلىك كۆرۈنمىگەن بولسا كېرەك.

— نېمە دېمەكچىسەن قېرى؟ — دېدى ئاخىر خورسىنىپ ئىچىنى تارتىپ، — چايىنىسا چىش ئۆتمەيدىغان، يۇتسا كۆتۈرمەيدىغان بىر تاراموش ئىكەنسەن-دە! ئېيتە، قانداق قىلىمەن دەيسەن؟

www.uyghurkitap.com

— شەرتىمگە كۆنۈڭ، جايىمنى ئېلىڭ، مۇشۇنىڭغا ئوپمۇ ئوخشاش ئۆي تېپىپ بېرىڭ، يوق بولسا يەرنى مەن تاپىمەن، سىز ئۆي سېلىپ بېرىڭ، بولمىسا نەگە كۆچىمەن.

— بىناغا؟ قانچە قېتىم دېدىم، بىناغا كۆچىسىز.

— ئانداق بولسا ئويلىنىشىمەن!

مەن قولۇمنى بىرلا شىلتىپ، ئەرلىنىڭ ماشىنىسىغا كىرىپ كەتتىم. ئاكىچاك قۇدرەت ئاخۇننىڭ دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى.

دوختۇر مەندىن كېسەل تاپالمىدى، چۈشتە كاللا - پاقالچاقچى ھەسەن ئاخۇن ئۆپكە - ھېسىپ قىلىپ ئۆيىگە چاقىردى. ئۇ دائىم تۇتۇلۇپلا يۈرىدىغان گېپى قوپال، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايدىغان ئادەم، ئۇ تەرەت ئالغاندا مايلىشىپ تۇرىدىغان قوللىرىنى سوغ سۇدا شۇنداق تېز چايقايدۇكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ھەرقانداق ئۇستا ھەييارمۇ دورىيالمايدۇ.

ئۇ جوزىنىمۇ كېلىدۇ، غەيۋەت - شىكايەت باشلايدۇ:

— ماۋۇ قۇدرەت دېگەن يۇمشاق باش ھويلىنى ھارام قىلدى. پۇل دېسە خوتۇنىنى ئايىمايدىغان سولاقچى!

— ھاي، ھاي، تاماقنى پاكىز يېگىلى قويسىلا ھەسەن ئاخۇن!

— دەيمىنا، خوتۇننى ئاۋۇ كوفىخانىدىن بوتۇلكا يىغىپ چىقىمشقا كىرگۈزىدىكەن جۇمۇسىلا.

گەپ سانىخانىغا يۆتكىلىۋىدى، مەن غىقلا بولدۇم. ئۇ بىچارىنى ئېرى بىگۇناھ ئۇرسا، قوشنىلا بىگۇناھ تىللىسا، باشقىلارمۇ غەرەزلىك قول ئۇزاتسا؟ ئۇنىڭغا ھىمايىچى لازىم ئەمەسمۇ؟ راسا لازىم. ئۇ بىچارە يەنە قاچانلا قارىساڭ مارجاندەك چىشلىرىنى يالتىرىتىپ، بۇلاقتەك سۈزۈك كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ ئادەمگە كۈلۈپلا قاراپ تۇرسا، بۇنداق ئايالنى ئەيىبلەشكە قانداق يول قويغىلى بولسۇن؟

ئالدىمدا غىزا، خىيالىم سانىخانىغا كەتتى. قۇدرەت ئاخۇن يۆتىلىپلا قويسا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ چاي دەملەۋاتقان. مەن ھەيران: شۇنداق مىجەز - خۇلقى، شۇنداق چىرايى بىلەن بۇ ئايال نېمە ئۈچۈن قۇدرەت ئاخۇنغا تەقدىرنىڭ قاتتىق زەنجىرى بىلەن باغلىنىپ قالغاندۇر - ھە؟ ئۇنى تاقەت - سەۋرلىك، كۆتۈرۈمشىلىك قىلىپ قويغان. ناۋادا يوقسۇزچىلىق بولسا، مەن ئۇنى بىر ئامال قىلىپ يوقسۇزچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغان بولاتتىم.

— ئالسىلا ئىسراپىلكا، — دېدى ھەسەن ئاخۇننىڭ ئايالى سېمىز، خۇددى ھېسىپتەك پارقىراپ تۇرىدىغان بارماقلىرىنى لېگەنگە تىقىپ تاماقنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇپ، — مايلىق ئۆچەي، قوزىنىڭ ئۆپكىسى پايدا قىلىدۇ. قۇۋۋەت بولىدۇ! — ئۇ بارماقلىرىنى ئالدىرىماي شۈمۈپ چىقتى - دە، سېمىزلىكتىن ئېغىرلاشقان قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، شالاڭ قاشلىرىنى ئوينىتىپ قويۇپ سۆزلىدى، — ئۆيلەپ قويايلىمۇ - يا؟ كەچكىچە ماۋۇ سانىخانىنىڭ سايىسىغا قارايلا، مېنى بىلمەيدۇ دېمىسىلە، سانىخانىنىڭ ئېتى چىقىۋىدى، يۈرەكلىرى ماۋۇ ئۆپكىدەك تىترىگىلى تۇردى!

— قويسىلا بۇۋى زۆرىخان! — دېدىم يالغان خاپا بولۇپ، قىزىبىمدەك بالىغا چاتمىسىلا ئادەمنى!

— قويۇڭلا خوتۇن، يوقىلاڭ گەپنى! — ھەسەن ئاخۇنمۇ نارازى بولدى، لېكىن بۇۋى زۆرىخان ھېچقاچان ئېرىدىن ھېيىققان ئەمەس، خالىسا ئالىيىدۇ، خالىسا سىلكىيدۇ، خالىسا تىللايدۇ، ھەتتا ئۇرۇپمۇ قويىدۇ. ھەسەن ئاخۇن خوتۇنىغا نە ئالىيالمايدۇ، نە قاپاق كۆتۈرۈپ قارىيالمايدۇ. بۇ ئۆي قۇدرەت ئاخۇنلارنىڭ ئەتۇرى. بۇ ئۆيدىكى بىرلا ئالاھىدىلىك ھەممىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان ئوغلى غالىپجاننىڭ بولغانلىقى، غالىپجان ئەتىگەنلىكى موتىسكلىتقا سىڭايان ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتسە، يېرىم كېچىدە يېنىپ كېلىدۇ. ئۇ مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى سىلكىپ قويۇپ دەرۋازىنى ۋاقتىدا ئاچمىغانلىقى ئۈچۈن ئەرلىنى «لازىچى تۇڭگان!» دەپ تىللايدۇ-دە، ئۆيىگە كىرىپ دادىسى بىلەن ئاپىسىنى قوپال سىلكىشلەپ بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئۈنئالغۇنى قويىدۇ. پەقەت مەن بېرىپ دېرىزىنى چەككەندىلا ئۇ ئۈنئالغۇنى ئۆچۈرۈپ، مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن:

— ئىسرائىل دادا، بۈگۈن مىركامىل ئاكاملار بىلەن بىللە ئولتۇردۇق، مىركامىل ئاكام يەنە بىر پوۋېست يېزىپتۇ. ئالامەت، ئالامەت، — دەپ قويىدۇ.

ئۇنىڭ دېگىنى ياكى راست، ياكى يالغاندۇر، لېكىن مەن كەنجى ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسام راستلا خۇش بولىمەن، بۇنداق چاغلاردا مۇنۇ قىلىقى سەت غالىپجانمۇ ماڭا ئوماق بىلىنىپ كېتىدۇ...

— يوقىلاڭ گەپ دەيسىنا، — دېدى بۇۋى زۆرىخان ھەسەن ئاخۇنغا ئالىيىپ، — ھەممىلا ئادەم ساڭا ئوخشاش، كاللا-پاقالچاق بىلەنلا ھەپىلەشمەيدۇ، كۆڭۈل ئاچىدۇ، مۇھەببەتلىشىدۇ، زامان ئۆزگىرىپ كەتتى ھەسەن قاسماق، سەن بىلمىگەن بىلەن مەن بىلىمەن بۇنى.

— سىلىغۇ ھەممىنى بىلىسىلەر خوتۇن، ئەمما لېكىن بىز ئىشىنىلا بىلىمىز.

— ئانداق بولغاندىكىن ئېغىز غېرىچىلىما ئەمىسە، ئىسرائىلكا، سانىخاننىڭ ئاچىسىنى سىلىگە ئەپ بەرسەك قانداق دەيلا؟

— ئاچىسى بارمۇ بۇ جۇۋاننىڭ؟ — مەن قىزىقىپ قالدىم.

— بارمۇ دەۋاتقىنىنى؟ ما ئىشنى كۆرسىلە، بولمىدىغان، يامالىق تېغىدا ئاچىسى بار، ئوقۇۋاتقان قىزى بار. شۇلىنى باقىمەن دەپ ماۋۇ لۈم-لۈمگە خوتۇن بولۇپ يۈرۈيدۇ بۇ چوكان، بولمىسا قۇدرەت ئاخۇن كىم، سانىخان كىم؟ بىرى ئاسماندىكى يۇلتۇز، بىرى ئېتىزدىكى لاي!

— ئانداق بولسا نېمىشقا سانىخاننى دائىم تىللايلا؟

— تىللىمامتىم ئەمىسە، قىزىنى بىزنىڭ غالىپجاندىن قاچۇرۇپ بۇ ھويلىغا كەلتۈرمەيدۇ، بالام ئۇنىڭ قىزىنىڭ دەردىدە ئېلىشىپ قالايلا دېدى.

— سانىخاننىڭ قىزى بار دېسىلە، مەن ئەجەب كۆرمەپتىمەنا؟

— سىلى كۆرمىگەن بىلەن كامىلجان كۆرۈپ بولدى. بۇ خېنىمنىڭ قىزى ئالىي مەكتەپتە. سىلىنىڭ ئوغۇللىرىدەك شائىرمىش. قىزىنى دەپ سانىخان بوتۇلكا يىغىدۇ، ئاشخانا تازىلايدۇ، قۇدرەت لۈم-لۈمنىڭ تىل-تايىقىنى يەيدۇ. قىزىنى غالىپجانغا بەرسە، ئاچىسىنى سىلىگە بەرسە، بىز قۇدرەت لۈم-لۈمنى بۇ ھويلىدىن كۆچۈرۈپ چىقىرىپ،

بىر ئائىلە بولۇپ كېتەتتۇق ئىكەنمىز...

— تازا بەلەن بولاتتى! — ھەسەن ئاخۇنمۇ پۈتۈن بەدىنى لىغىرلاپ تۇرىدىغان سېمىز ئايالىنىڭ گېپىگە ياندىشتى، — ئۆيلىنەمىلا - يا؟ سىلى ماقۇل دېسىلە قالغىنىنى بىزنىڭ خوتۇن توغرىلايدۇ.

— قېنى ئەمىسە، دۇئا قىلايلى، جۇمە ۋاقتى بولۇپ قالدى، ھەسەن ئاخۇن.

پاھ، ھويلامدىلا ئاجايىپ ئىشلار بار ئىكەن، مەن تېخى بىلمەيدىكەنمەن. سانىخاننىڭ قىزى بار ئىكەن، قىزىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق خورلۇققا تەييار ئىكەن. ئاچىسىچۇ؟ ئۇ قانداق ئايالكىن؟

مېنىڭ خىيالىمغا بىر غايىب ئادەم كىرىۋالدى، ئەمدى سانىخان بىلەن سۆزلىشىمەن. ناۋادا ئاچىسى تەرىتىمگە سۇ بېرىپ ئىنساپ بىلەن ئۆي تۇتۇشقا رازى بولسىلا مەن ئۇلارغا ھىمايىچى بولۇشقا تەييار: سانىخاننى تىل - تاياق، يۈندىپۇرۇچلۇقتىن قۇتۇلدۇرىمەن، قىزىنى ئوقۇتىمەن، ئاچىسىنى كوچا سۈپۈرۈشتىن ئازاد قىلىپ، مۇشۇ قورۇنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىمەن، قېرىغىنىمدا يالغۇزچىلىق تولىمۇ جېنىمغا تېگىۋىدى، ئەمدى باللىرىم بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا كۆڭلۈم سۇ ئىچىدىغان ئىشنىڭ يولىنى قىلىۋېرىمەن...

شېرىن خىياللار بىلەن زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. دېرىزە تۈۋىدە پىچىرلاشقان قىزىغىنىڭ شېرىن گەپلىرىمۇ، بىردەملىك نەپسى ئۈچۈن قارىياغاچلىرىمدىن پاناھ تىلەشكەن ھاياسىزلارنىڭ نازۇ - كەرەشمىلىك ئاۋازلىرىمۇ بۇ كېچە مېنى جەلپ قىلالمىدى. مەن خىيالىمدا بايرام قىلىپ، ئاز قالغان ھاياتىم ئۈستىدە ئويلاندىم: باللىرىمنىڭ ھەممىسىلا مەندىن مەنپەئەت ئېلىش كويىدا، سورىغان پۇللىرىنى بەرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار يامانلاغىلىق. ھەتتا نەۋرىلىرىممۇ ئەۋەتمەيدۇ. ئۆيلەنمىگەن كىچىك ئوغلۇم ئۆزى يالغۇز بازار ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئېلىپ بېرىۋىدىم، مېنى ئۆيجايىنى سېتىشقا زورلاشتىن توختىدى. ئۇ ھازىر بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى قىمارخانا قىلىۋاپتۇ. ھويلىسىنى يېپىپ، بىلياردخانا قىلىۋاپتۇ، شۇنىڭ كىرىمى بىلەن نان تېپىپ يەپ، ئۆزىنىڭ «يازغۇچىلىق» كەسپى بىلەن ئاۋارە. ئۇ بەلكى بۇ كۈنلەردە مۇنۇ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئاتىسىنى ئۇنتۇپمۇ قالغاندۇر تېخى... ئاھ، يالغۇزلۇق، بولۇپمۇ قېرىغاندا سېنى باسقان يالغۇزلۇق، جانغا چۈشكەن ئىكەن دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە!

دېرىزەم ئاستىدىن تۇيۇقسىزلا تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى:

— سىلىگە ئۈنىمىغان بىلەن ئا كېچالىك، بۇ خوتۇن تازا بۇزۇق، ئون ئۈچ يېشىدا ئۆگەي ئاكىسى بۇزۇۋەتكەن، سىلى بىر ئامال قىلىپ، ئېرى لوم - لوم نى بىرياققا يولغا سالسىلا، كېچىدە كەلسىلە، ياق دېگىنىنى مەن بىر كۆرەي. ئىسراپىل قېرى تۇيۇپ قالمىسىلا بولدى!

ئىختىيارسىز يۆتىلىم تۇتۇپ كەتتى. بۇۋاي زۇرىخاننىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— كوفىخانىغا ھېلى ئۆزۈم دورا - دەرمەكلىرىنى تەگشەپ ئىككى تەخسە سىڭمىر ئەكىرىپ بېرەي. سىلىمۇزە ئا كېچالىك، سېنىڭ خوتۇندەك سىڭمىرغا ئامراقكەنلا! — دېگىنىنى ئاڭلاپ تۇردۇم.

ــ بىچارە سانىخان، شۇنچە گۈزەلسەنۇ، كىشىلەرگە سەت كۆرۈنىسەن، شۇنچە ئاق كۆڭۈلسەنۇ، يەنە شۇنچە دۈشمەنلىكسەن؛ سېنىڭ پاكىز يۈرىكىڭمۇ، ئايدەك چىرايىڭمۇ ئۆزۈڭگە دۈشمەن!

مەن ئەمدى نېمىلا بولمىسۇن سانىخاننى ھىمايە قىلىشنى ئۆزۈمنىڭ قەرزىم ھېسابلايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئا كېچالىڭ كۈندە دېگۈدەك كېلىدۇ، قۇدرەت ئاخۇننىڭ دۇكىنى ئالدىدا توختايدۇ ـ دە:

ــ قۇدرەت ئاخۇن، مۇزدەك چاي ئەپچىق! ــ دەپ گۈركىرەيدۇ، قۇدرەت ئاخۇن تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:



ــ چاي دېدىم! ــ دەپ زاكاز قىلىدۇ، سانىخان دەككە ـ دۈككىدە:

ــ مانا ھازىر! ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەن دېرىزىدىن قارايمەن. بىچارە سانىخان بىراندا قالغان يالغۇز تالدەك ئۇلارغا ئېگىلىدۇ، قۇدرەت ئاخۇن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن ئالىيدۇ، ئا كېچالىڭ بولسا تىرىك يەۋېتىدىغاندەك ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۇنىڭغا قادىلىۋېلىپ:

ــ سانىيەم، زادى ئىشلەشنى خالامسىز؟ ــ دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ. مانا بۇ چاغدا بۇۋى زۆرىخان ئۇستىبېشى كۈيە پېتى ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ ـ دە:

ــ سانىخان كاتىپمۇ، دوختۇرمۇ، ئارتىسمۇ، كۈتكۈچىمۇ بولالايدۇ، قارىسىلا ئا كېچالىڭ، سانىخاننىڭ چىرايلىقلىقىنى، قېنى، يامان بولسىلا سانىخاننى ئاۋۇ كوفىخانىغا ئىشقا كىرگۈزۈپ قويسىلا، بوتۇلكا يىققۇچە ئۇ يەردە ئىشلىگەن ياخشى ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

مەن بۇ خوتۇننىڭ ھەم خۇشامەت، ھەم مەسخىرە، ھەم ئاچچىق ئاھانەت پۇراپ تۇرىدىغان كۈلكىسىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز كارىۋىتىمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىمەن. ئەتىلا كۆچۈرۈۋېتىمەن، ئەتىلا قوغلايمەن، سەن زەھەرلىك چايانىنى! دەپ ئىچىمدە ئۇنى تىللايمەن.

لېكىن ئەتىگەنلىكى ماڭا ھەممىدىن بۇرۇن ئاشۇ خوتۇن سالام بېرىدۇ. ھويلىسىنى ھەسەن ئاخۇن سۇپۇرىدۇ، ئەرلىنىڭ خوتۇنى ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزىنىڭ چېچىغا باتتىك باغلاۋېتىپ ئۇ خوتۇننى ماختايدۇ:

— زۆرىخان ھەدە، بەك ياخشى جۇمۇ، بىزنىڭ مۇنۇ ئايشەممۇ سىنى موما دەيدۇ، ئايشە، موما دە!

— موما!

— ھوي لولى، ئاشۇنداق قىلىپ ھەر كۈنى بىر تەخسە ئۆپكە-ھېسىپ يەيدۇ بۇ ئايشەم!

قوشنىلىرىم قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ. بۇ شادلىقتىن مەنمۇ بەھرىمەن بولىمەن. كۆچ دېيىشكە يەنە تىلىم بارمايدۇ-دە.

ئەرلى ئايالى بىلەن قىزىنى ماشىنىغا سېلىپ ھويلىدىن چىقىشى بىلەن بۇۋى زۆرىخان ئۇلارنى تىللايدۇ:

— ساپلا پاھىشىۋازلارنى توشۇيمىش بۇ تۈگكان جۇمۇ! قىزى موما دەيمىش تېخى، كۈندە بىر تەخسە گۆش بېرىپ تۇرسا ئاسلانمۇ موما دەيدۇ، ھۇ لولى تۈگكانلار، ئىسراپىلكا، بۇلارنى قاچان كۆچۈرىدىلا، سىلى كۆچ دېيەلمىسىلە، مەن دەي: بۇ تۈگكانلا بىزنى گۇناھغا بۇلغىۋەتتى جۇمۇسىلا، يېرىم كېچىگىچە كوفىخانىدىن بۇزۇق خوتۇنلار بىلەن پاھىشىۋاز ئوغرىلارنى شەھەر سىرتىغا توشۇيمىش، ئىگەكىم ئىمانىمىزنى بۇلغاپ بولۇشتى. ئاۋۇ سولامچى قوشنىلىرىنىمۇ كۆچۈرۋەتسىلە دەيمەن، خوتۇننى ئاكېجاڭغا سولاپ بېرىدۇ، ئاۋۇ ھەسەن دېگەن شۈۋىچى!

— تۈزۈك گەپ قىلسىلا دەيمەن! — مەن غەزەپ بىلەن سىلكىنىمەن، بولمىسا يەنە نېمىلەنى ئاڭلايتتىمكى!

بىر كۆڭۈلسىز، قورقۇنچلۇق كېچىنى — خېلىدىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتىمەن. مەن قۇدرەت ئاخۇننىڭ ھېچنەگە كەتمەسلىكىنى تىلەيمەن. لېكىن بۇ كۆڭۈلسىز كۈن ئاخىر كەلدى: قۇدرەت ئاخۇن يېڭى كاستۇم-شىم، يېڭى چىمەن دوپپا كىيىپ ھويلىدا پەيدا بولغاندا يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى:

— قۇدرەت ئاخۇن، نەگە؟

— ئاكېجاڭ ئۆيىگە چىللىۋىدى، — دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن سېرىق چىشلىرىنى ياپالماي، — ئۇنىمىسام ئۇنىمىدى، ئۆزرىخاھلىق ئاقمىدى، «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ تېخى. ئەنە ماشىنا كەلدى، بىللە بارمايلىمۇ ئىسراپىلكا؟

ئۇ مېنىڭ رەھمىتىمنى ئاڭلاشقىمۇ تاقەت قىلماي، سانىخان ئەپچىقىپ بەرگەن يېڭى قول ياغلىقىنىڭ يېرىمىنى يان يانچۇقىغا تىقتى-دە، سىگنال بېرىۋاتقان ماشىنا تەرەپكە يۈگۈردى. مەن تاقەتسىزلىك بىلەن قوشنا ئۆيدە بولىدىغان ئىشنى كۈتتۈم، قاراڭغۇ چۈشتى، كوچىلار جىمىدى، چىراغلار ئۆچتى، يەتتە قەۋەت بىنادىكى ئاخىرقى ۋاڭ چۇڭ كۈلكىلەرمۇ ئاخىرلاشتى. مەن ھېلىدىن ھېلىغا تالاغا چىقىمەن، قۇدرەت ئاخۇننىڭ ھويلىغا قارىغان دېرىزىسىدىن قىزغۇچ يورۇقلۇق زادىلا يوتمىدى. كۆزۈم ئۇيقۇغا

كېتىپتۇ، دەرۋازىنىڭ شاراقلاپ ئېچىلىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغاندىم. ھويلىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ كۆسۈلداپ ـ ھاسىراپ سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلاندى:

ــ قۇدرەت ئاخۇن مەست بولۇپ قونۇپ قالدى، سىزنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ ئەتەي...

ــ سىلىگە رەھمەت ئا كېچاك، ئەمىسە قايتىپ كەتسىلە!

ــ مەندىن قورقمىسىلا، بىر چىنە سوغ سۇ ئىچىپلا...

ــ مەن ئەپچىقىپ بېرەي...

ــ ئاستا...

ــ ئۇنداق قىلمىسىلا، سەت بولىدۇ، قويۇۋەتسىلە، يىغلىۋېتىمەن، توۋلايمەن...

ــ بەش مىنۇتلا... تىپىرلىماڭ، دېگىنىڭىزنى قىلىپ بېرەي...

ــ ياق، ئىسراپىلكا...

سانىخان ئىسمىمنى چاقىرمىغان بولسا بەلكى چىقماستىم، سانىخانىنىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى مېنى ئۆيدىن سۆرەپ چىقتى:

ــ كىم بۇ قىزىم، سىزگە ئۆكتەملىك قىلىۋاتقان؟

ھويلىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ ئولتۇرغان سانىخاندىن باشقا ئادەم يوق. مەن كوچىغا چىقتىم. كوچىدا ۋېلىسىپىت مىنگەن گەۋدىلىك بىرى ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

ــ كىم ئۇ سانىخان؟

ــ تونۇمايمەن.

ــ ھېلىقى ئا كېچاك ئەمەسمۇ؟

ــ ۋايتاڭ...

ئاق كۆڭۈل سانىخان دىل ئازار بەرگۈچىسىنىمۇ ھىمايە قىلماقتا ئىدى.

سانىخان ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بۇۋى زۆرىخان ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى:

ــ ئۆزى چىللىغان گەپ، چاندۇرۇپ قويۇپ قىلىۋاتقان ھىيلىسى، ھويلىنى بۇلغاپ بولدى، ئەتىلا كۆچۈرۈۋەتسىلە ئىسراپىلكا، سىلى دېمىسىلە مانا مەن دەيمەن!

ــ كىرىپ ئۇخلىسىلا دەيمەن! ـــ مەن بۇ ئايالنى يەنە سىلكىدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئا كېچاك بىرنەچچە ئادەم بىلەن كېلىپ، بىزنىڭ قورۇنىڭ تاملىرىغا بىر نېمىلەرنى يازدى. قىزىل سىر بىلەن يازغانلىرى نومۇر ۋە بەلگىلەر، ئۇ ناھايىتىمۇ سۇرلۇك، قوپال ئىدى.

ــ ئا كېچاك، دۇكاننىڭ ئىشىكىگە يازغانلىرى قانداق نومۇر بۇ؟ ـــ قۇدرەت ئاخۇن خۇشامەت بىلەن سورىدى.

ــ ساڭا خۇدايىم كۆز بەرمىگەنمۇ؟

ــ كۆز بەرگەن! ـــ دېدىممەن دېرىزەمنى يوغان ئېچىپ بېشىمنى چىقىرىپ، ـــ كۆز بەرگەن بىلەن يەتكۈدەك ئەقىل بەرمىگەن!

ــ نېمە دەۋاتىدىلا ئىسراپىلكا! ـــ قۇدرەت ئاخۇن ماڭا قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى، ـــ ئەقلىم ئۆزۈمدىنمۇ ئاشىدۇ مېنىڭ!

ـــ ئەقىللىرى بولسا دۇكانلىرىغا نېمە بەلگە قويغانلىقىنى بىلمەيتتىلىمۇ؟ مەن سىلىگە دەپ بېرەي: ئا كېچاڭنىڭ نەپسىنى قاندۇرمىدىڭ، شۇڭا ئۆيۈڭ چېقىلىدۇ، دېگەن بەلگە بۇ!

ـــ سەن قېرى نېمە دەۋاتىسەن؟ــ ئا كېچاڭ ماڭا ھۆرپەيدى.

ـــ نېمە قىلغان بولساڭ شۇنى دەۋاتىمەن.

ـــ كۆرىسەن تېخى، بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭ، ھاقارەت قىلدىڭ، ھەممىسىنىڭ ھېسابى بىراقلا بولىدۇ!

ـــ ئەلۋەتتە!ــ دېدى نەدىنىدۇر پەيدا بولۇپ قالغان كەنجى ئوغلۇم ۋېلىسىپىتكە تايىنىپ تۇرۇپ، ــ مانا بۇنى ئوقۇپ كۆرۈڭ، كەچلىك گېزىت!

ئا كېچاڭ گېزىتنى قوپاللىق بىلەن قولىغا ئالدى ـ دە: بىرلا كۆز يۈگۈرۈتۈپ، ئوغلۇمنىڭ يۈزىگە ئاتتى:

ـــ ماۋۇ ئىت مىجەز داداڭغا ئوقۇپ بەر!

ئۇ ھېلىقى ئەبجىقى چىققان ماشىنىسىغا ئۆڭسىلى ئۆچكەن ھالدا شۇڭغىدى...

مىركامىل بالام گېزىتكە نېمە يازغاندۇر ـ ھە؟ بالامنىڭ گېزىتكە يازغىنىنى شۇ كۈنىلا ئوقۇدۇم، يارايدۇ، بالام بۇ قېتىم دادىسىنى رازى قىلدى. گېزىتكە نەق بىزنىڭ ھويلا يېزىلىپتۇ. ئا كېچاڭنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى دەپ يۈرگىنىنى بالام نەدىن بىلگەندۇ ـ ھە؟

ئاھ، قېرىلىقنىڭ ئەڭ يامان ئەيىبى ئۇنتۇغاقلىق، قېرىمىغان بولسام گېزىتكە يېزىلغاننىڭ ھەممىسىنى يادلىۋالغان بولاتتىم. ھە نېمە بولسا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئۇنتۇماپتىمەن. تۆت كوچىدىكى بۇ ئەسكى ئۆي نېمىشقا ھازىرغىچە چېقىلمايدۇ؟ سەۋەبى بۇ ئۆي ئا كېچاڭنىڭ قارماق سالىدىغان كۆلى. بۇ كۆلدىن قارمىقىغا پۇل، زىياپەت، خۇشاللىق ئىلىنىپ چىقىپ تۇرىدۇ. بالامنىڭ تاپقان گېپىنى قارىمامدىغان، مەن بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىزمۇ تاپالمايمەن ـ دە.

بالام بۇ ھويلىدىكى ئىشلارنى نەدىن بىلگەندۇ ـ ھە؟ غالىپجاندىن بىلگەنمىدۇ؟ ئۇ بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا مىركامىل ئاكاملار بىللە بىلەن بولىدۇق دېگەندەك قىلىۋىدىغۇ. ياق، غالىپجان ئىچىش، يېيىش، ئويناشتىن باشقىغا قىزىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئا كېچاڭنىڭ زىيىنىغا گەپ قىلمايدۇ.

سانىخان ھېلىقى قىزىغا دېگەنمىدۇ ـ يا؟ ئۇنىڭ قىزى مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن تونۇشىدۇ دەۋاتاتتى. مېنىڭ سانىخاننىڭ قىزىنى بىلىپ باققۇم كەلدى. سانىخاننىڭ ئىشىكىگە بېرىپ يۆتەلدىم. ئۆيدىن سانىخان يۈگۈرۈپ چىقتى. بۇ تازا چۈش مەھەل ئىدى.

ـــ ئۆيلىرىدە مېھمان بارمۇ نېمە سانىيەم؟

ـــ كوفېخانىدا ئىشلەيدىغان بىر چوكان ئىنىسىنى باشلاپ كىرىپتىكەن، ئىسراپىلكا، ئىشلىرى بارمىدى؟

ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى يەرگە تىكىلىپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئەتراپىدا قىلتىرىقتەك سىزىقلار پەيدا بوپتۇ. چىرايلىق لەۋلىرى كىشىنىڭ ئىسكە غەمكىن ئادەمنىڭ چىرايىنى سالىدۇ، سىيلىق تارالغان ئۇزۇن چاچلىرى، ئاپئاق بويۇن، قويۇق ـ يالتىراق كىرپىكلىرى

كىشىگە يىگىتلىك چاغلارىنى ئەسلىتىدۇ، تىترەڭگۇ تازا ئاۋازى يۈرەكنى ئويغىتىدۇ. بۇ ئايال بىلەن پاراڭلىشىش قانداق كۆڭۈللۈك - ھە؟

— قۇدرەت ئاخۇنچۇ؟

— مال ئالغىلى كېتىۋېدى...

— ئەمىسە بىزنىڭكىگە كىرىپ چىقالامىلا؟

— بولىدۇ ئىسراپىملىكا! — ئۇ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ قارىۋىدى، قېرى تېنىمدە بىر يوشۇرۇن ئوت يۈگۈردى.

— مېھمانلىرىمغا دەپ قوياي.

مەن ئۆيۈمدە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. يەنە شۇ دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرىمەن، لېكىن سوراق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغاندەك بىئارامىمەن.

— كېلىڭ قىزىم، كېلىڭ سىڭلىم، كېلىڭ سانىخان، سانى قىز...—نېمىلەرنى دېدىمكىن تاڭ، سانىخان قاقاقلاپ كۈلدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى كۈلكىسى، بەلكى مېنىڭ تۇنجى ئاڭلىشىم شۇدۇ.

— قىزىم، سىڭلىم، قىز دېگىلى تۇردىلىغۇ، ئىسراپىملىكا، قىزىقتە سىلى...

— ھېچبولمىسا ئاتمىشتا بولغان بولسامچۇ، ئېسىت!

— ياشلىقنى كىم ئارمان قىلمايدۇ دەيلا ئىسراپىملىكا؟ — ئۇ مېنىڭ يېنىمدىلا ئولتۇردى، ئۇنىڭ تىنىقى، يۈرەك سوقۇشى ئاڭلىنىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىكىگە قويۇۋالغان قوللىرىغا قارىدىم. قورۇق چۈشكەن، قاداقلار پەيدا بولغان ئەمگەكچى قولى، بۇ قوللار مېنىڭ نەپسىمگە سوغ سۇ سەپتى. مېنى ئىنساب، ئەخلاق، ھالاللىققا دەۋەت قىلدى. مەن كۆڭلۈمدە غىل - پال پەيدا بولغان نەپسانىيەت ئۈچۈن خىجىل بولۇپ چىممىدە تەرلىدىم. پېشانە تەرىمنى سۈرتىۋېتىپ، قولۇمغا تەسۋىيىمنى ئالدىم:

— ئېيتىڭا سانىخان، قىزىڭىز بىلەن ھەدىڭىزنى نېمىشقا مەندىن يوشۇرۇپ يۈرىسىز؟ سانىخان قۇلاقلىرىغىچە قىزاردى.

— ئېيتمىسامۇ بىلگەنلا...

— قانداقسىغا؟

— مىركامىل ئەپەندىم دېگەن چېغى بار؟

— بىلمەيدىكەنسىز - دە ئۇكام. باللىرىم مەندىن خەلقى ئالەم بىلىدىغان ئىشلىرىنىمۇ يوشۇرىدۇ.

— ئابىدىخان قىزىم، — دېدى سانىخان لەۋلىرى تىترەپ، تەستە سۆزلەپ، — مىركامىل ئەپەندىمنىڭ كىتابخانىسىغا ھەر كۈنى كېلەرمىش، ئۇلار بىرنەچچەيلەن ئۇ يەردە كىتاب ئوقارمىش، يازغانلىرىنى ئوقۇشارمىش، گەپلىشەرمىش...

— قىزلىرى شۇنداق دېدىمۇ؟

— شۇنداق.

— قىزلىرىمۇ سىلىدەك چىرايلىقمۇ؟

— مەندىن چىرايلىق، چىرايى دادىسىغا تارتتى...

www.uyghurkitap.com

ــ دادىسىغا؟ دادىسى نەدە؟

ــ بىلمەيمەن! ــ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلدى.

ــ بۇ قانداق گەپ؟ ــ مەن بىئارام بولۇپ سورىدىم.

سانىخان جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى ماڭا بەختسىزلىكتىن ھېكايە سۆزلىمەكتە ئىدى.

ــ ئابدەنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

ــ بىلمەيمەن، ئىسرائىلىكا...

ــ سىز نېمە دەۋاتسىز سانىخان، سىز ساقمۇ، يا؟

ــ مەن ساق، ئۇ چاغدىمۇ ساق ئىدىم...

مەن بىر نېمىنى قىياس قىلدىم.

ــ ھېلىقىدەك، دەرەخ تۈۋىدە تونۇشقانمىدىڭلا، ھەي ياشلىق، ھەي شەيتانلىق... ھەي چىراي...

سانىخان ئېسەدەپ يىغلىدى:

ــ ياق، چايخانىدا، يېزا چايخانىسىدا قاچا يۇيۇۋاتسام، ئۇ يېتىم كىرىپ نان - چاي سورىدى. قارىسام ياپياش، لېۋەن يىگىت. مەن ئۇنىڭغا چاي بەردىم.

ــ ھىم...سىز قىزمىدىڭىز، تۇلمىدىڭىز؟

ــ ئېرىم بار ئىدى، ئەر بولغۇچى يېتىم مېنى خورلاپ، يوشۇرۇنچە بىر قىز بىلەن نىكاھلىنىۋالغانىكەن، مەن بىر يىل خورلاندىم. ئاندىن ئەردىن قىساس ئالاي دەپ ھېلىقى يېتىم بىلەن...ئەتىسى ئۇنى تۇتۇپ كەتتى، ئۇ تۈرمىدىن قاچقانىكەن...

ــ ئابدە شۇ قاچاقتىن بولغانمىدى؟

سانىخان ئۈنچىقمىدى.

ــ نېمىشقا بالىنىڭ دادىسىنى دېرەكلىمىدىڭىز؟

ــ ئۇ يېزىدا تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، يېزىدىن قاچتىم...

مېنىڭ يۈرىكىم ئېچىشتى. ئالدىمدىكى چىرايلىق ئايال بىردە سەت - يىرگىنىشلىك، بىردە تولۇن ئايدەك چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن ئاخىرىغىچە سوراپ بىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

ــ ئېرىڭىز سىزنى نېمىشقا خورلىدى، ناشايان ئىش قىلىپ قويغانمىدىڭىز - يا؟

ــ قىز چىقمىدىڭ دەپ...

ــ نېمىشقا ئۇنداق دەيدۇ؟

ــ ئۆگەي ئاكام كىچىكىمدە ماڭا چېقىلىپ...

ــ يىغلىماڭ، سانىخان، بۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس، تەلەيسىز بالىكەنسىز، قىساس ئالىمەن دېگىنىڭىز قاملاشمىغان - دە، بوپتۇ، بىچارە قىزىم، ئابدەلى بەختلىك قىلاي دەپسىز - دە؟ دۇرۇس، بەختسىزلەر ئۆز بالىلىرىنى بەختلىك قىلىشقا تولىمۇ تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۇلۇغ - دە. مانا، قىزىڭىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن، بىر پاناھسىز ئايالنىڭ دادىسىز قىزى - ھە؟ ئاسانمۇ بۇ؟ يېمەي - ئىچمەي، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، قۇش

بالىسىغا دان يىغىقاندەك ـ ھە؟ سانىخان، ئەمدى سىزنى چۈشەندىم، سىزگە ئاپىرىن، ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلمەيسىز، لېكىن ئەۋلادىڭىزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيسىز، قىزىم. سىز قىزىڭىز ئۈچۈن ھەممە خورلۇققا پەسەنت قىلمىدىڭىز ـ دە؟ سىزنىڭمۇ ئاتىڭىز ياش كەتكەنمىدى؟

ـــ شۇنداق، مەنمۇ ئاتامنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن...

ـــ بۇ قانداقسىغا؟

ـــ ئانام ئون بەش يېشىدا تاغ كەينىدىن كەلگەن بىر سودىگەرگە نىكاھلىق بولغانىكەن، سودىگەر يېتىم ئانام بىلەن ئۈچ كۈنلا ئۆي تۇتۇپ كېتىپ قاپتۇ...ئاپام ھازىرغىچە دادامنىڭ ئىسمىنى ئېيتمىدى. قىزىممۇ، مەنمۇ دادىمىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمىز...

يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. سانىخانغا سىنچىلاپ قارىدىم: ئۇنىڭ سۈزۈك يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن، قاپقارا كىرپىكلىرى ماڭا مەڭگۈ ئېسىمدە قالغان خىرە دېرىزىدىن كۆرۈنىدىغان بىر چىرايىنى ئەسلەتتى:

سارايىنىڭ تۆپە تۈڭلۈكىدىن ئاي ماراپ تۇرىدۇ، بىز سەگەز يوتقان ئىچىدە، مېنىڭ نىكاھلانغىلى ئۈچ كۈن بولغان ياش ئايالىم ئايغا قاراپ ئۇخلىيالماي ياتاتتى. مەن يېنىچە يېتىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكتىمەن:

ـــ تالاقمۇ دېمەي، ماقۇل، مانچېستىر دوپپام بىلەن پەشمىتىم نىشانەم بولۇپ قالسۇن، مېنى بىر يىل كۈت!

ـــ قايسىبىر سودىگەر ۋەدىسىدە تۇرغان.

ئۇنىڭ گۈزەل كىرپىكلىرى ياش ئارىسىدا خىرەلەشتى، ياقۇتتەك سۈزۈك يۈزى ياش بىلەن يۇيۇلدى.

سانىخانىنىڭ ھازىرقى چىرايى شۇ كېچىنى خىرە دېرىزە بولۇپ كۆرسەتتى.

مەن ئۇ چاغدا سودىگەر يىگىت ئىدىم. بىز ھەممىنى ئېلىشقا ـ سېتىشقا تەييار ـ دە. يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەن تالاي قېتىم ئۇنداق قىزلار بىلەن نىكاھلاندىم. مەن ئۈچۈن بۇ ئىشلارمۇ بىر خىل تىجارەت ئىدى. تۆۋۋا، مۇھەببەت دېگەننى نېمىشقا قېرىغاندا چۈشەندىمكىنتاڭ؟

ـــ سانىخان، ئانىڭىز ھاياتمۇ؟

ـــ ھايات، قىزىم بىللە بىلەن تۇرۇۋاتقان مېنىڭ ئانام، مەن ئۇنى يوشۇرۇپ ئاچام دەۋالدىم.

مەندە بۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ماغدۇر قالمىدى، بەدىنىم تىترىمەكتە، ئۆپكەم ئۆرۈلمەكتە، مېڭەم ئۆرلىمەكتە. ھەر قېتىم باللىرىم خاپا قىلغاندا شۇنداق بولاتتىم. ھازىرمۇ باللىرىم خاپا قىلغانمىدۇ ـ ھە؟

ـــ سانىخان قىزىم، ئانىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟

ـــ ھاشىخان.

ـــ ھاشىخان؟ ـــ مەن ئىختىيارسىز تەكرارلىدىم. دۇرۇس، ئۇنىڭ ئىسمى ھاشىخان ئىدى، كۆز ئالدىمغا چۆكتۈرۈلگەن تۆگمىلىرى، تاي ـ تاي ماتا ـ چەكمەن، ئۇزۇن قومۇلۇق

ئېسلەرنى ئويلىمىدىم دەيسىلەر؟ بىچارە سانىخان ھەر كۈنى كىرىدۇ-دە، سالام بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆيۈمنى تازىلاپ، سۇ چېچىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۈچ ۋاق تاماقىمۇ شۇلارنىڭ ئاشخانىسىدىن كېلىدۇ. بۇۋى زۆرىخاننىڭ لىغىرلاپ تۇرىدىغان گەۋدىسىمۇ، ھەسەن ئاخۇننىڭ كېكەچلەپ سۆزلەپ ئالدىراپ يۈرۈشىمۇ، غالىپجاننىڭ موتسىكلىتىنىڭ ئاۋازى، ئەرلىنىڭ يېڭىدىن كۆك سىردا سىرلاتقان ماشىنىسىنىڭ ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچىدە كىرىشىمۇ ياز بويى تەكرارلىنىپ تۇردى. تۇرمۇشنىڭ بۇ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈشىگە ماسلىشىپ، مېنىڭ خىيالىممۇ تەكرارلىنىدۇ. يىراقتا قالغان خاتىرە — كارۋان سارىيى، تاي-تاي ماتا-چەكمەن، كۆشەپ ياتقان تۆگىلەر، ھاڭراشىمۇ خۇشياقمايدىغان ھورۇن ئېشەكلەر، تۆگىمەس چۆللۈكتە بىر خىل كولدۇڭلاپ تۇرىدىغان كولدۇرما قوڭغۇراق، قىرىق ئىككى پەللىلىك مۇز داۋان، تىك مۇز چوققىلار، قىشۇ-ياز قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان تەگسىز ھاڭ-جىرالار... بۇلار مەن ماڭغان يوللار، ئۇ



چاغدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتمۇ ھازىر راھەت بىلىنىدۇ. كىچىككىنە، كونا گىلەم سېلىنغان ئۆيدە پىستە-بادام، قاق-مېغىزلار بىلەن ئاچچىق-ئاچچىق چاي ئىچىپ، ھورى چىقىپ تۇرىدىغان ناننى پارچىلاپ مېنى دەستىخانغا تەكلىپ قىلىۋاتقان ھاشىخاننىڭ چىرايلىق يۈزىگە، ئۇماق لەۋلىرىگە قاراپ، يانپاشلاپ يېتىش قانداق راھەت ئىدى-ھە؟ بۇ راھەت بىر-ئىككى كۈنلا داۋاملاشقان بولسىمۇ، ماڭا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك لەززەت بەرگەنىكەن. مانا بۇ ھەقىقەتنى ئىككى پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئەمدى بىلدىم. بىلگەن بىلەن ئۇنى تەكرارلىغىلى بولمايدۇ-دە، سانىخان ماڭا قوشنا بولۇپ ھويلامغا كەلمىگەن بولسا، بەلكى بۇ خاتىرىلەرمۇ يادىمدىن مەڭگۈگە كۆتۈرۈلگەن بولاردى. مۇشۇنى ئويلىساملا قۇدرەت ئاخۇننىڭ قىلمىشلىرىنى كەچۈرۈۋېتىمەن.

بۇۋى زۆرىخان لىغىرلاپ، پات-پاتلا ئۆپكە-ھېسسىپ ئېلىپ كىرىپ كېلىدۇ-دە:

ــ ئۆيلىنىۋالسىلا دەيمەن، ماۋۇ جوۋاننىڭ ئاچىسى بەلەن! ــ دەپ قويىدۇ.

بەزىدە بۇ ئىلتىپاتتىن خۇشال بولىمەن، ھەممىنى ئاشكارىلاپ سانىخانىنىمۇ، ئۇنىڭ دادىسىز قىزىنىمۇ ئۆز پاناھىمغا ئېلىش نىيىتىگە كېلىمەن. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بالىلىرىمنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە، كۆپچىلىكنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمەن ـ دە. ئاز قالغان ئاخىرەت كۈنۈم يېقىنلىشىدۇ، مېنىڭ بەدىنىم ئاھانەت ـ خاپىلىق كۆتۈرەلمەيدۇ. مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن، مەن ئالدىمدىكى مۇنۇ ماڭا باغلىنىشلىق بولغان ھايات كىتابىنىڭ ئاخىرىنى بىلىشكە تولىمۇ قىزىقىمەن. مىركامىل بىلەن ئابىدەلەرنىڭ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت پەيدا بولۇپ قالىسچۇ؟ مەن قانداق قىلىپ بۇنى توسۇپ قالالايمەن؟ مانا بۇلارنى ئويلىسام ملا بېشىم قاتىدۇ.

دېرىزەم ماڭا كۈندىن ـ كۈنگە خىرەلىشىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ. خىياللىرىم خىرەمۇ ياكى كۆزۈم گىرىمسەنلىشىپ قالدىمۇ، قولىقىمچۇ؟ كۆز پەسلىنىڭ ئىزغىرىن شاملى ساق قۇلىقىمنىمۇ كاردىن چىقارغان چېغى. خىرىلداپ كۈلگەن زۆرىخان ئىكەنغۇ، مەن ئا كېچاك دەپ ئويلاپ تالاغا قاراپتىمەن.

ــ تووۋا، چېقىلىدىغان ئۆي ئەمدى چېقىلمايدىغان بولدى، چىرايلىق يۈزگە چاپلاشقان لايدەك كۆرۈنىدىغان كونا ئۆي ئەمدى قولاقىقا قىسقان گۈلدەك كۆرۈنىدىغان بولدى. ھەي ئا كېچاك، ھەي ئا كېچاك، سىزنىڭ نەپسىڭىز ــ سىزنىڭ گېلىڭىزلا ساق تۇرۇپ بەرسە تېخى «ئىتتىپاق» تىياتىرى ئالدىدىكى كەچكى بازارمۇ شۇ يەرگە كېلىدىغان ئوخشايدۇ. مانا ئۇن كۈن بولدى، «ئىتتىپاق» تىياتىرى ئالدىغا كېچە ـ كېچىلەپ قاتىرمايدىغان بولدۇق. قۇدرەت ئاخۇننىڭ دۇكىنىدا ئىچىملىك، زاكوسكىسى بىزدىن، مانا ئەمدى قۇدرەت ئاخۇن بىلەن بىز بىر ئائىلە بولۇپ قالدۇق، راستىمۇ سانىخان؟

ــ توغرا دېدىلە بوۋى زۆرىخان ئاچا، بىز بىر ئائىلە. سانىخان جاۋاب بەرمىسە مەن جاۋاب بېرىمەن. غالىپجان بىلەن ئابىدىخان تازا بىر جۈپ، مەن قۇدرەت ئاخۇن ئامان بولسام، ئا كېچاك، تۇ جۈيجاك، ما جىڭىللارنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بۇ بىر جۈپنىڭ تويىغا بىر تۈمەن خەجلەيمەن!

ــ سىلىگە خەجلىتەمدىمەن. كاللا ـ پاقالچاق ئۈتلەپ قاسماقلىشىپ كەتكىنىمىز بىلەن يېنىمىزدىكى بانكىدا 30 تۈمەن، ئەردۇچوزىدىكى دۇكاندا 20 تۈمەن ... تۈمەن ـ تۈمەنلەپ پۇلىمىز بار. ھەممىسى غالىپجاننىڭ دېسىلە قۇدرەت ئاخۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەرلى تۇغۇلغاندەك تاكسىچىدىن ئەللىكنى ياللىۋېلىپ، بەش ماشىنىدا ناغرا ـ سۇناي چالغۇزۇپ، ئۇچتاشتىن يىقىلغان تاشقىچە چازا قۇرۇپ، پۈتۈن شەھەرنى ھەيران قالدۇرمىسام، بوۋى زۆرىخان دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن!

ــ شۇغىنىسى قىزنىڭ كۆڭلى ...

ــ نېمە دېدىلە، يەنە بىر دېسىلە؟ پۇلغا سېتىلمايدىغان نېمە باركەن؟ كۆڭۈل سېتىلمايدۇ دەملا؟ نېمە دەيدۇ، ئا كېچاكنى سېتىۋالغان، ئا كېچاكنىڭ قانۇن ـ پەرمان، بەلگىلىمىلىرىنى سېتىۋالغان پۇل بىر ئوقۇغۇچى قىزنى سېتىۋالالامتى؟ فاكۇدۇگىغا قاراپ باقسىلا، ئۇخلاپ قالغان بولسا بىر گەپنى پىچىرلاپ دەۋالاي. خۇداغا شۈكرى، ئۇخلاۋېتىپتۇ

دېدىلىما؟ ئۇنداق بولسا، ئاڭلاپ قويسىلا، ئاكېچاك بۇ قېرىنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن پۈتۈشۈپ بوپتۇ، ئۆيىنى سىلى بىلەن ماڭا ئېلىپ بەرگۈدەك. ماۋۇ قېرى راكىمىش، بىر ئايغا قالماسمىش. بۇ يەرنى چوڭ ئاشخانا، ماگىزىن قىلارمىش، ئا كېچاك ئاز-تولا دەسمىي سالارمىش ...

— ئا كېچاك، تۇ جۇيجاك، ما جىڭلىلارنىڭ بېشى ئامان بولسىلا!

— ئەرلى! — مەن قۇشنىلىرىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ زادىلا چىدىيالمىدىم. جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم.

ئەرلى مېنى دوختۇرغا ئاپاردى، دوختۇرلار ماڭا راك ئەمەسسەن، يۈرىكىڭ ئاجىزلىغان، چارچاش، خاپىلىق، ئارتۇق خۇشاللىقتىن ئۆزۈڭنى تارت، دېدى. باشقىسىمۇ مەيلى، مەن خاپىلىق بىلەن خۇشاللىقتىن قانداقمۇ ئۆزۈمنى تارتالايمەن؟ ئوغلۇمنىڭ ماقالىسىنى رادىئودىن ئاڭلاپ قانچىلىك خۇشال بولدۇم-ھە. سانىخان بىر مەسىنىڭ ھاياسىزلىقىغا چىدىماي سىلكىپ قويۇپ ئېرىدىن قاتتىق تاياق يېدى، قانداقمۇ خاپا بولماي تۇرالايمەن؟ كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم، بۈگۈن مانا تۇرغۇدەك ماغدۇرۇم يوق. بىچارە بالا نېمە بولدىكى؟ تېخى ئانىسى ھاشىخاننى ماڭا كۆرسەتمەكچى بولغانىدى. قىزى ئابدەنسىمۇ ئەكەلمەكچىدى. ئەمدى بۇ ئىشلار قانداق بولدى-ھە؟ قانداقمۇ خاپا بولماي تۇرالايمەن. نېمە دەيسىز بۈۋى زۆرىخان، يەنە بىر دەڭا، سانىخان ئىككى كۈندىن بېرى ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى دەمسىزا؟ بۇنىڭ خۇشال بولغۇدەك نېمىسى بار، نېمىشقا ئىزدىمەيسىلەر؟ قۇدرەت ئاخۇن باشقا بىر ئايالنى نىكاھ قىلغۇزۇپ ئەكىرىۋالدى دەمسىزا؟ قانۇن نەگە كەتتى؟ نېمە، ھەسەن ئاخۇن نىكاھ قىلدىما تېخى؟ نېمانداق ئار-نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەملەرسىلەر؟ مەن سىلەر بىلەن قوشنا بولغانلىقىم ئۈچۈن گۇناھقا پاتتىم. خۇدايىم مېنى بەندەم دېمەيدۇ. ھەسەن ئاخۇن بەش ۋاخ نامازنى نېمىگە ئوقۇغانسىز؟ ناشايان ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغان نامازنىڭ پايدىسى نېمە؟ نامازدىن كېيىن خۇدادىن يىغلاپ تۇرۇپ نېمە تىلەيسىز؟ پۇلمۇ؟ ئەللىك سوم پۇلنى دەپ سانىخاننى «تالاق» قىلغۇزۇپ قۇدرەت ئاخۇن باشقا بىرسىگە نىكاھلانسا بولىدۇ دەپسىز، بۇ نەدىن كەلگەن پەتىۋا؟ كوفىخانىدا بېلەت ساتىدىغان بۇ سەتەڭ قۇدرەت ئاخۇننىڭ ئۆيىگە ھېلىقى چاغدا ئىنىم دەپ بىر يىگىتنى باشلاپ ئەكىرىپ، سانىخاننى تاياققا قويغان ھېلىقى بۇزۇق ئايال شۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئايال ئابلەت دېگەن پاھىشۋازنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمەيدۇ، دەپ بۈۋى زۆرىخان ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان ئەمەسمىدى؟

بىچارە سانىخان ئۆمۈر بويى بىگۇناھ جازالىنامدۇ؟ نېمىشقا ئۇنى ئىزدىمەيسىلەر، ئەرلى سەن بولساڭمۇ ئىزدىسەڭچۇ؟ نەدىن ئىزدەيمەن دەمسەنا؟ بۈۋى زۆرىخاننى ماشىناڭغا سال، شەھەرنىڭ ھەممە كوچا، بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى، بېكەت-بېكەت، ساراي-پاراي، ۋوگزال-پوگزال، ھېچنەرىنى قويما! مەيلى، بىر ئاي ئىش قىلماي ئىزدە، ھەممە چىقىمىڭ، ھەققىڭ مەندىن، ئىزدە. خالىساڭ سەن ئولتۇرۇۋاتقان ئىككى ئېغىز ئۆيىنى تاپان ھەققىڭگە ئال!

نېمىلەرنى دەۋاتىمەن، راستلا راك بولغان ئوخشىمادىمەن، نېمانداق گەپلىرىم قو-لاشمايدۇ ـ ھە؟

— ئاڭلىغانلا ئىسراپىلكا، سىلىگە خۇش خەۋەر، — دېدى قۇدرەت ئاخۇن ياش يىگىتچە ياسىنىپ كىرىپ، — ئەمدى بۇ ئۆي چېقىلمايدىغان بولدى، ئاكېجاك، تۇ جۇيجاك، ما جىگىلىلارنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ...

— نېمانداق بۇ باشلىقلار سىلىگىلا غەمخورلۇق قىلىدۇ، قۇدرەت ئاخۇن ماڭا باشقا خۇش خەۋەر كېرەك، سانىخان نەدە؟

لەۋلىرىمنىڭ تىترەۋاتقانلىقى ئۆزۈمگە ئايان، قوللىرىم نېمىنىدۇ ئىزدەپ، چالا ـ ئۆلۈك پاقىدەك مىدىرلىماقتا.

— نېمە دەۋاتىدىلا، مەن ئۇ بۇزۇق بىلەن تۇگىشىپ كەتتىم، ئۇ بىر چايناپ تاشلىۋەتكەن شاما، ئۇنى ئېغىزلىرىغا ئېلىپ نېمە قىلىلا؟

مەن نېمە قىلارىمنى، نېمە دېيەرىمنى بىلمىدىم، ماغدۇرسىز قوللىرىمغا تايىنىپ تەستە يۆكۈنۈۋالدىم ـ دە، ئالدىمدىكى پىيالىنى قولۇمغا ئالدىم ۋە ئۇنىڭغا ئاتتىم. پىيالە ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئۆتۈپ ئىشىككە تەگدى قۇدرەت ئىشىككە داجىدى ـ دە، ھىجىيىپ قويۇپ ئارقىسىدا تۇرغان بۇۋى زۆرىخانىغا:

— بۇ ئادەم كاللىسىدىن كېتىپتۇ! — دېدى، ھەسەن ئاخۇن ئۇنىڭغا زىت گەپ قىلدى:

— ياق، ئىسراپىل ئاخۇننىڭ كاللىسى جايىدا، سىلى خاپا قىلىپ ...

— كاللىسى جايىدا بولسا جايىنى ئەمدى چاقمايدىغان بولدۇق دېسە ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتماسمىدى، — دېدى بۇۋى زۆرىخان ئېرىنى سىلكىپ، — ئالجىپتۇ!

— ھەئە ئالجىپتۇ! — دېدى ھەسەن ئاخۇنمۇ دەرھاللا.

ئۇلار ماڭا نەپرەت بىلەن قاراشماقتا. مەن ئۆي بەرگەنلىكىم، پايدا يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۈشمىنى. ئۇلار شۇ تاپتا ماڭا ئۆلۈم تىلەشمەكتە، ئەمما ماڭا جان كېرەك، مەن ئۇلارنىڭ چىشىنى قىيىشتۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆلمەسلىكىم كېرەك.

بالام ئەرلى، مېنى ماشىناڭغا سېلىپ شەھەر باشلىقىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغىن. ئۇ-يەرنى بىلمەيمەن دەمسىنا؟ غالىپجان بىلىدۇ، ئۇ بالا بىكار تەلەپ، بەتقىلىق بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ياخشىكەن، ھازىر مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم ئاشۇ مەن يا-مان كۆرىدىغان غالىپجان بولۇپ قالدى. مەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا بىر ھەپتە قاتىرىدىم، دەيدىغان گەپلىرىمنى ئەلھەمدۇدەك يادلاپمۇ بولدۇم، بىكارغا ئالىساڭلارمۇ مەيلى، ئۆيىنى تېز چېقىڭلار، دېمەكچىمەن، لېكىن بىر ھەپتە قاتراپ شەھەر باشلىقى بىلەن كۆ-رۈشەلمىدىم. مانا ئەمدى باشلىق بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ رايىم يوق. ئابلەت كېچاك بولسا مەن بىلەن قېرىشىش ئۈچۈنلا دۇنياغا تۆرەلگەندەك مېنىڭ دېگىنىمىنىڭ تەتۈرىسىنى دې-مەكتە. قايسى بىر كۈنى ئۇ قۇدرەت ئاخۇننىڭ ئاشخانىسىدا مەززە قىلىپ غىزالانغاچ بوم ئاۋازى بىلەن:

— بۇ يەرنى ئەڭ زامانىۋى، ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ ئاۋات ئاشخانا قىلىپ چىقىش

www.uyghurkitap.com

كېرەك. مىللىي تاماقلار بىلەن بىللە ياۋروپاچە تاماقلارمۇ تەييارلانسا بولىدۇدەك. دەسمايىدىن غەم قىلمىسىلا قۇدرەت ئاخۇن، قورۇلۇش، ئاشخانا خىراجىتى ئۈچۈن قانچىلىك پۇل لازىم بولسا مەن بانكىدىن قەرز ئېلىپ بېرەلەيمەن. قورقمىسىلا قۇدرەت ئاخۇن، سىلى خوجايىن، مەن لاۋبەن! دەپ مەيدىسىگە ئۇرغانىدى. مەن ئۇ چاغدا ئابلەتنىڭ سالپايغان قوۋۇز گۆشلىرىنى، يېقىندىن بېرى ھەر كۈنى ساقال قىرىپ، گالىستۇك تاقاپ يۈرۈشنى ئۆگىنىۋالغان قۇدرەت ئاخۇننىڭ خۇشاللىقتىن ھېجىيىپ ئۇتقا چۈشكەن رېزىنكىدەك پۈرۈلگەن يۈزىنى خىرە - شىرە كۆرگەنىدىم.

ئوغلۇم، بۇ خىل چىرايلار قورقۇنچلۇق، بۇ خىل چىرايى بار ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلە!

ئوغلۇم مىركامىل، سەن ھېلىقى داشۆدە ئوقۇيدىغان ئابىدە ئىسىملىك قىز بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسىنى ئىزدەپ تاپ، جېنىم بالام، داداڭنىڭ بۇ ئاخىرقى تىلىكىگە سەل قارىما. نېمە، ئابىدەمۇ پراكتىكىغا كەتكەن دەمسىنا؟ نەگە كەتكەن؟ سەن ئۇنى تاپ، ئەرلىنىڭ ماشىنىسى بىلەن بېرىپ ئەكىلىڭلار، ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا دەڭلا!

... نېمە، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توپان سۈيى كەلدىمۇ؟ قېنى بۇ ئادەملەر؟ نېمىشقا مېنىڭ گەپلىرىم جاۋابسىز، كۆزلىرىم ياشلىق؟ ئادەملەر نېمىشقا بۇنچىلا ئاچكۆز، رەھىمسىز بولۇپ كەتتىڭلار؟ سانىخان، ئابىدە، مىركامىل، مېنىڭ پۇشت پاناھلىرىم سىلەر نەدە؟

بۈگۈن تەستە كۆزۈمنى ئاچتىم، چۈشۈمدە يەنە شۇ ئۆي ماجىراسى، مانا، ئويغۇمدىمۇ شۇ ئىش. قۇدرەت ئاخۇن ناخشا ئېيتماقتا، بۆۋى زۆرىخان قاقاقلاپ كۈلمەكتە، ئابلەت كېچاڭنىڭ ماشىنىسى سىگنال بەرمەكتە، ئۇلار بىرلىشىپ كاتتا ئاشخانا قۇرماقچى، بۇنىڭغا ئەرلىمۇ خۇش. ئۇلار مېنىڭ ئۆيۈمنى مەجبۇرلاپ ئالماقچى، مېنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھېلىقى ۋاپاسىز چوڭ ئوغلۇم بىلەن پۈتۈشۈپتۇ. ياق، مەن تېخى ھايات. مەن بۇ يەرنىڭ خوجىسى، مەن شەھەر باشلىقىنى تاپىمەن - دە، ھېلىقى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن ئۆيۈمنى تۈزلىتىۋېتىڭلار دەپ يالۋۇرىمەن. مەن ھەرگىزمۇ ئۆيۈمنى سىلەرگە شۇ پېتى تاشلاپ بەرمەيمەن ... دېرىزەم بارغانسېرى خىرەلەشمەكتە. مېنىڭ خىياللىرىمۇ، سۆزلىرىممۇ كاتاڭلىق يولدەك ئويغۇل - دوڭغۇل، ئۇنى ئاز دەپ، ماڭسام بېشىم قايىدۇ. يەر ئايلىنىدۇ. خۇددى كېمىدە ئولتۇرغاندەك ... كېتىپ بارامدىمەن، ياكى ئاۋۇ ئېگىز بىنالار ماڭا قاراپ مېڭىپ كېلىۋاتامدۇ، ھېچ بىلەلمىدىم. مەن يىقىلىپ چۈشمىسەم بولاتتى، باللار مېنى يۆلەۋېلىڭلار!

— قېنى مېنىڭ خىرە دېرىزەم؟ مىركامىل بالام، بۇ قەيەر؟

— دېرىزەڭ ئۆيۈڭدە، بۇ دوختۇرخانا.

— نېمە؟ مەن دوختۇرغا كىرىپ قالدىممۇ، نېمە ئۈچۈن؟

— كوزدە ئۆزۈڭچە ئۆيدىن چىقىپ دەلدەڭشىپ مېڭىپسەن، كوچىدا يىقىلىپسەن. سېنى قوشنىلار دوختۇرغا ئاپىرىپ قويۇپ ماڭا مەلۇم قىپتۇ. سەن پۇت - قولۇڭ باسماس بولۇپ، تىلدىن قېلىپ ئىككى ئاي ئاسما ئوكۇلدا ياتتىڭ. ئۈچ - تۆت كۈن بولدى، گەپمۇ قىلالايدىغان بولدۇڭ. دادا، ئاكام - ھەدەملەرمۇ ھەر كۈنى سېنى يوقلاپ تۇردى.

كۆلدۈرۈزى مەن، كېچىسى سانىخان ھەدەم نۆۋەتلىشىپ ساڭا قارىدۇق، ئابىدە سىنىڭ تامىقىڭ، ئۇسسۇزلۇقىڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى.

مەن خۇشاللىقتىن كۈلگەن ئوخشايمەن، ئوغلۇم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى ماڭا مېھىر بىلەن تىكىلىپ، ساقال - بۇرۇتى ئۆسكىلەڭ يۈزىدە خۇشاللىق كۆرۈندى.

— دوختۇردىن چىقساڭ، ئەمدى سېنى يالغۇز قويمايمەن دادا.

— ئۆيىمىزگە كۆچۈپ بارامسەن بالام؟

— ياق، سېنى يېنىمغا ئەكىلىۋالىمەن. كىتابخانامنىڭ يېنىغا دۇكان ئاچتىم دادا، مەن ئەمدى ئىشسىز ئەمەس، دۇكاندا سانىخان ھەدەم بىلەن ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ ئولتۇرىمىز.

يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى، يىراقتا — ئۇنتۇلغان خىيالدەك نېرىدا قالغان ئىشلار يەنە يادىمغا كەلدى. مەن بالامدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، تامغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدىم.

— بالام، سانىخاننى دۇكانغا ئولتۇرغۇزما، بىچارە باشقا ئىش قىلسۇن.

— قۇدرەت ئاخۇننىڭ تۆھمەتلىرى ئۈچۈن ئۇ ئايالنى يامانلاۋاتامسىنا؟ ياق ئۇ ئايال يامان ئايال ئەمەس، قۇدرەت ئاخۇن ئەسكى.

— مەيلى، نېمە بولسا بولسۇن، سەن ئۇ ئايالنى دۇكىنىڭغا ئولتۇرغۇزما. بالام، ھەر ئايدا 100 كويدىن پۇل بېرەيلى، لېكىن بىزدىن يىراقراق ئولتۇرسۇن!

نېمىلەرنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن. بالاممۇ جىمىپ قالدى. ئۇ مېنى خاپا قىلماي دېگەن بولسا كېرەك.

بۈگۈن مېنى دوختۇردىن ئېلىپ چىقتى. مەن ئەمدى ھاسا بىلەن ماڭالايمەن. بىراق پەسلى قىش. يەر تىلىتاڭ، كۈن سوغۇق بولغاچقا، بالامنىڭ كىچىككىنە ھويلىسىدىن سىرتقا چىقالمايمەن. مەن بالامغا قاپاق ئاچمايمەن، گەپمۇ قىلمايمەن. نېمىشقا دېگەندە ئۇ مېنى ئۆز ئۆيۈمگە، ھېلىقى دېرىزىسى كوچىغا قارايدىغان ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇشقا زادىلا ئۇنىمايدۇ، بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا مەنمۇ زادىلا رازى ئەمەس. مەن كارىۋىتىمنى، دېرىزەمنى، دېرىزە ئاستىدا قىلىنىدىغان گەپلەرنى سېغىنىمەن. بالامنىڭ كىتابقا ئامراق دوستلىرىنىڭ مەن چۈشەنمەيدىغان تالاش - تارتىشلىرى مېنى تويغۇزۇۋەتتى: يالغۇز ھېلىقى ئابىدە ئىسىملىك چىرايلىق قىز كىرگەندىلا يۈرىكىم ئويناپ، چىرايىمنى خۇشاللىق ئىگىلەيدۇ. مانا، ئابىدە كىتابخانىغا كىرىپ، كۆك سوكنا پەلتوسىنى يەشتى، بېشىدىكى ئاق تىۋىتتىن توقۇلغان باشمىقىنى ئالدى. ئۇنىڭ زىلۋا بويى، يوغان، قاپقارا، خىيالچان كۆزلىرى، چىرايلىق لەۋلىرى كۈلۈمسىرىگەندە كۆرۈنىدىغان ئۈنچىدەك چىرايلىق چىشلىرى مېنى ھەم ھاياجانلاندۇرىدۇ، ھەم ئازابلايدۇ. كۆزۈمنى يۇمدۇم: تۆگىلەر چۆكتۈرۈلگەن كەڭرى ھويلىلىق كارۋان سارىيى، تاي - تاي ماتا - سەرگەز، چەكمەن، تاغار - خۇرجۇن بېسىلغان لاپاسلار، قېرى ئامۇت دەرىخى ئاستىدىكى كىچىككىنە ھۇجرا، گىلەم ئۈستىدىكى داستىخان، مەززىلىك چاي، يەل - يېمىش، مەن ئۇزۇنچاق تەكىيلەرنى باغرىمغا بېسىپ يېنىچە ياتىمەن، مېنىڭ نىكاھلانغىنىمغا ئۈچ كۈن بولغان ئون بەش ياشلىق ئايالىم،

ماڭا تىكىلىپ، خىيال بىلەن قوللىرىمنى ئۇۋىلاپ ئولتۇرماقتا. ئۇ شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق پاك، نازۇك ....

— ئەسسالام ئىسراپىل بوۋا!

مەن چۆچۈپ قارىدىم. ئابدە كۈلۈپ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

— ئانىڭىز هاشىخان تىنچلىقمۇ، قىزىم؟

— رەھمەت سىلىگە، تىنچلىق. سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس.

— شۇنداقمۇ؟ داۋالىنىۋاتامدۇ؟

— قولىمىز قىسقا، ياخشى داۋالىتالمايۋاتىمىز.

— قانداق كۈن ئېلىۋاتىسىلەر، بالام؟

— ئاچام ئانچە - مۇنچە ئىش قىلىدۇ شۇ. مىركامىل ئاكام بىزگە جىق ياخشىلىق قىلدى. ئاچام ئۆيدىن قوغلىنىپ كوچىدا قالغاندا، ئەرلى دېگەن شوپۇر بىلەن ئاچامنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ دۇكىنىدىن ئىش بەردى. ماڭا مەكتەپ تاماق بېرىدۇ.

مەن بۇ سۆھبەتنى قانداقمۇ باشقا ئېلىپ چىقالايمەن. مەن ئۇنتۇلغان ئىشلارنى قايتا كوچىلاپ، ئاجىز يۈرىكىمدە يېڭى قاداق پەيدا قىلىشنى خالىمايمەن - دە، مەن يالغاندىن ئىنجىقلاپ، كارىۋاتقا راسلانغان ئورۇنغا يانپاشلىدىم. ئابدە ماڭا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بەردى. مىركامىل ئۆيگە كىردى. مەن سىنچى كۆزلىرىم بىلەن بۇ قىز - يىگىتكە دىققەت قىلدىم. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىسسىقچىلىق پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، مەن خۇدا ئالدىدا گۇناھلىق بولىمەن. ھەممىدىنمۇ مۇشۇ بىر غەم ئازابلىق. ئۆينىڭ چېقىلماسلىقىمۇ غەم، هاشىخان بىلەن ئۇچرىشىشمۇ چوڭ غەم، لېكىن يامىنى مۇنۇ ئوغلۇم بىلەن نەۋرەم ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق.

ئوغلۇمنىڭ بىر ئېغىز ئۆيى ماڭا بېرىلگەن، بالام مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ كېچە يۇ - كۈندۈز ھېچنەگە چىقمايدۇ. خۇددى نارەسىدە ۋاقتىدىكىدەك ئايىغىمغا چىرمىشىپلا يۈرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى غەمىلىك. بىزدەك كۆپنى كۆرگەن، ياشلىقىدا شوخلۇقنى كۆپ قىلغان ئادەملەرنىڭ كۆزى ياشلارنىڭ يۈرىكىدىكى سىرىنى ئوڭايلا كۆرۈۋالايدۇ. بالام بىرىگە ئاشىق. ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ياخشى گەپلىرىمۇ خۇشياقمايدۇ. مېنىڭ ئورغۇن سوئاللىرىم جاۋابسىز ياكى خاتا جاۋابقا ئىگە بولىدۇ. مەن سورىدىم:

— ئوغلۇم، ئۆينى ھۆكۈمەتكە ئەرزان ساتساقمۇ ساتايلى، لېكىن قۇدرەت ئاخۇن، ھەسەن زاسۇيپەزدەكلەرگە بېشىمىز بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ ساتمايلى جۇمۇ؟

— كۆچمەمەن، كۆچمەمەن دەۋېرەمسەن؟

— ئەس - خىيالىڭ نەدە. بالام؟

— ھە، نېمە؟ باشقىدىن دېگىنە دادا...

مەردانىلىق قىلايمۇ؟ هاشىخاننى قايتىدىن ئەمرىمگە ئېلىپ، سالىخاننى بىر مىراسخورۇم قىلىپ ئازابلىق كۈنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرايمۇ؟ مىركامىلچۇ؟ ئوغلۇم ئۆز جىيەن قىزىغا ئاشىق بولغانلىقىنى بىلىپ ئازابلانمامدۇ؟ بۇنى تەقدىردىن كۆرسىغۇ مەيلى، لېكىن مېنىڭ بالام تەقدىرنى ئادەملەر ئۆزگەرتەلەيدۇ دەيدىغانلاردىن، ئۇ دادىسىنىڭ ساختا،

رەھىمسىزلىكىنى بىلدۈالدۇ-دە، دادىسىدىن نەپرەتلىنىدۇ. شۇنىڭچە بولغاندا ئىنسان بىرمۇ
ئىشنى يوشۇرماسلىقى لازىم. مەيلى ياخشى بولسۇن، مەيلى يامان بولسۇن، قىلغانلىكى
ئىشنى ئاشكارىلىشى، ھېچ بولمىسا يېقىنلىرىدىن يوشۇرماسلىقى لازىم. ئوغلۇم قىشنىڭ
ئۇزۇن كېچىلىرى مېنىڭ تالاي-تالاي ھېكايىلىرىمنى ئاڭلىغان. مىڭ بىر كېچە، گۆر
ئوغلى، تاھىر-زۆھرە، پەرھاد-شېرىن... مەن ئېيتمىغان قايسى چۆچەك، قايسى ۋەقە
قالدى؟ قايسى يېغىلىق، قايسى قاچ-قاچ، قايسى تۇت-تۇت، قايسى قىرغىن مېنىڭ ھې-
كايىلىرىمگە كىرمىدى؟ يالغاننى شۇنچە سۆزلەپتىمەنۇ، راست بولغان ئىشنى دېمەپتىمەن.
ئۇ چاغدا زامان شۇنداق ئىدى، نەگە بارساق، شۇ يەردە ئۆيلىنەتتۇق، مەنمۇ شۇنداق
قىلغان بالام، ئۇ ئاپاڭنىڭ ئىسمى ھاشىخان ئىدى. ئۇ ئاپاڭ بىر ھەدە، ياكى بىر ئاكا
تۇغقان بولسا، ئۇ ساڭا يات ئاپاڭمۇ، ھەدەڭ ياكى ئاكاڭمۇ تېخى ھاياتتۇر... دەپلا قوي-
غان بولسام بولماسمىدى-ھە، راست ھاشىخاننىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان ئەمەسمىدىم!
مەيلى، ئىسمىنى ئېيتمايلا، بىر ئاپاڭ ئۆتكەن دەپ قويغان بولسامۇ بولاردى. ھەي
ئېست، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرىغا ئۆيلىنىش-نىكاھ توغرىلىق گەپ قىلىشتىن ئۇيىلىدى-
غىنىمىز-ھە؟ مانا شۇنىڭ زىيىنىنى ئەمدى، ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن...

قېرىغاندا پۇشايمان، ئەندىشە، غەم-غۇسسە چىرمىۋالدى. مەن خۇددى ئۆمۈچۈك
تورىغا چۈشۈپ قالغان چىۋىندەك غىڭشىيمەن، ماڭا مانا ئەمدى، يېقىنلىرىممۇ، كۆزۈمدەك
ئاسرىغان جايىم، باللىرىممۇ، تېجەپ-يىغىپ بانكىغا قويغان شۇنچە جىق پۇلۇممۇ ياردەم
بېرەلمەيدۇ، مېنى بۇ ئۆمۈچۈك تورىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. مېنىڭ بۇ ئازابلىق
كۈنلىرىم تېزرەك ئاخىرلاشسا، مەن يېشەلمىگەن تۈگۈچلەر باللىرىمغا مىراس بولۇپ
قالمىسا بولاتتى... لېكىن، مەن نېمە دەۋاتىمەن؟ مىركامىل بىلەن ئابىدە نىكاھلىنىپ
قالسىچۇ؟ مەن دوزاخقا كىرىمەن، ئازابنىڭ چوڭىنى باقى دۇنيادا كۆرۈمەن، ياق، نېمىلا
بولمىسۇن مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالىمەن. سوغۇقچىلىق سالمىسام گۇناھكار
بولىمەن. ھەممىنى ئاشكارىلىسامچۇ؟ بالامنىڭ، دوست-يارەنلىرىمنىڭ نەپرىتىگە قالىمەن.
كۆپچىلىك مېنى بىزنى بىر ئۆمۈر ئالداپتۇ، ھەممىلا جايدا، دۇرۇس گەپ قىلىدۇ، دەپ
يۈرسەك، ساختىپەزنىڭ چوڭى مۇشۇكەن ئەمەسمۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ-دە، ئۆلگىنىمدە ئوغ-
لۇم توپىراق بېشىدا جامائەتتىن قائىدە بويىچە، مەرھۇم پەدەر قانداق ئادەم ئىدى؟
دەپ سورىغاندا ئىمام دۇدۇقلايدۇ، ھەق گەپ قىلىدىغان، ھالال ئىش قىلىدىغان، ئاق كۆ-
ڭۈل، مېھرىبان مۇسۇلمانىدى، دېگەن جاۋابنى دۇدۇقلىماي بېرىدىغان ئىمامنىڭ يادىغا ئەنە
شۇ چاغدا مېنىڭ بىر ئاجىزەنى ئۈچ كۈن خوتۇن قىلىپ تاشلىۋەتكىنىم، ئۇنىڭ بىر قىزنى
قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، خورلىنىپ يۈرۈپ چوڭ قىلغىنى، ئۇنى ئاز دەپ قىزىم سانىخاننىڭ
ھازىرمۇ قۇدرەت ئاخۇندەكلەرنىڭ تايىقى، ئابلەتتەكلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئەسكى
لاتىدەك كوچىغا تاشلانغانلىقى، بىچارە ئانىسى، ئاتىسىز بىرتال قىزى ئۈچۈنلا كۆڭلى تارت-
مىسىمۇ ئەرگە تېگىپ، ئازابلىق بولسىمۇ كىشىلەرگە تەلمۈرۈپ يۈرۈۋاتقانلىقى... بىر
ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا مېنىڭ كاساپىتىم بىلەن ھاشىخان، سانىخان، ئابىدەلەرنىڭ
ئازابقا قالغانلىقى كېلىدۇ-دە، ئەنە شۇ چاغدا ئۇ دۇدۇقلاپ، داداڭ، داداڭ... بەلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئادەم ئىدى! دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلەيدۇ.

ئىردىكىمدە جامائەتنىڭ ماختىشىغىلا ئېرىشىپ كەلگەن ئادەم ئۆلگىنىمدە يامان دېگەن نامغا قالسام قانداق بولىدۇ؟ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا قېرىدلارنىڭ ساقلىنى ئۆچكە جاۋاغىدىخاندەك قىرغىلى تۇرغاندا مەن قىزىل قوغدىغۇچىلارنى ئۆمرۈمدە تۆت ھۆكۈمەت كۆردۈم، نەچچە، يۈز ئەسكىنى كۆردۈم، ئەمما لېكىن سىلەردەك مەلئۇنلارنى كۆرمەپتىمەن! دەپ تىللىغانلىقىم ئۈچۈن جىق تاياق يېدىم، لېكىن تولىمۇ جىق ماختالدىم. نى - نى ئۇزۇندىلەرنى، شوئارلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكەن جامائەت مېنىڭ ئاشۇ تىللىمىنى تېخىچە ئۇنتۇمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېخىلىكىمچۇ؟ ھەسەن زاسۇيپەز مەسچىتكە 100 تەڭگىلىك پالاز ئېلىپ ماختىنىۋىدى، مەن ئەتىسىلا 300 كويلۇق گىلەمدىن ئىككىنى ئېلىپ جەيندىماز قىلىپ بەردىم، تۇداخۇن ھاجىم شۇنچە چوڭ سودىگەر تۇرۇپمۇ مائارىپقا ئارانلا 300 كوي ياردەم قىلالىدى. مەن مانا ئەمىسە دەپ بىر تۈمەن ياردەم قىلدىم... بۇنداق ئىشلىرىم چاچتىنمۇ تولا. مەن ھايات چېغىمدا مەردلىك، توغرىلىق، قەيسەرلىك بىلەن تونۇلغان تۇرسام، ئۆلگىنىمدە يامان نام بىلەن كۆمۈلمەمدىمەن؟

ماڭا بۇ دۇنيامۇ، ئۇ دۇنيامۇ قارا. قېرىغىنىمدا نەدىن كەلگەن غەم - غۇسسە بۇ؟ مەنمۇ ھەسەن زاسۇيپەزدەك باشقىلارنىڭ سۆزىنىلا تەكرارلاشنى نېمىشقا ئۆگىنىۋالمىغاندىمەن. ئەقىلسىز، ۋىجدانسىزنىڭ غېمى ئاز بولىدىغان ئوخشايدۇ. ھۆكۈزنى سويغىلى ئېلىپ ماڭساڭمۇ، بوغۇزغا ئېلىپ ماڭساڭمۇ پۇشۇلداپ مېڭىۋېرىدىكەنگە ئوخشاش، مەنمۇ يېتىلەككە ئۆگەنگەن بولسام بەلكى غەمسىز، يۈرىكىم پۈتۈن بولارمىدىكىن؟ ئەمما لېكىن بۇنداق ئادەم بولغىنىمدىن ھايۋان بولۇپ قالغىنىم ياخشى - دە. ئادەم دۇنياغا ئەقلى بىلەن يارىلىدۇ، بەدەن ھايۋاننىڭ، ئەقىل ئادەمنىڭ. بەدەن بىر هارۋا، ئەقىل ئات. ئەقىل بەدەننى سۆرەپ ماڭىدۇ، مەن ئەمدى يولسىز، نىشانسىز كېتىۋاتقان بىر ئات قوشۇلغان هارۋا. ئات يول ئىزدىمەكتە، كاتاڭلاردىن ئاۋايلاپ ئۆتمەكتە. لېكىن نەگە كېتىپ بارغىنىنى بىلمەيدۇ...

بالامنىڭ بۇ تار ھويلىسىدىكى ھايات جېنىمغا پاتتى. كەچكىچە ئۇنىئالغۇدىن ناخشا ئاڭلايمەن. ياشلىقىمدا ناخشىغا ئامراق ئىدىم، مانا ئەمدى ناخشىمۇ قۇلاقنا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ. كەچتە تېلېۋىزور، ئاجايىپ ۋەقەلەردىنمۇ زېرىكتىم، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بولۇۋاتقان مۇشتلىشىش، ئۆلۈم مېنى بىزار قىلدى. بۇ زاماننىڭ بالىلىرى مۇشۇ خىل نەرسىلەرگە قىزىقىدىكەن. بالامنىڭ دوستلىرى ئۆيگە تىقىلىۋېلىپ، ئاچچىق تاماكىسى بىلەن ئۆينى تولدۇرۇشۇپ، قىرغىن، قان تۆكۈشتىن لەززەت ئېلىشىدۇ. مەن بەزىدە مۇشۇ لەززەت ئالغۇچىلاردىنمۇ يىرگىنىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ يادىمغا ياش ۋاقتىمدىكى دوستلىرىم كېلىدۇ. بىزمۇ چەككەن، ئىچكەن، لېكىن ئۆلۈم ۋە مۇشتلىشىشتىن لەززەت ئالمىغان، مالخايلىرىمىزنى قىرلاپ، بېلىمىزنى كۆك پوتىمىزدا چىڭ باغلاپ، ئۆتۈكلىرىمىزنىڭ قونجىنى تىرىسىدە قىلىپ تىك كىيىپ، ئىككى ئات قوشۇلغان هارۋىمىزدا تاماكىمىزنى قىڭغىر چىشلەپ ئولتۇرۇۋالساق كۆزىمىزگە چەكسىز دالا، سۈزۈك ئاسمان، يىراقلاردىكى قارلىق چوققىلاردىن باشقا ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى، ئۇلار بىرىنگە خىرس قىلمايتتى، قان تۆكمەيتتى، دائىملا يەلىلىق كۆلۈمسىرەپ قارايتتى. بىز ئاشۇنداق تىنچ، خاتىرجەم

هاۋا ھەيدەپ، مەشرەپ، ئوغلاق ئويناپ، ئاشنا تۇتۇپ، يىگىت چاغلىرىمىزنى ئۆت-كۈزگەن. مانا شۇڭلاشقا بىز ماجىرا بىلەن قانغا ئۆچ. كىنولاردىكى مۇشتلىشىشنى كۆرسەم بەدەن - بەدەنلىرىم ئاغرىيدۇ. ئۇرۇۋاتقانلار قۇدرەت ئاخۇن، تاياق يەۋاتقانلار سانىخان بولۇپ تۇيۇلىدۇ - دە، كۆزۈمنى يۇمۇۋالىمەن، ياكى سىرتقا چىقىپ كېتىمەن.

— قالتىس كىنوكەن دادا، ئېمىشقا كۆرمەيسەن؟

— قانداقسىغا؟

— كۆرمىدىڭمۇ، ياخشىلار يامانلارنىڭ تاناۋىنى تارتىۋەتتى.

— ئاخىرىدا ياخشىلىرىڭمۇ ئۆلگەندۇ؟

— ئۆلگەن بىلەن ئۇلارنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ - دە.

— سەن روھقا ئىشىنەمسەن مىركامىل؟

— ئىككىمىزنىڭ روھ توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ئوخشىمايدۇ - دە.

— مەيلى سېنىڭچە بولسۇن، روھ ئىنساننىڭ پەزلىتىدىن قالدىغان خاتىرە دېدىڭما؟

— ھەئە، شۇنداقراق.

— ماقۇل دەيلى، ئۇ خاتىرە ھەممىلا ئادەمدىن قالىدۇ - غۇ بالام. مۇھەممەت پەي-غەمبەردىنمۇ، ھەزرىتى ئېلى، سادىر پالۋان، ئەخمەت ئەپەندىمدەك ياخشىلاردىنمۇ، ئەبۇ جەبىل، بەنى ئىسرائىل، پىروتون، چىڭگىزخان، گىتلېر، جياڭ جېشىدەك يامانلاردىنمۇ خاتىرە قالىدۇ - دە، ياخشىلارنىمۇ، يامانلارنىمۇ يادلايدىغانلار بولىدۇ. مىسالى مەن ئۆلسەم سەن مېنى يادلايسەن، ئەمما ئابلەت، قۇدرەت ئاخۇنلار يادلىمايدۇ - غۇ...

— گېپىڭ خېلى توغرا دادا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. خۇددى يوپۇرماقتەك يالتىراق تەرىپىمۇ، خىرە تەرىپىمۇ بولىدۇ. يالتىراق تەرىپىدىن زوقلىنىدى-غانلارمۇ، خىرە تەرىپىدىن زوقلىنىدىغانلارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، بىز ئابلەت كېجاڭ-نى يامان دەيمىز، لېكىن ئۇنىڭ بىزگە سەت كۆرۈنگەن تەرەپلىرىنى ماختايدىغان، ئۇنىڭ-دىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئادەملەرمۇ خېلى بار دادا.

— ھەممىلا ئادەمنىڭ يورۇق تەرىپى، خىرە تەرىپى بولىدۇ دېگىنە. ھا ھا ھا.. ئادەم پىكوس گۈلنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن - دە؟ ئانداق بولسا سەن ئايىماي ئېيت-تىپ باقە، مېنىڭ خىرە تەرىپىم قانداقراق بالام؟

مىركامىل مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، يۇمشاق، چىرايلىق بۇرۇتلىرىنى نازۇك قوللىرى بىلەن سىيپاپ قويدى:

— قاراپ باقماپتىمەن دادا!

— سەن قارىمىغان بولساڭ قاراپ باققانلار باردۇر، ئۇلاردىن ئاڭلىغانلىرىڭنى بولسىمۇ دەپ باقە؟

— ئاڭلىمىدىم دادا، كۆرگۈمىمۇ، ئاڭلىغۇمىمۇ كەلمەيدۇ دادا.

— بۇنىدىن كېيىن كۆرۈپ قالساڭ، ئاڭلاپ قالساڭچۇ؟

— كۆرسەم كۆرگۈچى، ئاڭلىسام ئاڭلىغۇچى بولۇپ قالىمەن شۇ.

— لەپرەتلەنمەمسەن بالام؟

— سېنىڭ يالتىراق تەرىپىڭنى يۈزۈمگە يېقىپ تۇرۇۋالىمەن، شۇ چاغدا خىرە تەرىپىڭ مېنى ئازابلىمايدۇ.

— مەن ساڭا زىيان سالسامچۇ؟

— ئۆيىنى چېقىۋېتىمەن، مىراس قالدۇرمايمەن دەمسىنا؟

— ياق بالام، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ زىيان سالسام، سېنىڭ بەختىڭگە ئولتۇرسامچۇ؟

بالام ئانىسىغا تارتقان چىرايلىق، قاپقارا، دۈگىلەك كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى:

— نېمە دەيدىغانسەن دادا، ئىبراھىم پەيغەمبەر ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا ئىسمائىل قانچىلىك خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈرگەن بولسا، مەنمۇ سەن ئۈچۈن ھەممىدىن كېچەلەيمەن، دادا!

بارىكاللا، ئوغلۇمنىڭ مەردانىلىقىغا ئاپىرىن. لېكىن مەقسىتىمنى بالامغا يەنىلا ئېيتالمىدىم. ئېيتالمىغان بىلەن بالامنى چۈشىنىۋالدىم. بالام مەندىن ئەقىللىق ئوخشايدۇ. بىرمۇ دىمەتلىكىم قالمىدى، بىرمۇ سىرداشقۇدەك ئادىمىم قالمىدى، ئۆلگىنى ئۆلدى، كۆچۈپ كەتكىنى كۆچۈپ كەتتى، مەن تىكەندەك يالغۇز قالدىم، دەپ مەيۈسلىنىپ يۈرەتتىم، مانا ئەمدى ئۈمىدلىك، تىمەننىمەن، بالام بىلەن سىردىشالايمەن.

كونا مەھەللىمىزگە قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يىراقتىكى بىر دوستۇمنىڭكىگە مېڭىۋىدىم، بۇ ئاپتوبۇسنىڭ بىزنىڭ مەھەللىدىن ئۆتۈشىنى نەدىن بىلەي، قارىياغاچلىرىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋىدى، ئۆزۈمنى تۇتالماي شوپۇر قىزغا: توختات، توختات! دەپ ۋارقىراپتىمەن. قىز كۈلۈپ قويۇپ، ئۆيۈمنىڭ يېنىدىكى ئۈستى چېدىرچىلانغان بېكەتتە توختىدى، مەن دېرىزىلىرىمگە قارىدىم، قاپقىلار ھەم ئېتىكلىك. دېرىزە ئالدىدىكى قارىياغاچنىڭ ئەتراپى ماشىنا، ۋېلىسىپىتلەر بىلەن تولغان. مېنىڭ دەرۋازامنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇق ھازىر يوق، بۇنداق قىش پەسلىدە ئۇ يەرگە ھەر يىلى قار دۆۋىلىنەتتى. ھازىر بولسا ئۇ يەردە تاملىرى چاقچۇقلۇق، بىر قەۋەتلىك چىرايلىق بىنا تۇرماقتا. مەندىن سوراقسىز ئۆيۈمنىڭ تاملىرى چېقىلغان، قۇدرەت ئاخۇن ئولتۇرغان ئىككى ئېغىز ئۆيىمۇ يېڭىلانغان، ئۆينىڭ خوجايىنى بولغان ئىسراپىل ھارۋىكەش مانا ئۆز قورۇسىنى تونۇيالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپتۇ. قولاقچا ئىسسىق كەلدىمۇ ياكى ئەلەممۇ، پېشانەمدىن تەر چىقتى. يېڭى بىنانىڭ پېشانىسىگە قىزىل سىردا «ئەلى قۇدرەت رىستورانى» دېگەن خەت يېزىلغان، مەن غەزەبتىن جالاقلاپ تىترىدىم، رىستورانىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى غەزەب بىلەن ئاچتىم-دە، ئاشخانىغا دەلدەڭشىپ كىرىپ، ھور بىلەن تولغان چوڭ زالغا قارىدىم، بىرىنچى بولۇپ ئۇدۇلدىكى ئەينەك تامدىن ئوشۇقتا چۈشىدىغان قارا پەلتۇ ئىچىدە بويىنىغا شارپا ئورىغان، پەلەيلىك قولى بىلەن ھاسىسىغا تايانغان ساقاللىرى شالاڭ، ئاپئاق، ھۆرپەك قاشلىرى قىزارغان كۆزلىرىنى يېپىپ تۇرغان بىر بوۋاينى كۆردۈم. ئۇنىڭ مۆكچىيىگەن قەددى، تىترەپ تۇرغان ساقاللىرى، قويۇق، ئاپئاق قاشلار ئاستىدىكى غەزەبلىك كۆزلىرى ئىتقا خىرس قىلىپ تۇرغان مۈشۈككە ئوخشايتتى. بۇ مۈشۈك — ئاشۇ كۆرۈمسىز بوۋاي مەن. مۈشۈ ئەپتىم بىلەن مۇنۇ چوڭ قورۇ-جاي، مۇنۇ ئاشخانىنىڭ ئورنى مېنىڭ

uyghurkitap.com

ئىدى دەپ ۋارقىرىسام ماڭا كىممۇ ئىشىنەتتى.

— نېمە يەيىلا بوۋا؟ — بىر چىرايلىق چوكان ئالدىمغا كېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— قۇدرەت كاززاپنى!

— نېمە، بىزدە ئۇنداق تاماق يوق، چوڭ دادا، — چوكان قاقاقلاپ كۈلدى.

— ئۇنداق تاماق بولمىسا ئادەم باردۇ؟ چاقىرىڭلار ئۇ ئىنساپسىزنى!

— چېچىلمىسىلا ئىسراپىلىكا.

ماڭا تونۇش، يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن سانىخاننى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، كۆز قۇيرۇقى، زىناقلىرىدا چوڭقۇر قورۇقلار پەيدا قىلىپ كۈلۈمسىرىۋىدى، ئۇنىڭ ئۇنچىدەك چىشلىرى يالتىرىدى. نۇرلۇق كۆزلىرىدە شەپقەت ياندى.

— قىزىم سانىخان، سىز بۇ يەردە؟

— ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا ئىسراپىلكا، — دېدى ئۇ كىرلەشكەن پەرتۇقىغا قوللىرىنى سۈرتۈپ، — يەنە مۇشۇ يەردە يۇنداپۇرۇچلۇق قىلىپ يۈرۈپتىمەن. قانداق قىلىمەن، مىركامىلجان مېنى ئىشتىن بوشاتتى. ئۇبدان رازى قىلدى. غالىپجان مېنى مۇشۇ ئاشخانىغا قاچا يۇيۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. ئاچام — سىلىگە پارىڭنى قىلىپ بەرگەن ئاپام هاشىخان ئېغىر ئاغرىق، هازىر بالنىستا ياتىدۇ، بالنىستقا ياتقۇزۇش ئۈچۈن ئالتە يۈز كوي نەق پۇل لازىم بولۇۋىدى، هېچنەدىن ئامال قىلالمىدۇق، غالىپجان قۇدرەت ئاخۇنغا دەپتىكەن، مېنى ئېيىغا يۈز كويچەن بىلەن قاچا يۇيۇشقا ئالدى. قانداق قىلىمەن، ئانام ئۈچۈن خورلىنىۋاتىمەن. بولمىسا ئۇنىڭ بوسۇغۇسىغا دەسسەيتتىمۇ؟

... يەر ئايلانماقتا، بەدىنىم كۆيۈشمەكتە، تىلىم ئاغزىمغا پاتمايۋاتىدۇ ... كۆزۈمنى ئاچسام ئۆز ئۆيۈمدە يېتىپتىمەن. قەدىناس كارىۋات، قەدىناس دېرىزەم ماڭا هەمراھ. ئۆيگە ئوت يېقىپ ئىسسىتىپ، مېنى ماموق ياستۇقلارغا يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. مىركامىل بالام قوللىرىمنى سىيلاپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە.

— گەپمۇ قىلماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپسىنا دادا. ماڭا دېسەڭ ئەكىلىپ قوياتتىم. بىلىمەن، سەن مەهەللەڭگە، ئۆيۈڭگە، كارىۋىتىڭغا چىدىمايسەن. لېكىن قۇدرەت ئاخۇنغا بىكارلا خاپا بوپسەن، ئىككى ئېغىز ئۆينى ئاكام ئۇلارغا سېتىپتۇ، دادا. سەن بالنىستتا چاغدا ساتقانىكەن، مەن سەندىن بىسوراق ساتقانلىقى، ساڭا قارىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تىللىدىم. بىز خېلى ماجىرالاشتۇق، قانداق قىلىمىز، رەهىمسىز بولسىمۇ سېنىڭ بالاڭ، مېنىڭ ئاكام ئىكەن. سېنى خاپا بولمىسۇن دەپ بۇ ئىشنى يوشۇرغانىدۇق. مانا ئەمدى دېگەنىدەكلا خاپىلىق تارتىپ يىقىلىپ چۈشۈپسەن. سانىخان هەدەم سېنى ئۆيگە ئەكىرىپتۇ. ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى يانچۇقىڭدىن ئاپتۇ، ماڭا خەۋەر قىلغانمۇ سانىخان هەدەم!

كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى، يۈرىكىمدە ئوت ياندى، ماغدۇرسىز - ئاجىز تېنىم بىر يىللىق ئېقىم بىلەن قىزىدى — مېنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقان هاشىخاننى كۆرگۈم، ئايىغىغا يىقىلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغۇم كەلدى. هاشىخان، مېنى ئۇنتۇمىغان بولساڭ سېنى تاشلاپ كەتكەن هېلىقى سودىگەر ئىسراپىل بايۋەچچە مەن شۇ. سانىخاننىڭ ئۆز دۈشمىنى ئايىغىدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چەيلىنىشكە سەۋەبچى بولغان ۋاپاسىز مانا مەن شۇ!

ھەممىلا ئادەمنى تىللىغۇم، ئۇرغۇم كېلىدۇ. لېكىن مەندە نە ۋاقىرىغۇدەك، نە ماڭغۇدەك مادار يوق. يەنە شۇ كارىۋىتىمدا ياتقىنىم ياتقان. ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى دېرىزەمگە چېكىلگەن قىراۋ گۈللىرىنى يورۇتىدۇ. گۈللەر ئاجايىپ، ئاجايىپ چىرايلىق، مەن بىر قېتىم ئايروپىلان بىلەن خوتەندىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە خانتەڭرىنى — تەڭرىتاغنى 10 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن كۆرگەن. خۇدايىم ئۆز قولى بىلەن بىزنىڭ يېرىمىزگە قار - مۇزدىن ئاجايىپ نەقىش ياسىغانىكەن، دېرىزىدىكى قىراۋ گۈللىرى مانا شۇ ئايروپىلاندىن كۆرۈنگەن سۈرەتكە ئوخشايدۇ. لېكىن دېرىزىدىكى گۈللەر ئۆيىنىڭ تەپتى بىلەن ئېرىپ سۇغا ئايلاندى. مەن دېرىزەمنى يېپىم بىلەن سۈرتۈپ، ھور بىلەن خىرەلەشكەن ئەينەكتىن سىرتقا قارىدىم. بىرىنچى كۆرگىنىم قۇدرەت ئاخۇن بولدى. ئۇ تۇماچە بۇرۇت قويغان، بېشىغا كۆل رەڭ پاپاق، ئۇچىسىغا كۆل رەڭ كۆپىدىن ياقا قىلىنغان كۆل رەڭ پەلتو كىيگەن، قوللىرىنى يانچۇققا سېلىپ مېنىڭ يېرىمنى دەسسەپ، مېنىڭ ئىشىكىم ئالدىدا غادىيىپ تۇرۇپتۇ، مانا ئۇنىڭ ئايالى — گىرىمى بىلەن تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەن، چىشلىرىنىڭ ھەممىسىگىلا ئالتۇن قاپلىتىلغان سېرىق ئايال. ئۇنىڭ پەلىيى بىلەن شارپىسىنى ئەپچىقىپ ئايناقلاپ تۇرۇپ شارپىنى ئېرىنىڭ بوينىغا يۆگىدى. بۇۋى زۆرىخان قوڭۇر توقۇلما پەلتو، پوكۇاي ياغلىق بىلەن قۇدرەت ئاخۇننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم:

— قۇدرەت ئاخۇن، بۇ قورۇنى چاققۇزمايمىز. ھەممە ۋەجىمىز كەتسىمۇ ئىگەكىم!

مانا ھەسەن ئاخۇنمۇ ئايالىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ كۆك تېشى مايلىشىپ قارىغا ئايلانغان توقۇلما ياقىلىق پاختىلىق چاپان، ئىككى تىزىغا يېشىل ياماق چۈشكەن مايلاشقان چىپەرقۇت گىلەپى، ئايىغىغا ئاق پىيما كىيگەن، بېشىدىكى پۈرلىشىپ كەتكەن كونا تېرە تاشلىق قولاقچىسىنىڭ ئىككى سالپىڭى ئاپشاركىنىڭ قۇلىقىدەك دىڭگايغان، يۈز - كۆزى كۆيە پىتى قول قوشتۇرۇپ، سەل دۈمچىيىپ تۇرۇپ بۇۋى زۆرىخاننىڭ گېپىنى تەكرارلىماقتا.

— ھەممە ۋەجىمىز كەتسىمۇ ئىگەكىم!

نەدىندۇر كىچىك ماشىنا پەيدا بولدى. ماشىنىدىن ئەرلىنىڭ مۇلايىم بېشى چىقتى. ئۇ قۇدرەت ئاخۇنغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئا كېنجاك، ئۇ جۇيجاك، ما جىڭلى!

قۇدرەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇم كەلمىدى. ئۆيگە بىر چەينەك چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەن سانىخانغا بۇرۇلدۇم:

— كېلىنلىك قىزىم، سانىخان ئولتۇرۇڭ، ئاپىڭىز قانداقراق؟

سانىخان ئۇيقۇسىز، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى - دە، يەرگە قاراپ:

— كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. ئاسما ئوكولدا، ئابدەممۇ دەرسلىرىدىن جىق قالدى، كېچىسى مەن، كۈندۈزى قىزىم قاراۋاتىدۇ.

— بىچارىلەر، — دېدىم ئىختىيارسىز تىترەپ تۇرغان بەدىنىمنى تەستە قىمىرلىتىپ، —

پۇلدىن قىينالساڭلار بىز بار، سانىخان قىزىم، قانچە پۇل كەتسىمۇ ھەممىگە مەن تەييار!

— رەھمەت سىلىگە ئىسراپىلكا، — دېدى سانىخان مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى بېشىدىكى گەرىس ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ، — ئاپام، ئاپام سىلىنى سوردى.

— نېمە؟ مېنى بىلەمدۇ ئاپىڭىز بالام؟

— ھەئە، مەن دائىم سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بېرىمەن، سىلىنى كۆرمىگەن بىلەن ئوبدان بىلىدۇ ئىسراپىلكا.

كۆڭلۈم بىئارام، ۋەسۋەسىلىك، قوللىرىم تىترىمەكتە، ئىككى قېتىم چېيىمنى تۆكۈۋالدىم. ۋاقىرىۋېتىشتىن، سانىخاننى باغرىمغا بېسىپ ھۆكۈرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرىمەن.

— سانىخان، ھاي سانىخان دەيمەن.

بۇ قۇدرەتنىڭ ئاۋالى.

— ھاي يۇندىخور، ھاي شاپاقچى!

مانا بۇ بۇۋى زۆرىخاننىڭ ئاۋازى.

سانىخان ھودۇقۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، مەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم. دېرىزەمنى يوغان ئېچىۋېتىپ، ئۆزۈم بىلىدىغان ئەڭ يامان سۆز بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ھازازۇللار، قىزىل ئىشتانلار، رەسۋالار، ھەممىڭلار يوقۇلۇڭلار!

— نېمە، بىز مالايىنى تىللاۋاتىمىز، سىلىگە نېمە دەز كەتتى؟

بۇۋى زۆرىخان، سېرىق خوتۇن، ئاشخانىدىكى خىزمەتچىلەر بىراقلا كوچىغا چىقىشتى.

— بىلىپ قويۇڭلار، سانىخان مالاي ئەمەس، خوجايىن، مۇشۇ قورۇنىڭ خوجايىنى!

— ئوغرىلىقچە نىكاھلىنىۋاپتۇ - دە بۇ قېرى!

— دېمىدىممۇ، بۇ خوتۇن يامان خوتۇن، نازلىنىپ يۇرۇپ مۇردىنىمۇ ئۆزىگە رام قىلالايدۇ.

— پەخەس بولمىسىلا قۇدرەت ئاخۇننى...

— بوۋاي سارالى بولدىمۇ - يە؟

— ھا ھا ھا...

— ھى ھى ھى...

— قى قى قى!

مەن دېرىزەمنى قايتىدىن غەزەب بىلەن يېپىپ بۇرۇلۇپ قارىسام ئۆيدە سانىخان يوق تۇرىدۇ.

سانىخان نەدىسەن قىزىم، سەن بۇگۈندىن باشلاپ راست خوجايىنسەن، مېنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىمسەن، كەلگىن، مېنى ئاپاڭنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىن، ئەرلى نەدىسەن، بىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغىن...

— نېمە، يەنە باھار كەلدىمۇ نېمە؟ قارغۇجا مېنى دوراپ سايراۋاتامدۇ نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇھ، سەنمۇ كۆلىدىكەنسەن ھە دادا؟

ئوغلۇم ساقال - بۇرۇت قويۇۋېتىپتۇ. ئوغلۇمغا نېمە بولدى.

— بىرىگە قارىلىق تۇتتۇڭمۇ؟ نېمىشقا ساقال - بۇرۇتۇڭنى ئالمىدىڭ؟

— قىشقا قارىلىق تۇتتۇم! — دېدى ئوغلۇم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — قىش ئۆلدى دادا، دېۋىدەك ئالتاي ئۇخلىدىڭ، مانا سەن ئويغانغىلى تۆت كۈن بولدى.

مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى چۈشۈمدەك خىرە ئەسلىدىم: سانىخان ئاھانەت ئاڭلاپ چىقىپ كەتكەن كۈنى مەن ئۇنى قىزىم خوجايىنىسەن، دەپ ۋارقىرىغان ئەمەسمىدىم. ۋارقىراپلا يەنە يىقىلغان ئوخشايمەن - دە، ئۇنىڭ ئانىسى قانداق بولدىكىن؟

— يەنە دوختۇردا ياتتىممۇ بالام؟

— ياتقاندىمۇ تازا ئېغىر ياتتىڭ دادا. ئەمدى ئۆرە بولالمايدىغان بولدى دەپ ئاخىرەتلىكىڭنى تەق قىلىپ تۇردۇق. ئاكام، ھەدەملەر كېلىپ سەن بىلەن خوشلاشتى. سەن كۆزۈڭنى ئاچماي ياتساڭمۇ سەندىن رازىلىق ئالدى. ئاكام مەن بىلەن بانكىدىكى پۇلنىڭ چېكىنى بەرگىن دەپ سوقۇشتى، ئۇستۇمدىن شەھەرلىك سوتقا ئەرز بەردى.

مەن دېرىزىگە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدىم. بالام مېنى چۆمكەپ قويۇپ ماڭا تەسەللى بەردى.

— كېرەك يوق دادا، ئۇ داۋامۇ ئۆتۈپ كەتتى. سەن ياخشى بولۇشقا باشلىغۇسىدەك داۋاگەرلەرمۇ بوشاپ كەتتى.

— ھە، سانىخانچۇ بالام؟

— سانىخان ھەدەم، — دېدى مىركامىل دۇدۇقلاپ، — ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمدە، دۇكانىمۇ، ئۆيۈمنىمۇ ئۇلارغا بېرىپ، مەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدىم، دادا.

— بەرگىنىڭ نېمىسى، قانداقىسىغا شۇنداق قىلدىڭ؟

— بىلگۈڭ كېلەمدۇ دادا، — دېدى ئوغلۇم خېلى جىملىقتىن كېيىن، — ھاشىخان ئاپام ھەممىنى ئېيتتى...

— نېمىنى؟

— سەن يوشۇرغاننى...

ھاياجان، خۇشاللىق، خىجىللىق مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ياخشى بوپتۇ، كۆڭلۈمدىكىدەك بوپتۇ، مەن كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ بالامدىن سورىدىم:

— ھاشىخان ئاپام دېدىڭما بالام، شۇنداق، ئۇنى ئاپا دېسەڭ بولىدۇ...

— لېكىن مەن يەنە ئاپىسىز...

— نېمە، ئۇ ئۆرە بولالمىدىمۇ؟

مەن ئىختىيارسىز ياتقان يېرىمدىن ئۆرە بولدۇم. ئەمدى ھېچنېمىنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەن ماغدۇرسىز قوللىرىم بىلەن بالامنىڭ بېشىنى سىيلىدىم.

— سېنى ئاياپ، بۇ ئىشنى يوشۇرغانىدىم بالام، سانىخان سېنىڭ ھەدەڭ، سەن ئابدەننىڭ تاغىسى ئىدىڭ، بۇنى كېچىكىپ بىلدىم، قۇدرەت ئاخۇن ئەسكى ئادەم، لېكىن ئۇ

هويلامغا قوشنا بولۇپ كەلمىگەن بولسا، مەن پۆشتۆمدىن بولغان قىزىمنى بىلەلمىگەن بولاتتىم، سالىخانمۇ، ئابىدەمۇ رەھمىتى ھاشىخاننىڭ ئىزىدىن ماڭغان، خورلۇق، ئازاب بىلەن قىيقلىپ ـ سوقۇلۇپ ئۆتكەن بولاتتى. بۇ دۇنيادا خۇدايىم پاناھسىزلىقتىن ساقلىسۇن. ھەممىلا ئادەم ئۆزىگە باشپاناھ ئىزدەيدىكەن. باشپاناھى قانچە كۆچلۈك بولسا، ئۇنىڭ گېپى چوڭ، يولى كەڭ، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن. تىرەكسىز، پاناھسىزلارنى دائىم نەس باسىدىكەن بالام. قۇدرەت ئاخۇن نېمىشقا بىسمىللانىڭ ئورنىغا ئا كېچاڭ، تۇ جۈيجاڭ، ما جىڭلى دېگەنلەرنى ئىشلىتىدۇ؟ ئابلەت كېچاڭ نېمىشقا قىلمەن دېگىنىنى قىلالايدۇ؟ سەن بىلسەن بالام، ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى كۆچلۈك...شۇنداق قىلىپ، ھاشىخان بىچارە مەنچىلىك بىر نىمجاننىمۇ ئارقا تىرەك قىلالماي دۇنيادىن ئۆتتى دېگىنە؟ مەن ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىدىم بالام، سەن كۆرگەنسەن ـ ھە؟ ياش ۋاقتىدا ئابىدەگە ئوخشايتتى. ئېسىت، ئېسىت!

ـــ سەن ئۇنى كۆرەلمىگەن بىلەن، ئۇ سېنى كۆردى. ئۆز قولى بىلەن سېنىڭ ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ قويغان دوپپاڭنى بېشىڭغا كەيگۈزۈپ قويدى.

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلىدىم، دوپپامنى ئېلىپ قېنىپ ـ قېنىپ پۇردىم، كۆزۈمنى يۇمۇۋىدىم، كۆز ئالدىمغا كارۋان سارىيى، چۆكتۈرۈلگەن تۆگىلەر، تاي ـ تاي ماللار، كىچىك ھۇجرا، پاكىز داستىخان، قېنىق چاي، گىردە نان، ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرغان ياش، تولىمۇ گۈزەل قىزچاق، ئۇنىڭ ياشلىق، ئۇزۇن كىرپىكلىك يوغان قارا كۆزلىرى، ئاپئاق ـ سۈزۈك يۈزىدىكى ئۇنچىدەك ياشلار، گىلاستەك لەۋلىرى بىلەن مارجاندەك چىشلىرى ئارىسىدىن چىققۋاتقان «ساقلايمەن» دېگەن سۆزى ... بىرمۇ بىر، ئوپ ـ ئوچۇق ئايان بولدى.

ئۇ ساقلىدى، مەن ئۇنتۇدۇم. ئۇ مېنىڭ دىدارىمنى كۆردى، مەن كۆرەلمىدىم، ئۇ راستىنى ئېيتتى، مەن يوشۇردۇم. ئۇ كەتتى، مەن قالدىم. ئۇ پاك، مەن ناپاك، ئۇ ئالتۇن، مەن ئەخلەت! لېكىن كىشىلەر قارىغۇ، مېنى ئەتىۋارلايدۇ، ئۇنى خورلايدۇ. ھەي خۇدا، گۇناھلىق بولساممۇ سورايمەن: ھاۋا ئانىمىز راستىنلا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن يارالغانمۇ؟ بۇۋى ھەجەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى راستىنلا كۈندەشلىك جازاسى بىلەن دەشت ـ قۇمدا ئازابلىنىپ تۇغقانمۇ؟ بۇۋى مەريەم ئانىمىز نىكاھلانماي تۇرۇپ ئەيسانى تۇغقان دېگەن گەپمۇ راستمۇ؟ ئۇلۇغلارنى تۇغقان ئانىلار تۇرسا، جاپا ـ مۇشكۇلات نېمىشقا شۇلارنىڭ؟ ئاياللار راستلا نېمەتمۇ؟ ئەرلەرنىڭ ھېمايىسى بولمىسا ئۇلارنىڭ بەختكە ئېرىشەلمەسلىكى راستىنلا ئۆزگەرمەس قانۇنمۇ؟

... يەنە نېمىلەرنى دېدىم، قاچانغىچە ئولتۇردۇم، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. ئالادا قۇشقاچلار چۇرۇقلاشماقتا، ھەسەن ئاخۇن ئەزەن ئېيتماقتا، ئېگىز بىنادىن مۇزىكا ئاۋازى، قىقاس، كۈلكە كەلمەكتە، كۆ يەردە پەرتۇقلۇق قىزلار مەست يىگىتلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەندۇر، ماشىنا گۈدۈك بەرمەكتە، ئەرلىنىڭ ماشىنىسىدىكى كۆزى قىزارغان تەلۋە يىگىت بىر قىزنىڭ قولىقىغا نېمىنىدۇر پىچىرلىماقتا. «قۇدرەت ئەلى

www.uyghurkitap.com

رېستورانى» دېگەن ئاياللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار يەنە قايسى ھىمايىسىز ئايالنى ئىللىشىۋاتىدىكىن. مانا بوۋاي زورىخانىنىڭ ئاۋازى:

— ھەي سېرىق ماشكا، سەن قۇدرەت ئاخۇننىڭ ئەمرىدە بولغىنىڭ بىلەن ئابلەت كېچاكنىڭ خوتۇنى ئىدىڭ، بىلدىڭمۇ، ئابلەت كېچاك قۇدرەت ئاخۇنغا يېگىرمە ياشلىق قىز تېپىپتۇ. ئەمدى سەن سېرىق ئىت يۇندا ئىچ، سوڭەك غاجا ھا ھا ھا...

— قۇدرەت ئاخۇن قويۇۋەتتىمۇ، ئەمدى يوقال سېرىق ماتا!

— كاۋا شاپىقى!

— پالاق توخوم!

— ئەسكى پالاز!

قۇدرەت ئاخۇن ھېلىقى سانىخاننى بوزەك ئېتىدىغان خوتۇننى قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ بىر قىزنى ئالماقچىكەن، مەن نەپرەتلىنىدىغان ھېلىقى سېرىق چوكان ئەمدى سانىخاننىڭ ئورنىغا قالغان. بۇ ئۈزۈلمەس، باش ئاخىرى يوق چۆچەك يەنە قانچە ئايالنىڭ خورلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشاركىن. ياق، ئەمدى تاقەت قىلىشقا بولمايدۇ. شەھەر باشلىقىنى تېپىپ، ئۆيۈمنى بىكارغا بەردىم، چىقىۋېتىڭلار، دەيمەن. ئۆزۈم سانىخان تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمگە كۆچۈپ كېتىمەن. ئاز قالغان ئاجىز جېنىم، نۇرغۇن پۇلۇم بىلەن قىزىمغا، ئوغلۇمغا، نەۋرەمگە يۆلەك - باشپاناھ بولىمەن. پاناھلىقلارنىمۇ، پاناھسىزلارنىمۇ، باشقىلارنىڭ راھەت - پاراغەت، گەۋدە كېرىشلىرىنىمۇ، نالە - پەرياد يىغلىنىشلىرىنىمۇ كۆرگۈم - ئاڭلىغۇم يوق. ماڭا تىنىچ خىيال، كۆڭۈل ئارامى كېرەك...

— ئىسراپىلكا، ماۋۇ قۇدرەت لۆم - لۆمنى كوچەرسىلە. كۆردىڭمۇ، پىتلىنىۋېلىپ بىزگە كۆز ئالايتقىلى تۇردى. كاللا - پاقالچاق خېلى ئۆتەتتى، مانا بۇ لۆم - لۆم ئاشخانا ئېچىپ، بىزنى ھەيدىگىلى تۇردى. بىزنى پاسكىنا، كاللا - پاقالچىقى خام دەيدىغان گەپلەر ئاچ بۆرىگىدەك مۇشۇنىڭ ئاشخانىسىدىن تارقالدى. شېرىكلىشىپ خېلى پايدا يەتكۈزدۇق. مانا ئۆچ - تۆت كۈن بولدى، مېنى ئاشخانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ھە دېسىلا، ئابلەت كېچاك ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىپ بىزگە كۈن بەرمىدى. ھەيدىسىلە، ئىنگەكىم، قانچىلىك ۋەج كەتسىمۇ ئىنگەكىم! — بوۋاي زورىخانىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ھەسەن زاسۇيپەز قاسماق كىيىم بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— قانچىلىك ۋەج كەتسىمۇ ئىنگەكىم! — دېدى ھەسەن زاسۇيپەز ئايالنىڭ گېپىنى تەكرارلاپ، ئۇ دولىسىنى قورۇپ قوشۇپ قويدى، — ئوقۇغان نامازنىمۇ ناماز قىلمىدى...

— يوقىلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدىم قوللىرىمنى شىلتىپ، ئىسلەرنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق!

— كىم يوقىلاركىن، كۆرىمىز تېخى! — قۇدرەت ئاخۇن چىرايلىق پىنجەكىنىڭ يانچۇقلىرىغا قوللىرىنى سېلىپ، ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى - دە، ئادەت گېپىنى تەكرارلىدى، — ئا كېچاك، تۇ جۇيجاك، ما جىڭلىلار ھەممىنى بىلىدۇ، كىم ھۆكۈمەتنى قوللايدۇ، كىم ھۆكۈمەتكە قارشى، ھەممىنى بىلىدۇ...

— ۋاي ئائەلى كوسا! — دەپ ئۇنى تىللىدى بۇۋى زۇرىخان سىمىز قوللىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، — ساڭا ئوخشاش يالاقچى، ئايدا بىر خوتۇن ئالىدىغان، خوتۇننى سولاپ بېرىدىغان لۈم-لۈم ھۆكۈمەتكە قارشى بولماي بىزدەك بەشۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان مۆمىن بەندە ھۆكۈمەتكە قارشى بولامتى!

— سەن ھۆكۈمەتكە قارشى، ۋوي خوتۇنى تالاق شوۋىچى! — ھەسەن زاسۇيپەز خوتۇننىڭ ئالدىغا ئۆتتى. قۇدرەت ئاخۇن ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، گالستۇكىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇراتتى. پاھ، يۆلەنچۈكى پۇختا ئادەم مۇشۇنىداق بولىدىكەن-دە، — دەپ ئويلىدىم قۇدرەت ئاخۇننىڭ تەكەببۇرلۇقىغا ھەيران قېلىپ، — بىر تېيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، قاراڭلار، ئارقا تىرەك ئۇنىڭ مىجەزىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. شۇنچە غەم يېمەس، شۇنچە ئىغىرھە؟

— ئەتىلا ئۆيلەرنى چاقىمەن! — دېدىمەن قۇدرەت ئاخۇنغا قاراپ قويۇپ، — بۇگۈندىن باشلاپ كۆچۈڭلار، ھەممەڭلا كۆچۈڭلا!

مېنىڭ بۇلارنى كۆرەر كۆزۈم يوق، بۇلار مېنىڭ بىر چاغلاردىكى مۇلايىم، مېھرىبان، مۇڭداشقاق قوشنىلىرىم ئەمەس، بۇلار ھازىر پەيدا ئۈچۈن، راھەت-پاراغەت ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشتىن يانمايدىغان ماڭا يات ئادەملەر. بۇلار مېنىڭ ئۆيلىرىمگە يېڭى قوشنا بولۇپ كېلىشكەندە بەس-بەس بىلەن ماڭا غىزا سۇناتتى، سالام بېرىشەتتى، مېنىڭ پېشىمدا ناماز ئوقۇشقا تەييار ئىدى. ھازىر ئۇلار پۇللۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى ئۆگىنىۋالغان. خورلاش، ئالداش، يېلىنىش، بوزەك قىلىش، گىدەيەش، ئۆمىلەش، چېقىش، غاجاش، تىللاش، جازالاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتەلەيدۇ. مۆرىتى كەلسە بىرلىشىپ مېنى غاجايدۇ، تىللايدۇ، مۆرىتى كەلسە بىر-بىرىنى ماڭا چاقىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھەم پاناھى، ھەم دۈشمىنى؛ ھەم يېقىنى، ھەم يىرچۇنى...

قانداق قىلسام شەھەر باشلىقى بىلەن كۆرۈشەلەيمەن؟ بۇرۇنلاردا بۇ يەرلەرگە تولا كېلىدىغان شەھەر باشلىقى ھازىر نېمىشقا دارىماس بولۇۋالدى؟ ياكى شەھەر باشلىقىمۇ ئابلەت كېچاڭدەك پۇللۇق بولۇپ قالغانمىدۇ-ھە؟ پۇللۇقلارنىڭ ھەممىسىلا بۇزۇلغانلار ئەمەسمۇ؟ مەكتەپ، مەسچىت، دوختۇرخانا قۇرۇۋاتقان پۇللۇقلارمۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزغۇ؟ ياكى شەھەر باشلىقى ئالمىشىپ كەتتىمۇ؟ شۇنداقمىكىن دېسەم تېلېۋىزوردا كۈندە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغۇ؟

كېچىچە خىيال بىلەن ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. ماڭا جىمجىتلىق يوق ئوخشايدۇ. مەن خاتىرجەم بولاي دېگىنىم بىلەن باشقىلار مېنى خاتىرجەم قويمايدىغان ئوخشايدۇ. مانا، كۆزلىرىم چىڭقىلىۋاتىدۇ، يەنە يىقىلمىسام بولاتتىغۇ...

ياخشىلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدىغان ئوخشايمەن، مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق ماكانىم — ئۆز قورۇ-جايىم كۆزۈمگە تولىمۇ سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ قورۇ-جايىمغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىم سوپۇن كۆپۈكىدەك تېزلا بىر كۈندىلا يوقالدى. مەن ئۆز ھويلامدىكى ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ چىقىرالغىنىم بىلەن قوشنىلىرىمنى ھەيدىۋېتەلمىدىم.

ئەتىسى يەكشەنبە قۇدرەت ئاخۇننىڭ تويى بولدى. قىزىل لېنتا باغلانغان ماشىنىلار بولكىۋايلار «قۇدرەت ئەلى رېستورانى» ئالدىدا پەيدا بولدى. جۈپ-جۈپ قىز-يىگىتلەر تېخى چۈش بولا-بولمايلا رېستوران، ئۆيلەرگە تولدى. ھويلىغىمۇ ئۇستەل-ئورۇندۇقلار قويۇلغان، پەرتۇق تارتقان قىز-چوكانلار تاكاسلىشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشمەكتە، تەخسىلەرنىڭ چاقۇر-چۇقۇرلىرى، كۈلكە-قىقاس، ئۈنئالغۇدىن كېلىۋاتقان ناخشا، تەكەللۇپ ۋە قىزغىن ھۆرمەت بەلگىسى بولغان ساھىبخان سۆزلىرى، ھەسەن ئاخۇن بىلەن بىۋۋى زۆرىخاننىڭ تىل-ئاھانىتى، غالىپجاننىڭ ئۈنى، ئەرلىنىڭ يېڭى سېتىۋالغان بولكىۋاي ماشىنىسىنىڭ ماڭا تونۇش سىگنالى... ھەممىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، تۇۋۋا، — دەيمەن ئىچىمدە، — جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆينىڭ خوجايىنىسىمەنۇ، بىچارىمەن، ئۇلار كەلگىندى — زوراۋان، مەن ئۇلارنى نە كۆچۈرەلمەيمەن، نە ئۆيۈمنى چاقالمايمەن، مەن قىلىمەن دېگىنىمنى قىلالمايمەنۇ، ئۇلار قىلالايدۇ.

— ئىسراپىلكا، سارايغا مېھمان باشلايدىغان بولدۇق، — دېدى غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازلىق بىرى ئالدىراپ ئىشىك ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ، — ئايالالار كىرىپ تازىلايدۇ.

ئۇ مېنىڭ ماقۇللىقىمنىمۇ كۈتمەستىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ ئابلەت كېچاك، ئۇنىڭ قىزىل ساقاللىرى، مايلىشاڭغۇ خىزمەت كىيىمى ھازىر يوق. ئۇ ئەت رەڭ كاستيۇم-شىم كىيىپ، قىزىل گالستۇك تاقىۋالغان، چاچلىرىنىمۇ ياشلاردەك پاخپايتىپ بۇدرە قىلدۇرۇۋالغان. ماڭا مەسلىھەت سالمىدى، بۇيرۇق بەردى. مەن تېخى مىدىرلاپ بولغۇچە ئۆيگە لەۋلىرىنى قىزىل، قاپاقلىرىنى كۆل رەڭ بويىغان ئۈچ چوكان كىرىپ، ماڭا قاراپمۇ قويماستىن ئىچكىرىكى ئۆيۈمگە ماڭدى.

— يەكەندازلار نەدىكەن؟

— داستىخانلارنى ئۇنتۇپتىمىزغۇ!

— قىزلىرىم، نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — مەن غەزەبتىن تىترەپ، بۇ سوئالنى ئارانلا سورىيالىدىم.

— ئۆيگە مېھمان باشلايمىز، تۈزەشتۈرىمىز.

— ئۆي مېنىڭ! مەن ئۇنىمايمەن، ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئۇنىمايمەن!

— ھا ھا ھا... — ئۇلار تەڭلا كۈلۈشتى، ئۇزۇن تۇمشۇق، سېرىق چاچ بىرى تېرىلگەن قاشلىرىنى ئۈيىنىتىپ مېنى مازاق قىلدى.

— شىركەتمۇ سىلىنىڭمۇ؟ ئاجىگىلىمۇ سىلىنىڭمۇ؟ بىز ئاجىگىلىنىڭ دېگىنىنى قىلىمىز. سىلىگە مۇشۇ 30-يىللارنىڭ يالدامىسى — ياغاچ كارىۋاتىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، چوڭ دادا، بىكار ئۆزلىرىنى كايىتمىسىلا!

— ھا ھا ھا...

— ھى ھى ھى!...

مېڭەم زىڭىلدىدى، پۇت-قولۇم تىترىدى، كۆيۈشتى؛ مەن يەنە تالاشسام ھوشۇمدىن

كېتىمەن، مىركامىل بالام لەددىسەن، قىزىم سانىخان، ئابىدە ... مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھاشىخان پەيدا بولدى، ئۇ بۇندىن ئەللىك نەچچە يىل بۇرۇنقى كىيىمدە، لېكىن شاتىۋا كۆينەك، قىزىل خەسە تامبال كىيىۋالغىنى بىلەن لېۋىگە قىزىل سۇرۇۋاپتۇ، تېخى سۇرمە سۇرۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان. تۆگىلەر ئېغىزلىرىغا كۆۋۈك ئېلىپ، چۆكتۈرۈلگەن جايلىرىدىن قوزغالماقچى بولۇۋاتىدۇ، نىمانداق جىق كولدۇرمىلار بۇ؟ مۇز داۋاننىڭ قېلىن مۇزلىرى يېرىلدىمۇ؟ ئۇلار دېگەن قۇش نېمانداق ئەنسىز چاللايدۇ، بۇ بىر جۇتلۇق ئەمەسمۇ؟ كارۋان سارىيىغا كەلگۈن سۈيى نەدىن كەلدى؟ بىزنىڭ ھۇجرىمىزنى سۇ باسمىسۇن، ھاي ھاپىز ئاخۇن، سۇنى ئېتىڭ ... ھاشىخان قولۇمدىن تارتىۋاتىدۇ، مەن تۇرالمايۋاتىمەن، مىركامىل بالام مېنى يۆلە!

* * *

پەدەردىن ئايرىلىپ قالدىم. دادام بۇ قېتىم ئۆرە بولالمىدى. دادام رەھمىتى ئۆز غەلىبىسىنى كۆرەلمىدى، مەن كەچلىك گېزىتكە يەنە ماقالە يازدىم — شەھەر باشلىقى مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى. مەن دادامنىڭ تىلىكىنى باشلىققا مەلۇم قىلدىم. مانا ھازىر دادامنى ھەم كۆلدۈرگەن، ھەم يىغلاتقان، ئاخىرىدا جېنىغا زامىن بولغان قورۇ - جاينىڭ ئورنىدا چىرايلىق گۈللۈك بار. قۇدرەت ئاخۇن، ئابلەت كېچاك، بۇۋى زۆردىخانلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى؟ دەپ سورىدى بىر دوستۇم دادامنىڭ ئۇنتۇلغۇدىكى ئۆزۈن سۆزىنى قىزىقىپ ئاڭلاپ بولۇپ، بىلمەيمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، بىلىشكىمۇ قىزىقمايمەن. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ھەۋەسى بولىدۇ. ئابىدە بۇ ئىشقا قىزىقىدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ توغرىدا ئەسەر يازماقچى. ئابىدە ئىنقىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار توغرىسىدا مەن ساڭا سۆزلەپ بېرەي. سەن سورىمىدىڭ، سورىمىساڭمۇ سانىخان ھەدەم توغرىسىدا ساڭا سۆزلەپ بېرەي. ئۇنىڭ ھازىر ئىككى يەردە دۇكىنى بار، ئۈچ خىزمەتچىسى، چىرايلىق، ئىككى قەۋەتلىك قورۇ - جايى بار. ئۇ ھازىر ھەقىقي خوجايىن!

پەدەر ئالەمدىن ئۆتتى، لېكىن ئۇ غەلىبىسىنى كۆرەلمىدى. شۇنداق، ھېچكىم غالىپ ئەمەس، ھېكىم ئۆزىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

# دىلخۇمارلىق يەلكەن ئېچىپ قوزغالدى

## خىلۋەتتىكى خىيال

ھەر چېچەكنىڭ ئۆز مەۋسۇمى بار،
ھەر مېۋىنىڭ لايىق قەرەلى.
ھەر ئېقىمدا ئۆزگىچە دىدار،
ھەر ئۆركەشنىڭ ئۆزگە ئەمەلى.

يۇرەر ئەرۋاھ تەمتىرەپ بىر پەس،
سوقرات ھېكىم سىياقى گويا.
ئويلاپ قالدى: ئۇ قايتا نەپەس
ئالغاندىمۇ ماس كەلمەس دۇنيا...

يۇرەر باشقا سىياق بىر ئەرۋاھ،
قىلىپ مىڭ يىل كېيىنكى ئىدراك.
ئويلاپ قالدى: ھەر ئەسىرگىلا
شۇ ئەسىرنىڭ ئادىمى كېرەك...

ئۆتكەنلەرنىڭ ئەرۋاھى قالدى
تىرىكلەرگە زېھىن، كۈچ تىلەپ.
كەلمىگەنلەر يۇلتۇز بوپ ياندى،
كەلگۈسىگە بىزنى يېتىلەپ.

شۇ خىيالدا تاڭنى ئۆتكەزدىم،
شېرىن ھىدىن چاچقۇنچە چېچەك.
ئېقىن سۇلۇق جىلغىنى كەزدىم،
مەن زامانەم گىياھى دېمەك.

ھەر چېچەكنىڭ ئۆز مەۋسۇمى بار،
ھەر مېۋىنىڭ لايىق قەرەلى.
باھار يەنە باغۋەنگە قارار،
ئەجىرلەرگە نۇر ياغار بەلكى.

## گۈل بىلەن كېپىنەك سىرداشتى كېچە

مەي كۈلگەن قەدەھنى ساڭا ئۇزاتسام
بىر شېئىر بەدىلىگە ئىچمەك بولدۇڭ مەي.
ئۆزۈڭسەن ئەڭ شېرىن سۆيگۈمگە ئىلھام،
ئەسلىسىم، خىيالىم شېئىرىڭ پۈتۈنلەي...

بىر يۇمران چېچەكسەن ئەتىر بەرگىنگە،
كېپىنەك قانىتىم كېلەرمۇ مالال؟
لېۋىمنى تەگكۈزسەم مەسۇم لېۋىڭگە،
قەدەھتەك لېۋىمگە قۇيارسەنمۇ بال؟

ھۇشىنى يوقاتتى ئاخىر كېپىنەك
گۈل بىلەن سىردىشىپ ياتقان تۈن كېچە.
رومىئو سىياقى ئۇ قوپماس دېمەك،
جولىيتالە بىزدىن مەي ئىچمىگۈنچە...

شېئىرىمنى ئاڭلاپ يار كۈلۈپ ئىچتى مەي،
كۆلكىگە يوشۇرۇپ ھېس-خىيالىن ھەم.
قەدەھتىن يار كۆردۈم، ئاڭلىماي لەببەي،
لەببەيسىز مەيخورمەن قەلبىم بولماس نەم.

## ئون سەككىزگە ھەر كۈن كىرەر قىز قالدى

ھەر ئۆتكەندە ئىشىكىڭدىن شېخىملىنىڭ
سۆرمەللىرى ئايىغىمدا قىپقالدى.
قانچە - قانچە سۆيۈشلەرنىڭ ئۆلگىسىن
بېغىڭدىكى گۈل - چېچەكلەر ئېپقالدى.
ئەنە شۇنداق بىر قەرىنى ئۆتكۆزدۇق،
ئۇسسۇز سۆيگۈ — ئاتەشىن دەرد بوپقالدى.

بىلسەم بەلكى، كۆز يۇمارمەن قانماستىن،
لەۋلىرىڭگە، كۆكرىكىڭگە، مېھرىڭگە.
نەدە تىنماق سېنى يادقا ئالماستىن،
سەنسىز ھارام باشقا پىكىر زېھنىمگە.
ئىككى كۆزۈم بوتىلاردەك، مەجنۇندەك،
تەلمۈرەر ئۇ يول چۈشمۇ چېھرىڭگە!

تەڭرى بەلكى ئىشقۋازلار خاكىدىن
خاكىمىزنى ياسىغاندۇر ھۆنەردە.
ئالماشقاندۇر يۈرىكىمىز، سىنەمىز
تەن قەسرىگە روھلىرىمىز كىرگەندە.
ئازابلاردىن، غۇربەتلەردىن تەشۋىش يوق،
چىدالماسمىز ھەرنە ھىجران كۈنلەرگە...

ھەر باققاندا يۈرىكىمدە - قەلبىمدە
تىغ ئىزىدەك جىراق - جىراق ئىز قالدى.
ھەر سۆيگەندە ئۇسسۇز چاڭقاق لېۋىمدە
ئون سەككىزگە ھەر كۈن كىرەر قىز قالدى.
ئىككى يۈرەك مۇھەببەتتى قوش ئوكيان،
سېغىنىشىمىز يەلكەن ئېچىپ قوزغالدى.

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## روھىم ئۇزۇندىلىرى

### خۇشاللىق

گىرە سالغان ئىدىڭ بويىنۇمغا
ئەستىرىگە شۇڭغۇپ زاكامىنىڭ.
جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن لەگلىكىم
بۇلۇتلارغا قوندۇرۇپ سېنى،
شامالارغا بولدى ئويۇنچۇق.

كۆرۈپ قالدىم گۇگۇمدا غىل - پال،
ئىشكلەرنى چەكتىڭ بىرمۇ بىر.
ئەجەبا،
تونۇيالماي ئىگەڭنى
بوۋاقلاردەك يۈرسەڭ يېتىرقاپ؟

كەلكۈن كەبى كەلسەڭمۇ دەۋرەپ،
بوسۇغامدىن يانارسەن يەنە
بىر بۇتىنغاق خوتۇندەك گويا.
ئەي، ئالدامچى خۇشاللىق،
خىيالىمنى قوزغىما قايتا،
بىر دەملىك جىلۋەڭگە ئالدانغىچىلىك
ئۆتۈپ كېتەي ۋاپاسى ئاز جاھاندىن
ۋاپادارى بولۇپ ئازابىنىڭ.

### بىر جۈپ كۆز

بىر جۈپ كۆز
ئويۇپ قالغان بىردە كېچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى

بۇ دۇنيانى كۆرگەن كۈنىلا،
چالا - بۇلا ئۇچۇقتۇر بىرى،
ئۇندا بىر شام
شامالاردا ئۆچۈپ
جىمجىتلىقتا پىلدىرلار غىل - پال.
ئۇيۇقىدا قارىچۇقىنىڭ
كېچىلەرگە مەھبۇس بىر يۇلتۇز...
قۇياش تۇغقان قاراقلاردىن
ئېتىلدۇ ئاتا چېقىنلار
زاۋاللارنىڭ بوغۇپ گېلىدىن...

بىر جۈپ كۆز،
ئۇخلاپ قالغان بىردە كېچە.
لەيلەپ يۈرەر بىردە گۈگۈم...

## قاتىللار

جان تاپشۇرار
ھەر قەدىمىم ئاستىدا
ۋاقىتنىڭ بىر چارىكى ئۈنسىز.
دەسسلەپ باقسام
ئاۋۋال - ئاخىر قەدەملىرىمنى
چىقتى مېنىڭ بويۇمدىن ئېگىز.
جەسىتىدە ۋاقىتنىڭ
باغلىرىمغا سوقتۇم قورۇق تام...

يىللار
ئىشقا سىيلىپ كۈن ۋە تۈننى
پېشانەمگە چاپتى كۆپ ئېرىق.
بولاپ كەتتى چېچىمنى تۈنلەر،
باشلاپ قويۇپ بېشىمغا
نەشپۈتلەرنىڭ چېچەكلىرىنى...
كۆزلىرىمنىڭ نۇرىنى
ئارىيەتكە ئېلىۋالدى كۈن
ئەزرائىلنىڭ بىر جۈپ دېرىزىسىنى
چاڭگاللىتىپ قويۇپ قولۇمغا...
جەسەتلىرى ۋاقىتنىڭ
بىر كۈنلىرى ئەزرائىلغا يۆلىنىپ
ئىزلىرىمدىن قوپۇپ كۆررىدە
مېيىتىنى جېنىمنىڭ
يۆگەپ ئاپئاق داستىخانغا
پارا قىلىپ بېرەر جوپىسىز خۇداغا...

مەن ۋاقىتنىڭ ئەخمەق قاتىلى،
ۋاقىت — مېنىڭ ئەڭ كۈچتۈڭگۈر قاتىلىم!
بىز ئاشۇنداق قاتىللار...

## دېرىزەمدە تۆت چاسا قۇياش

تۆت چاسا ئۆيىدىكى تۆت چاسا كېچە،
تۆت چاسا كۆزنەكلىرىمدىن
شۇڭغۇپ كىرگەن تۆت چاسا نۇردا
تۆت چاسا تۇرۇسقا بېكىندى ئاستا،
تاڭ كۆرگەن گۈللەردە تاڭ كەبى چاقناش
ئۇيۇقنىڭ پەغمزىدىن ئۇچۇپ كېلىپ،
چېلىكىمدە ئۆزىنى قىلدى تاماشا.
دېرىزەمدە تۆت چاسا قۇياش...
ئېللىپىسسىمان چاناقلىرىمدىن
سەكرەپ چىقىپ تۆت چاسا نىگاھ
تۆت چاسا قۇياشنى سۆيدى ئەسەبىي!
پولاتلىتىپ ئاسماندا
تۆت چاسا شەكىلنى پاچاقلاپ تامام،
كىرگۈزدى ئۇنى
چەكسىز كۆكتەك چەكسىزلىككە.
دېرىزەمدە تۆت چاسا قۇياش...

## ئۇقماي كەتتىك

كۆزلىرىڭدە نە سوئال يوق، نە ئۈندەش،
قارىسى قارا، ئېقى شۇنداق ئاق،
ئۇندا بىرەر سۈرەت كۆرۈنمەس.
يەلكەڭدە كۆكلەپ تۇرغان شۇ كاللاڭ

رەسىم تارتقاندا
نۇرى قاچقان ئاپپارات، خالاس!
يالىڭاچ كېلىپ سىرلىق ئالەمگە،
تېنىڭنى ئاپئاق خەسىدە سىرلاپ
كېتىپ قالدىڭ يەنە سىرلىق ئالەمگە.
قورقماي كەتتىڭ بىلگىنىڭ نېمە؟
دېگىنىڭ نېمە؟
ئۇققىنىڭ پەقەت
چىشىڭنىڭ كاۋىكىدىكى مۇنۇ رىسالە:
ھەر ئەتىگەن چىللايدۇ خوراز،
قۇياش چىقىپ تاڭ ئاتار ئاندىن،
كۈن پاتىدۇ، ئالىدۇ ئورۇن
ئاي، يۇلتۇزلار خىرە ئاسماندىن.
ھەر كېچىدە چۈش كۆرۈپ چىقىمىز،
ھەر كۈنلۈكى (تەكرار ھادىسە)،
ئۈچ ۋاخ تائام يەيمىز داستىخاندىن...
چاق ئايلىنار ئۇقىنىلا...

تۇغۇلۇشۇڭنى ئۇقماي تۇغۇلدۇڭ،
سۇنايلىنىپ ئاممۇي تەختكە،
ئۇقماي كەتتىڭ...

### قانۇنىيەت

كەپسىز باھار
گىياھلارنى
قۇلىقىغا قىسىپ ئېتىزنىڭ،
دەرەخلەرنىڭ بارماقلىرىغا
چاچتى تۈمەن يېشىل قول ياغلىق...

ئەنۋەر ھاشىم

جۇلالىنار ئەبەدىي تۇستە
چىلان رەڭلىك يەنە شۇ تۇپراق.

ئالتۇن لىباس يېپىنغان شامال
پەر قولىنى شىلتىپ ھەر يانغا،
دالالارنى بويىدى سېرىق.
جۇلالىنار ئەبەدىي تۇستە
چىلان رەڭلىك يەنە شۇ تۇپراق.
ئاپئاق شۇۋىرغان
ئۇپۇقىچە باردى يوگۇرۇپ،
توزۇپ كەتتى سوغۇق ۋۇجۇدى
ئەتراپلارغا چېچىلغان ئۇندەك...
جۇلالىنار ئەبەدىي تۇستە
چىلان رەڭلىك يەنە شۇ تۇپراق.

بۇلۇتلارنىڭ چاناقلىرىدىن
ماموق توپا باغرىغا
تامچىلايدۇ گاھ
تىنچ ئوكيان.
دومىلايدۇ گاھ
مۇز ئوكيان...
جۇلالىنار ئەبەدىي تۇستە
چىلان رەڭلىك يەنە شۇ تۇپراق.
ئاشكارىلار ئۆزىنى پات ـ پات
تاغلارنىڭ يۈرىكىگە يوشۇرۇنغان ئوت.
قۇلىقى مىدىرلىغىچە مەي ئىچكەن ۋادا
لەيلەپ كېتىپ تەۋرىنەر بەزەن...
جۇلالىنار ئەبەدىي تۇستە
چىلان رەڭلىك يەنە شۇ تۇپراق.

# مۇڭلۇق ناخشام ئىزدەيدۇ ۋىسال

## دەريا ئاقار ناخشا ياڭرىتىپ

خوراز چىللاپ ئاتتى يېڭى تاڭ،
قىراۋ بىلەن دەرەخ بېزەلگەن.

قۇياش رەنجىپ قالغانمىكىن تاڭ،
چاچمايدۇ نۇر سېخىلىق بىلەن.

www.uyghurkitap.com

دەھشەت سېلىپ ھۇۋلار شىۋىرغان،
قارا بۇلۇت ئۇزەر كۆرەڭلەپ.
يەر يۈزىگە بولغاچ ھۆكۈمران
تۇرار سوغۇق نەشتىرىن تەڭلەپ.

لېكىن پىسەنت قىلماستىن دەريا
ئاقار جۇشقۇن ناخشا ياڭرىتىپ.
قاخشاپ يۈرمەس سوغۇقتىن ئەسلا،
ئۆتەر بەلكى ئۇنى قاخشىتىپ.

كۆل سۈيىنىڭ چارىسى يوقمۇ،
سوغ دەستىدىن تاشتەك قېتىپتۇ.
تووا دەيمەن ئاشۇ سوغۇقمۇ
جىم تۇرغاننى بوزەك ئېتىپتۇ.

## كەچمىشلىرىم تىلەيدۇ سۆيگۈ

نەزەرىمدە ئىلاھەسەن ئەي قىز،
ئىشقىم ساڭا تاشلىغاچ سايە.
تۇيۇلمىسا ئەگەر تۇترۇقسىز،
كەچمىشىمدىن سۆزلەي ھېكايە.

تاتلىق چۈشتەك ئۆتۈپ ئاي، يىللار،
باللىقىم ئالدى بىر چېكىت.
خەتمۇ تارتتى ساقال - بۇرۇتلار،
بولۇپ قالدىم ئىشقىۋاز يىگىت.

مۇڭلۇق ناخشام ئىزدەيدۇ ۋىسال،
سۆيگۈ پەيزى سۈرەر چۈشلىرىم.
ساڭا ئايدىڭ ئاشۇ مىنۇتلار،
سۆيگۈ تىلەر، بىلگىن جىگىرىم.

كەچمىشلەرنىڭ ئۇلانمىسىنى،
سۆيۈملۈكۈم، يازايلى بىللە.
ۋىسال ئاتا قىلار جەننەتنى
شۇ جەننەتتە ياشايلى بىللە.

## سۈرىتىڭگە تىكىلسەم ئۇزاق...

سۈرىتىڭگە تىكىلسەم ئۇزاق،
ئوتلۇق كۆزۈڭ داستان ئوقۇيدۇ.
يۈرىكىمگە تال - تال كىرپىكىڭ
پاك سۆيگۈدىن كەشتە توقۇيدۇ.

سۈرىتىڭگە تىكىلسەم ئۇزاق،
تاتلىق كەچمىش كېچەر يادىمدىن.
شېرىن مىنۇت، ئىزگۇ كۆرۈنۈش
سەپ تۈزۈشۈپ ئۆتەر ئالدىمدىن.

سۈرىتىڭگە تىكىلسەم ئۇزاق،
قانماي ئۇزاق قاراپ كېتىمەن.
ئېپىز، يۇمران لېۋىڭگە تەگكەن
لەۋلىرىمنى يالاپ كېتىمەن.

سۈرىتىڭگە تىكىلسەم ئۇزاق،
شېرىن خىيال ئالار قوينىغا.
تېپىلغۇسىز ھۇزۇر سېزىمەن
گىرە سېلىپ ۋىسال بوينىغا.

سۈرىتىڭگە تىكىلسەم ئۇزاق،
سېغىنىشىم، پاك سۆيگۈم ئاشار.
ئوتلۇق تۇيغۇ، ۋاپا، ساداقەت،
قايناق ئىلھام يۈرەكتىن تاشار.

## تەنھا قولۋاق

كۆز ئالدىمدا خىيالەن دۇنيا،
ئۇپۇققىچە تۇتاشقان دېڭىز.
يۈرەر ئەنە بىر قولۋاق تەنھا،
ھەر تەرەپكە ئۈزۈپ نىشانسىز.

كۆتۈرۈلسە دېڭىزدا دولقۇن،
قوغلىۋېتەر ئۇنى بىمالال.
ئايلاندۇرار بېشىنى ئەگەر،
چىقىپ قالسا ئازغىنا شامال.

زىت تۇيغۇدا تىكىلدىم ئۇزاق،
ئىچ ئاغرىتتىم، قىلدىم مەسخىرە.
ئۇمۇ مېنى قىلغاندۇر مازاق،
بۇ مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ - خىرە...

## قۇياش ئىرىكىسى

چارچاپ كۆزى قىزارغان قۇياش،
قويغىنىدا ياستۇقىغا باش؛
قاپساپ كەلدى تۈن لەشكەرلىرى،
پەيتنى مەھكەم تۇتۇپ ئالدىراش.

شاۋقۇنلارنى ئېيتىشىپ ئەللەي،
ئۇيقۇغا غەرق ئەيلەدى ھەي ـ ھەي.
كۆكتە ئاي ۋە يۇلتۇز جىمىرلاپ،
ھەيران قالدى سىرنى بىلەلمەي.

بىر چاغلاردا چىللىدى خوراز،
تۇن كۆكسىنى تىترەتتى ئاۋاز.
كەتكەندى قۇياش ئويغىنىپ،
توستى ئۇنى بۇلۇت ـ تەرەپباز.

شىلتىنغاندا قۇياشنىڭ قولى
ھالاك بولدى تۈن قاراۋۇلى.
تىركىشىشتىن نۇسرەت تاپمىغاچ،
ساق قالغانلار قاچتى بىر يولى.

ئېسىپ بولغاچ شان ـ شەرەپ، نۇسرەت،
نۇر ئىلكىدە رەڭدار تەبىئەت.
قىلار قۇياش يىللىق تەبەسسۇم،
زېمىن ئاڭا بىلدۈرەر رەھمەت

## بۇ كېچە

مەن سېنى كۈتتۇم يەنە بوستاندا، جانان، بۇ كېچە،
ئىككىمىزگە بەك تونۇش پىنھاندا، جانان، بۇ كېچە.

ساڭا تەشنا يۈرىكىم، ھۆسنىڭنى كۆرمەك تىلىكىم،
چىقمىدىڭ مەن ئىنتىزار بولغاندا، جانان، بۇ كېچە.

ئاي مېنى يالغۇز بىلىپ، يۇلتۇزمۇ ھېسداشلىق قىلىپ،
ماڭا ھەمراھ بولدى كۆك ئاسماندا، جانان، بۇ كېچە.

كېچە سالقىن ھەم گۈزەل، ئېيتار تومۇزغا كۈي ـ غەزەل،
قوزغىتار زوق ھەممە ياق ئىنساندا، جانان، بۇ كېچە.

شۇندىمۇ مەن يەنىلا تاپماي تەسەللى زادىلا،
ئۆرتىنىپ كەتتىم پىراق ـ ھىجراندا، جانان، بۇ كېچە.

كۆرمىگەچ جان ـ جىگىرىم ھۆسنىڭنى، كۆڭلۈم بەك يېرىم،
نە ئىلاج، سەۋرى قاچام تاشقاندا، جانان، بۇ كېچە.

بارۇ ـ يوقنى ئۇنتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك بولۇپ،
ئۆيگە قايتتىم ئاقىۋەت ئارماندا، جانان، بۇ كېچە.

قۇربانجان مۇھەممەتئىمىن

# سۆيگۈ بەرگەن سەبىي تۇيغۇلار

## سەھرا ساڭا ياسايدۇ تەخت

ۋەسلىڭگە بىر ئۆمۈر يېتەلمەي جانان
ھىجرانلىق تۈنلەرگە يۈزلەندى قەدەم.

رەنجىشلەر قەھرىمان، رەنجىشلەر قارام،
يىغلايدۇ ۋە لېكىن تەنھا ئەقدەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇمانلىق دۇنيادا يۇرۇيدۇ جىسمىم،
كۆلەڭگەم قۇياشتىن كۈتمەيدۇ زىيا،
مىڭ پەرى كۈلگۈنچە كۆرسەتسۇن سىنەم،
سەن يەنە قەلبىمنى قىلدىڭ ئىستىلا.

قەلبىمدە بىرلا سەن قۇياشلىق دۇنيا،
سېنىڭسىز ۋۇجۇدۇم بىر سىرلىق ئۆڭكۈر.
سەن بەختىم ئىلاھى، ئۆمرۈمگە كېپىل،
سەن ئۆلسەڭ ماڭىمۇ قازسۇن ئاۋام گۆر...

## ئۆكۈنۈش

ئاي مىسالى تۇمانغا چۆككەن
سەن مۇڭلارغا بولغاندا تۇتقۇن.
غايىب بولغان تەنتەك ئۆتمۈشۈم
ئۆكۈنۈشتىن كۆتۈردى ئۇپقۇن.

بۇسۇغاڭدىن ئۆتسەم ھەر سەھەر
يوچۇقلاردىن قارايسەن مىسكىن.
ئۇماقلىرىڭ ئويناپ يېنىڭدا،
زېرىكىشتىن يوللار ئۆكسۈپ تىن.

ھايات دېگەن بولىدۇ رەڭدار،
قىلغىن دەيمەن مەيلى قانائەت.
ئەيىبلەيمەن پەقەت ئۆزۈمنى،
مەن بەرمىگەچ ۋەسلىڭگە پۇرسەت.

## سەھرايىڭنى ئۇنۇتما، دىلبەر

پاك سۆيگۈدە كۆيسەم مەن ساڭا
سەھرا ھىدى كېلەركەن دەپسەن.
مەن بىر گۈزەل شەھەر قىزى دەپ،
نەزەرىڭنى ئۇستۇن تۇتۇپسەن.

مەن شەھەرلىك دېمىگىن ھەرگىز،
بىرگە ئۆسكەن سەھرايىمىز شۇ.
قورقما قونسا سەھرا چاڭلىرى
يۇيۇپ ئۆتەر كەۋسەر مىسال سۇ.

سەھرايىڭنى ئۇنۇتما ھەرگىز،
شۇ سەھرادىن تاپارسەن بەخت.
ئۆلسەڭ ئەگەر شەھەردە ياشاپ،
سەھرا ساڭا ياسايدۇ تەخت.


## ئىزدەيمەن سۆيگۈنى سېنىڭ ئىزىڭدىن

ئىزدەيمەن سۆيگۈنى سېنىڭ ئىزىڭدىن،
قۇت بەرگەچ شوخ كۈلكەڭ مىسكىن دىلىمغا.
لېۋىمنى سوزمايمەن بىراۋ لېۋىگە،
لېۋىڭنىڭ شەربىتى سىڭگەچ قېنىمغا.

ئىزدەيمەن سۆيگۈنى سېنىڭ ئىزىڭدىن،
چىققىن تاغ - جىراغا. شۇڭغۇ دېڭىزغا.
پەر قېقىپ ئۆرلىگىن ياكى كۆك تامان،
بارىمەن سۆيگۈنى ئىزدەپ يېنىڭغا.

ئىزدەيمەن سۆيگۈنى سېنىڭ ئىزىڭدىن،
سەن بىلەن ياشايمەن بولۇپ قۇتلۇق ئەر.
گۈزەللىك مەن ئۈچۈن سەنلا، پەقەت سەن،
سەن قەلب كۆكىمنى يورۇتقان ئۇكەر.

**قاھار جېلىل**



# كادىرلار پالاتاسى

**(ھېكايە)**

بۇ ئوبلاستقا تۇنجى قېتىم كېلىشىم ئىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن قېرىشقاندەك ئاشقازان كېسىلىم قوزغىلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. دوختۇرخانا مەخسۇس «كادىرلار پالاتاسى» تەسىس قىلغانىكەن. مېنى باشلاپ بارغۇچىنىڭ يۈزى ئۈچۈنمۇ ياكى كەسپىمنىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئاشۇ پالاتىغا ئورۇنلىشىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

«كادىرلار پالاتاسى» ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنى ئىگىلەپتۇ. 10 ياتاق ئىككى كارىۋاتلىق، ئىككى ياتاق بىر كارىۋاتلىق ئىكەن. ياتاقلارغا ئىككى كرېسلو، چاي شىرەسى، ئىككىدىن ئورۇندۇق، يېزىق ئۈستىلى ۋە كىيىم ئىشكابى قويۇلۇپتۇ. كارىدورغا سۈنئىي تالادىن توقۇلغان پاياندار سېلىنغاچقا، قەدەم ئاۋازى چىقمايدىكەن. يەنە ئىككى چەتتە ئىككى دەم ئېلىش ئۆيى ئاجرىتىلىپ، ئۇ يەرگە بىردىن رەڭلىك تېلېۋىزور، بىر تاختىدىن شاھمات، دامكا، بىر يۈرۈشتىن قارت، ئىككى-ئۈچ نۇسخىدىن گېزىت قويۇلۇپتۇ.

خىيالىمغا تۇنجى كەلگەن تەسىرات بۇ يەر بىمارلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن راھەتلىك ماكان ئىكەن، دېگەندىن ئىبارەت بولدى ۋە بۇ قېتىم تەلىيىمنىڭ ئۆڭدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۈكرى قىلدىم. مەن بۇرۇن ئۈرۈمچىدىمۇ ئىككى قېتىم ياتاقتا يېتىپ داۋالانغان، ئەمما ھەر ئىككى قېتىمدىلا كارىۋاتلار بىر-بىرىگە يېقىن قويۇلغان ئالتە-يەتتە كىشىلىك ياتاقلاردا يېتىشقا توغرا كەلگەن. ئۇ ياتاقلاردىكى كېسەللەر يەل، دورا ۋە تەر پۇراقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئېغىر ھاۋادىن نەپەس ئالاتتى؛ بىرلىرىنىڭ ئىنجىق-ئىڭراشلىرى، بىرلىرىنىڭ خورەكلىرى دەستىدىن كېچىلىرىمۇ تۈزۈك ئۇخلىغىلى بولمايتتى... ئۇ ياتاقلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ «كادىرلار پالاتاسى»نى مېھمانخانا ياكى ساناتورىيە دېسىمۇ بولغۇدەك دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مىنىڭ ئورۇنلاشقىنىم ئىككى كىشىلىك ياتاق ئىدى. ھەمراھىم مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك، يىللىق چىراي كىشى ئىكەن، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ رىشت، كەسپىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— تۆت-بەش كۈننىڭياقى يالغۇز يېتىپ زېرىكىۋىدىم، سىزنىڭ كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى، — دېدى ئۇ دوستلارچە كۈلۈمسىرەپ.

www.uyghurkitap.com

مەنمۇ ئۆز لايىقىدا بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلدىم. شۇ ئارىدا ياتاققا ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى. بىرى ياشىنىپ قالغان، پاكار بويلۇق، سېرىق چىراي كىشى بولۇپ، ئىسمى نىزامىدىن ئىكەن. يەنە بىرى 50 ياش ئەتراپىدىكى قارامتۇل چىراي، گازىر كۆز، ياپما قاپاق، ئېڭەك سۆڭىكى سەل بۆرتۈپ چىققان يۇنۇس ئىسىملىك كىشى ئىكەن، ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندا ئوبلاستقا قاراشلىق مەلۇم بىرئىدارىنىڭمۇئاۋىن باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇمىدى.

ئۇلار ئۇدۇلىمىزدىكى ياتاقتا يېتىۋاتقانلار ئىكەن. ئۆزئارا تونۇشۇۋاتقان چېغىمىزدا نىزامىدىن ئاكىنى يوقلايدىغانلار كېلىپ قېلىپ، ئۇ ئۆزرە سوراپ ياتىقىغا چىقىپ كەتتى. رىشتىنىڭمۇ ئاشقازانىنى رەسىمگە ئالدۇرىدىغان ئىشى بار ئىكەن، شۇڭا بىردەمدىن كېيىن ياتاقتا گازىر كۆز يۇنۇس بىلەن مەنلا قالدۇق. ئۇ ماڭا پالاتانىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

— قارىغاندا بۇ يەرنىڭ شارائىتى بەك ياخشىكەن، — دېدىم مەن زوقلانغىنىمنى يوشۇرماي.

— بۇ يەردە داۋالىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىري كادىرلار تۇرسا، ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى گازىر كۆز، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىنمۇ، چىرايىدىنمۇ بىر خىل مەغرۇرلۇق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى، — سىلەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىلاردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «كادىرلار پالاتاسى» باردۇ؟

ھە دېگەندىلا مەنسەپ ۋە دەرىجىنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ئادەملەر بىلەن خوشۇم يوق ئىدى، شۇڭا يۇنۇسنىڭ سوئالىغا تەنە بىلەن جاۋاب بەردىم:

— بولمامدىغان، ھەتتا مەخسۇس «كادىرلار زاراتگاھلىقى» مۇ بار، دەڭە.

بۇنى كۆرۈڭ، مەن ئۇنىڭغا تەنە قىلدىم دەپ، ئەمەلىيەتتە ئىلھام ئاتا قىپتىمەن ئەمەسمۇ.

— شۇنداق-تە، ئەلۋەتتە بولۇشى كېرەك، — تېخىمۇ جانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى يۇنۇس، — ئۈرۈمچى دېگەندە رەھبىري كادىرلار تېخىمۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكلەرمۇ بار ـ دە، ئەمما مانا «كادىرلار زاراتگاھلىقى» دېگەننى تۇنجى ئاڭلىشىم. بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن. مېنىڭچىمۇ رەھبىري كادىرلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئالاھىدە زاراتگاھلىقتا يېتىشقا ھەقلىق. بۇ گەپنى ياخشى دېدىڭىز، بىزمۇ بۇ خۇسۇستا ئوبلاست باشلىقلىرىغا ئىنكاس قىلايلى. بۇ يەردىمۇ شۇنداق زاراتگاھلىق بەرپا قىلىش زۆرۈر ئىكەن.

ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىمىزنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى ئايان بولدى. مۇنازىرىلەشمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدىم. دوختۇرخانىغا كىرىپلا تالاش ـ تارتىش قوزغىسام قاملاشماس. شۇڭا ئۇنىڭغا ئېچىنىش ۋە مەسخىرىگە تولغان تەبەسسۇم ئىلتىپات قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندىم. بىراق يۇنۇس سۆھبەت خۇمار كىشى ئوخشايدۇ، دەرھال يەنە گەپ باشلاپ قالدى:

— ھە راست، كەسپىي يازغۇچىلىق دېگەن قايسى دەرىجىگە تەڭ؟

ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم، بىراق نېمىشقىدۇر دەماللىققا جاۋاب بىرەلمەي قالدىم.

— دېمەكچى بولغىنىم، — سوئالىنى

ئىزاھلىدى يۇنۇس، — كەسپىي يازغۇچى
دېگەنلىك ناھىيە دەرىجىلىكنىڭ جىگىغا
تەگمەي ياكى مۇئاۋىنىغىمۇ؟

ياپىر، ماۋۇ ئادەمنىڭ شۇنچە ئىنچىكە
زىغىرلاپ كېتىشىنى قاراڭلا! مەن ئاچچىق
كۈلكەمنى زورىغا بېسىۋېلىپ، يانىدۇرۇپ
سورىدىم:

— نېمىشقا كەسپىي يازغۇچىنى ناھىيە
دەرىجىلىك دەپلا قارايسىز؟

يۇنۇس كۈلۈپ تۇرۇپ دەررۇ جاۋاب
بەردى:

— بۇنىڭ نېمىسى قىيىن، ئەگەر سىز
بۆلۈم دەرىجىلىك بولغان بولسىڭىز بۇ
ياتاقتا ياتالمايتتىڭىز، ئوبلاست دەرىجىلىك
بولسىڭىز ھازىر بىز يېتىۋاتقان ياتاقتا
ئورۇنلىشاتتىڭىز.

ئۇنىڭ بايا ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىدىنلا
ئۇدۇلىمىزدىكى ياتاقنىڭ ئەسلىدە بىر كارىۋاتلىق بولۇپ، ئوبلاست دەرىجىلىك كادىرلار ئۈچۈنلا ئاجرىتىلغانلىقىنى، ئەمما
ھازىر ۋاقىتلىق بىر كارىۋات سەپلىنىپ،
ئىككى كىشى يېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەنىدىم.
شۇڭا يۇنۇسنىڭ بۇ گېپى مېنى ھەيران
قالدۇرمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ مەنسەپ
دەرىجىسىگە پەۋقۇلئاددە ئېتىبار بېرىدىغان
كىشى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشەندىم.
شۇنداقتىمۇ راست سۆزلەش لازىم ئىدى.

— كەسپىي يازغۇچى دېگەنلىك مەنسەپ نامى ئەمەس، شۇڭا ئۇنى بىرەر
مەمۇرىي دەرىجىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

— جەمئىيىتىمىزدە ھەربىر كىشى
ھەر ھالدا بىرەر دەرىجىگە تەڭ بولۇشى
كېرەكتە، — دېدى ئۇ قايىل
بولماي، — مەسىلەن، ئالايلۇق...

— مەن پەقەت ئۆزۈمگىلا تەڭ، —
ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ، بۇ بىمەنە
سۆھبەتنى ئاياغلاشتۇرماقچى بولدۇم.

يۇنۇس مەندىن «دەرىجەم» ھەققىدە
ئېنىق جاۋاب ئالالمىغان بولسىمۇ، ھەر
ھالدا ئۆزىچە مەلۇم خۇلاسىگە كەلدىمۇ،
ياكى مېنىڭ كەيپىياتىمنى ھېسابقا ئالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئەمدى بۇ ھەقتە كولاشتۇرمىدى. بىراق شۇندىن كېيىنكى پوزىتسىيىسى ئالدىنقى پەرىزىمنىڭ توغرىلىقىنى
ئىسپاتلىدى. ئىككىمىز كۈندە دېگۈدەك بىر
نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق، ئۇنىڭ
ھەر بىر سۆزى ۋە ھەرىكىتىدىن مېنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمەيۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەن مۇنداق ئادەملەرنى خېلى كۆپ
ئۇچراتقان، خاراكتېر، خۇسۇسىيىتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان. شۇڭا ئۇنىڭ كۆرەڭلىكلىرىنى غەلىتە ھېس قىلمىدىم، ئۇنىڭدىن رەنجىپمۇ كەتمىدىم. قوشنا ياتاقلاردا
يېتىپ داۋالىنىۋاتقان ئاغرىقلار تۇرساق،
ئۈششاق - چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن ھېساب
دەپتىرى ئېچىش نەھاجەت.

دوختۇرخانىدىكى كۈنلەرنىڭ بەكمۇ
زېرىكەرلىك ئۆتىدىغانلىقى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايان. بىراق، مەن بۇ يەردە قىلچىلىك زېرىكىش ھېس قىلمىدىم. ياتاققا
ئورۇنلىشىپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن،
پالاتىدىكى كېسەللەر بىلەن ئاساسەن تونۇشۇۋالغانىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدارە
باشلىقلىرىمۇ، ھاكىملارمۇ، دېھقانچىلىق قىلىشقان
چىققان پېنسىيەدىكىلەرمۇ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار زىيالىيلارمۇ بار ئىدى.
تەلىيىمگە يارىشا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قىزىقىدىغان كىشىلەر
ئىكەن. شۇڭا ئۇلار «دەرىجەم» نى ئېنىقلاشقا ئورۇنمايلا ماڭا ئالاھىدە قىزغىن

مۇئامىلە قىلىشتى. ئاسما ئوكۇل چۈشۈۋاتقاندا يېنىمغا كىرىپ قىزىق - قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىشتى، بوش ۋاقىتلىرىمدا ياتاقلىرىغا تەكلىپ قىلىپ، ئائىلىلىرىدىن كەلگەن ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلىشتى. مەن ھەتتا دوختۇر، سېستىرالار ۋە پالاتا باشلىقى مەخمۇتنىڭمۇ ئىلتىپاتىغا نائىل بولدۇم. بولۇپمۇ ياتاقدىشىم رىشت ۋە ئۇدۇل ياتاقتىكى نىزامىدىنكام بىلەن بەكمۇ چىقىشىپ كەتكەنىدىم. رىشتىنىڭ بىرەر مەنسىپى بولمىسىمۇ، لېكىن دوتسېنتلىق ئۇنۋانى بار ئىكەن. ئۇ كەم سۆز، خىيالچان كىشى ئىدى، ئۆزى توغرىسىدا كۆپ گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. ئىككىمىز ئوكۇلدىن بوشىغان چاغلىرىمىزدا يا شاھمات ئوينايتتۇق، ياكى نىزامىدىن ئاكىنى ھەمراھ قىلىپ، ھويلىدىكى گۈللۈكنى ئايلانغاچ پاراڭلىشاتتۇق. مەن رىشتىنىڭ بىلىم ئاساسي چوڭقۇر، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا دەرسلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئوڭايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى پايدىلىنىش ماتېرىيالى تۈزۈپ نەشرىياتقا ئەۋەتكەنلىكى، ئەمما ھېچبىر ئۇچۇرى بولمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇ ئىشنىمۇ ئۆزى ئەمەس، نىزامىدىن ئاكا ئېيتىپ بەردى.

بىر كۈنى مۇشۇ ھەقتە گەپ ئېچىۋىدىم، ئۇ قورۇنغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— ھە، ئۇلارمۇ؟ ئالاھىدە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر نەرسىلەر، — دەڭا.

ئۇنىڭ كەمتەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەنە كولاشتۇردۇم:

— بىراق، ئاڭلىشىمچە، ئۇ ماتېرىياللارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن پايدىسى كۆپ ئىكەنغۇ.

— ئۇغۇ راست، — دېدى ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ھازىر ئوقۇغۇچىلار بەلگىلەنگەن دەرسلىكلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئاشۇ ماتېرىيالنىڭ چوقۇم پايدىسى بولاتتى. بىراق مەن ئۇنى ياخشى تۈزەلمىگەن بولسام كېرەك.

— قاچان ئەۋەتكەنىتىڭىز؟

— ئۈچ يىلدىن ئاشتى.

— سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— سۈرۈشتۈرگۈم كەلدى، ئۇلارنى تۈزەش ئۈچۈن بەش - ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانىدىم، دەڭا، ئەمما يەنە بىئەپ ھېس قىلدىم.

- نېمىشقا؟

- ئۆزۈممۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئىشقىلىپ، ئۆز ئىشى ھەققىدە ئېغىز ئېچىش ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى، بىراق مەن مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەندىم: شەخسىيەتسىز، خالىس ئادەملەر ئۆز ئىشى توغرىسىدا دەۋا - دەستۇر قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. بۇغۇ بىر ياخشى پەزىلەت، بىراق ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئەنە شۇنداق ياخشى پەزىلەتنىڭ مەدەتكارلىرى بولماي قېلىپ، نى ياخشى ئارزۇ - ئارمانلار، ھەققانىي تەلەپلەر، پايدىلىق تەكلىپ ۋە كەشپىياتلارنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىش ھادىسىلىرى تۇرمۇشىمىزدا ئومۇمەن ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مەن ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول يازمىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ۋەدە بەردىم.

نىزامىدىنكام رىشتىنىڭ ئەكسى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، سۆھبەت خۇمار ئادەم ئىكەن، سەرگۈزەشتىلەرگىمۇ باي ئىكەن. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋە باندىت تازىلاش جەڭلىرىدە ئۈچ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ، ئىككى قېتىم يارىلىنىپتۇ. 1958- يىلى بىر ناھىيىگە ھاكىم چېغىدا ئوڭچى ئۇنسۇر قالپىقى كىيگۈزۈلۈپتۇ. ئۇنى ئاز دېگەندەك، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا تۈرمىگە سولىنىپتۇ. پەقەت 1979- يىلىغا كەلگەندىلا ناھەق جازالانغانلىقى ئېنىقلىنىپ، نامى تولۇق ئەسلىگە كەپتۇ، بىراق بۇ چاغدا ئۇ ھەم ياشىنىپ قالغان ھەم كېسەلچان بولۇپ، بەكمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا تەكلىپ قىلغان ۋەزىپىنى قوبۇل قىلماي دەم ئېلىشقا چىقىپتۇ.

مەن ياتاققا قوبۇل قىلىنغان كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئاسما ئوكۇل ئۇرۇشنى توختاتقانىكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە سېستىرا ماڭا ئوكۇل ئۇرۇپ بولۇشىغا ئۇ بىزنىڭ ياتاققا كىرىپ كەلدى-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سۈيۈقلۇقنىڭ چۈشۈپ بولۇشىنى كۈتۈپ يېتىش بەكمۇ زېرىكەرلىك، مەن سىلەرگە پاراڭ قىلىپ بېرەي، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالىسىز، — دېدى.

بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان تەكلىپ بولامدۇ؟! شۇندىن باشلاپ نىزامىدىن ئاكا ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىتنى بىزنىڭ ياتاقتا ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

ئادەملەر كېسەلگە گىرىپتار بولغان چاغلىرىدا ناھايىتى باغرى يۇمشاق بولۇپ كەتسە كېرەك. مۇشۇ پالاتىدا ياتقان بىمارلار ساق چاغلىرىدا ھەر خىل مىجەزلىك كىشىلەر بولغىيدى، بىراق ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بەكمۇ مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان بولۇپ قېلىشقانىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر-بىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ سالاملىشاتتى، ئۆيىدىن كەلتۈرۈلگەن ئەڭ ئوبدان نەرسىلەر بىلەن باشقىلارنى مېھمان قىلىشقا تىرىشاتتى. ئىلاجى بار باشقىلارغا ئازراق بولسىمۇ پايدا يەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى. مەن پات-پات: ھەي، دوختۇرخانا سىرتىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىمۇ مۇشۇ يەردىكىدەك بولسا، بۇ دۇنيا قانچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتەرىدى-ھە؟! دەيتتىم ئىچىمدە. بىراق، ئۇشتۇمتۇت سادىر بولغان بىر ئىش خۇددى تىنچ كۆلگە تاش تاشلىغاندەك بۇ يەردىكى تۇرمۇشنىمۇ داۋالغۇتۇۋەتتى. مەن پالاتىغا قوبۇل قىلىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەن چاغ ئىدى. چۈشلۈك ئۇيقۇدىن كېيىنمۇ نېمىشقىدۇ كاردىۋىتىمدىن چۈشكۈم كەلمەي كىتاب كۆرۈپ ياتاتتىم، رىشتە ئۇخلاپ قالغانىدى. كىتاب ئوقۇشتىن زېرىكىپ، كەلگەن يېرىدە قاتلاپ قويدۇم. ئۇدۇلىمىزدىكى ياتاققا چىققۇم كەلدى. لېكىن نىزامىدىن ئاكا بىلەن يۇنۇسنىڭ ئويغاق ياكى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم، ئۇلارنىڭ ئىشىكى يېپىق ئىدى. دەل شۇ مەزگىلدە دوختۇرخانا باشلىقى بىلەن پالاتا باشلىقى مەخمۇت ئۇ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ كېتىشتى. كۆڭلۈمگە ئاللىقانداق ئەندىشە سايە تاشلاپ، دەرھال كارىۋاتتىن چۈشتۈم-دە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردىم. بىراق ئەندىشەم بىكار بولۇپ چىقتى. نىزامىدىن ئاكا بىلەن يۇنۇس دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ سوئاللىرىغا خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بېرىۋېتىپتۇ. باشلىق ئۇلاردىن ئادەتتىكىچە ئەھۋال سوراپ بولۇپ، چىرايىدا بىر خىل خىجىللىق ئىپادىلەنگەن

هالدا مۇنداق دېدى:

— ئەسلى بۇ ئوبلاست رەھبەرلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ياتاق ئىدى. باشقا ياتاقلاردا بوش ئورۇن بولمىغاچقا يولداش مەخمۇت سىلەرنى مۇشۇ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەن، ئەمدى يەنە يۆتكىلىدىغان بولدۇڭلار.

— ئامالسىز شۇنداق قىلىدىغان بولدۇق، بۇنىڭدىن بىزمۇ بەك خىجىل، — دەپ سۆز قىستۇردى مەخمۇت.

نىزامىدىنىڭكام كۈلۈپ تۇرۇپ ئىپادە بىلدۈردى:

— خىجىل بولىدىغان نېمىسى بار، باشقا ياتاقلارمۇ ئوخشاشلىقمۇ، هازىرلا يۆتكىلەيلى.

— ئالدىرىماڭلار، تېخى سىلەر كۆچۈپ چىقىدىغان ياتاق ئەمەلىيلىشىپ بولمىدى. هازىرچە دوختۇرلار دەم ئالىدىغان ئۆيدىن ئاران بىر كاردىۋات ئاجرىتالىدۇق. بۈگۈن - ئەتە كېسەلخانىدىن چىقىدىغانلار يوق ئىكەن، شۇڭا ۋاقىتىنچە ئىككى كىشىلىك ياتاقلاردىن بىرىگە بىر كاردىۋات سەپلىمەكچى بولۇۋاتىمىز. ئەمما قايسى ياتاققا سەپلەيدىغانلىقىمىز تېخى بېكىتىلمىدى.

— قارىغاندا، بۇ ياتاققا ئوبلاست باشلىقلىرىدىن بىرەرسى كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ - باياتىن بېرى هاڭۋاققانىدەك تۇرۇپ قالغان يۇنۇس ئاخىرى باشلىقتىن سورىدى.

— هەئە.

— كىم كېلىدىكەن؟

باشلىق مەخمۇت بىلەن نېمە هەقتىدۇ پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقاچقا، يۇنۇسنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردى. ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، مەنمۇ گەپكە ئارىلىشىپ مەخمۇتتىن سورىدىم:

— كېلىدىغىنى ئىككى كىشىمۇ؟

— ياق، بىر كىشى.

— ئۇنداقتا يەنە باشقا بىر ياتاققا كاردىۋات سەپلەشنىڭ نېمە هاجىتى، بۇلاردىن بىرى مۇشۇ ياتاقتا قېلىپ، يېڭى كەلگەن كىشى بىلەن بىللە ياتسا بولمامدۇ؟

مەخمۇت نېمىشقىدۇر ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— بۇ ئەسلى بىر كىشىلىك ياتاق ئىدى، مۇنۇ كاردىۋات كېيىن سەپلەنگەن.

بۇ جاۋاب مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى.

— بۇرۇن بىر كىشىلىك بولسا نېمە بوپتۇ، مانا ئىككى كاردىۋات بىر ئوبدان سىغىپتىغۇ، يەنە ...

بۇ قېتىم يۇنۇس گېپىمنى تۈگىتىشكە يول قويمىدى:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ئوبلاست رەھبەرلىرى ئۆزىدىن تۆۋەنلەر بىلەن بىر ياتاقتا ياتسا قانداق بولىدۇ؟ بولىدى، بىز دەرهال كۆچەيلى.

مەخمۇت ماڭا قاراپ، بولىدى، سۆزلىمەڭ دېگەندەك ئىشارە قىلمىغان بولسا، يۇنۇسقا بېرىدىغان جاۋابىم بوغۇزۇمدىن چىقىپ بولغانىدى، بىراق ئامالسىز تىلىمنى تىيدىم.

— ئۇشتۇمتۇت كۆچۈڭلار دېسەك ئوقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ، بۇ هەقتە ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويغىلى كىردۇق، — دەپ گەپنى ئېلىپ كەتتى باشلىق، — هازىرچە كاردىۋىتىڭلاردا خاتىرجەم دەم ئېلىڭلار، بىز يەنە بىر ئورۇننى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن كۆچۈرۈپ قويىمىز. ماقۇل ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — باشقا ياتاقلارنى

ئۇقۇشۇپ يۈرمەڭلار. بىزنىڭ ياتاقتىكى ئىككى كىرىسلو بىلەن چاي شىرەسىنى چىقىرىۋەتسەك بىر كارىۋات ئازادە سىغىدۇ. بۇلاردىن بىرى شۇ يەرگە كۆچسۇن.

— شۇنداقمۇ؟ ناھايىتى ياخشىغۇ، ئۇنداقتا بۇ ئىشمۇ ھەل بولدى، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى خۇشال بولۇپ.

مەخمۇت ئىككىمىلەنگە ئۇششاق - چۈشەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرغاچ تۇرۇشنى، كېيىن سېستىرالار كۆچۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن باشلىق بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. مەنمۇ بايىقى تەكلىپىم ھەققىدە رىشىتنى خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ياتىقىمغا قايتتىم. رىشىتمۇ ئويغانغانىكەن، تەكلىپىمنى ئاڭلاپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

شۇ ئارىدا نىزامىدىنكام يېنىمىزغا كىردى:

— ئىنىلىرىم، سىلەر بىلەن بەك چىقىشىپ قاپتىمەن، بۇ ياتاقتا مەن كىرسەم قوبۇل قىلامسىلەر؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەن بايا ھېلىقى تەكلىپنى قويغاندىلا، نىزامىدىنكام بىزنىڭ ياتاقتا كىرسە، دېمەكچىدىم، لېكىن يەنە ياشانغان، ئاتا يوللۇق ئادەم، يالغۇز يېتىشنى خالايدىغان بولسا، تەڭلىكتە قويىماي دەپ ئېغىز ئاچمىغان، مانا ئەمدى ئۆزى تەلەپكار بولدى.

رىشىت ئىككىمىز ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. ئاندىن ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن مەن مەخمۇتقا ئېيتىپ، سېستىرا چاقىرىشقا ماڭدىم. دوختۇرلار ئىشخانىسىغا يېقىنلاپ بېرىشىمغا يۇنۇسنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى:

— مەن ئوقۇشۇپ كۆردۈم، كەسپىي يازغۇچى دېگەنلىك رەھبىرىي كادىرلىقنىڭ ھېچقانداق دەرىجىسىگە تەڭ ئەمەسكەن. بۇنى ئۆزىمۇ ئىقرار قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ پالاتىدا يېتىش سالاھىيىتى يوق. ياتاقتا بىر كارىۋات سەپلەپ يۈرمەي، شۇنى ئادەتتىكى كېسەللەر ياتىقىغا يۆتكىۋەتسەڭلارلا ئىش پۈتمەمدۇ؟

ياپىر، ما ئادەمنى! ھېلىمۇ 15 كۈننىڭياغى مەن بىلەن ھەر ھالدا سالاملىشىپ كەپتۇ. مەن ھەيران بولغانلىقىمدىن ياقامنى چىشلەشكە قىل قالدىم.

— مۇنداق گەپنى قويۇڭ، ئۇ دېگەن ئوبلاستىمىزغا كەلگەن مېھمان تۇرسا، — بۇ مەخمۇتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— مېھمان بولغىنى بىلەن دەرىجىسى... — يۇنۇس يەنە ئۆز گېپىنى يورغىلاتماقچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— يولداش يۇنۇس، بىرەر كەسپىنىڭ قىممىتىنى بىرەر مەمۇرىي دەرىجە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ قاراش - بىمەنىلىك، بۇ ئىككىسى ئىككى خىل ئىش، بولدى، سىز ياتىقىڭىزغا قايتىپ ئارام ئېلىڭ. كېسەللەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش دوختۇرخانىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش، سىز باش قاتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

دەل ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇ يەرگە كىرىش بىئەپ ئىدى. بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. شۇڭا سەل تەخىر قىلاي دېگەن ئوي بىلەن دەررۇ ئارقامغا بۇرۇلدۇم - دە، تېز - تېز چامداپ، ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم. بىردەمدىن كېيىن يۇنۇسمۇ قايتتى، ئەمما بىزنىڭ ياتاقتا قاراپمۇ قويماي ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ

www.uyghurkitap.com

قاپىقى ساڭگىلاپ، چىرايى تۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىۋېلىشقا ئۈلگۈردۈم.

شۇنداق قىلىپ نىزامىدىنكام بىزنىڭ ياتاقتا، يۇنۇس دوختۇرلارنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىگە كۆچتى. ئالدىمىزدىكى ياتاقتا بىرلا كارىۋات قالدۇرۇلۇپ، پاك - پاكىز تازىلاندى. بىراق ئۇ يەرگە ئورۇنلاشماقچى بولغان ھېلىقى ئوبلاست دەرىجىلىك باشلىقتىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكىچىمۇ ئۇ ئادەم قارىسىنى كۆرسەتمىدى. شاھمات ئويناۋاتقاندا مەخمۇتتىن ئۇنىڭ ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— سىلەر ئۇ كىشىگە ئايرىم بىر ياتاقنى بوشىتىپ بىرىمىز دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولدۇڭلارغۇ دەيمەن، — دېدىم مەن چۈشتىن كېيىنكى جاۋابسىز قالغان سوئالىمنى ئەسلەپ، — مېنىڭچە، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئۇچۇق ئېيتقان بولساڭلار، ئۇ ئۆزىگە يەنە بىرەيلەننىڭ ھەمراھ بولۇشىغا چوقۇم قوشۇلغان بولاتتى. قارىغاندا چوڭ باشلىقلاردىن بەك ھۆركۈيدىغاندەك تۇرىسىلەر.

مەخمۇت ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— بىلەمسىز، بىر ئەمەس، ئىككى قېتىم ئېيتتىم. لېكىن ئۇ رەت قىلدى. يەنە تېخى ئوبلاست باشلىقلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان ياتاققا تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرغىنىم ئۈچۈن تەنقىد قىلدى. ئۇ ياتاقلار بوش قالسىمۇ مەيلى، ئەمما بەلگىلەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەمىشە تەييار تۇرۇشى لازىممىش. ئاندىن ئۇلار دوختۇرخانىدا ياتقان چاغلىرىدىمۇ ھۆججەت، ماتېرىيال كۆرۈشكە، باشقىلار بىلەن خىزمەتلەر ئۈستىدە سۆزلىشىشكە توغرا كېلەرمىش. شۇڭا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش يۈزىسىدىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ يېتىشىغا بولمايدىكەن. ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟ — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئاچچىقىدا بىر خاتا يۈرۈش قىلدى.

ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن - دە. يېڭى كېلىدىغان قوشنىمىزنىڭ مۇنۇ يۇنۇستىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان مەنسەپپەرەس ئادەملىكىنى ھېس قىلدىم، غەزىپىم سەل ئۆرلىدى.

— بۇ گەپچە، ئوبلاست دەرىجىلىك باشلىقلار ئاغرىپ قالمىسا، دوختۇرخانىنىڭ بىر ياتىقى يىل بويى بىكار تۇرۇشى كېرەككەن - دە، ماۋۇ يوغانچىلىقنى كۆردىڭلىمۇ؟

— سىز يەنە خاتالاشتىڭىز، ئۇلار پات - پات ئاغرىپ تۇرىدۇ.

— راست، بۇ كېلىدىغان باشلىقنىڭ كېسىلى نېمىكەن؟

— ئازراق تۇمۇ تېگىپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ھەر ئۈچىمىز ھەيران قالدۇق.

— بۇنى قاراڭلار، — دېدى نىزامىدىنكام ئاچچىقلىنىپ، — ئادەتتىكى كىشىلەر خېلى ئېغىر زۇكام بولۇپ قالغاندىمۇ دورا يەپلا ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. مۇنۇ بولسا ئالاھىدە بىر ياتاقنى ئىگىلىۋالدى دېسە.

— بىزدەكلەر زۇكامنى دورا يېمەيمۇ ساقايتىۋېرىمىز، — دەپ سۆز قىستۇردى رىشىت كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەن مەخمۇتقا تەنە بىلەن قاراپ تۇرۇپ سورىدىم:

— شۇنچىلىك ئاغرىقىمۇ ئۇنى ياتاققا قوبۇل قىلغىنىڭلار نېمىسى؟

مەخمۇت بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— سىز ئەھۋالنى چۈشەنمەيسىز. بەزى باشلىقلىرىمىز ئازراق مىجەزى بولماي قالسىلا تېلېفون بېرىپ، ياتاق تەييارلاپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. بەزىلىرى ھەتتا تەنقىد ئاڭلىسىمۇ، خوتۇنى بىلەن جېدەللىشىپ قالسىمۇ، كىچىككىنە ئاغرىقنى باھانە قىلىپ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ...

سېستىرانىڭ ھولۇقۇپ كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ سۆزى بۆلۈندى. 5 - كاردىۋاتتىكى كېسەل ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قاپتۇ. مەخمۇت ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. سۆھبەتنىڭ تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالغىنىدىن سەل ئەپسۇسلاندۇق، ئەمما مەخمۇتنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېيدىغانلىقى بىزگە ئومۇمەن ئايان بولغانىدى. بىز مۇشۇ تېما ئۈستىدە يەنە بىرئاز سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق، كېيىن ئۇخلاشقا ياتتۇق.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ھېلىقى باشلىق راستىنلا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا تومۇرىمغا ئوكۇل سۇيۇقلۇقى چۈشۈۋاتقاچقا ئورنۇمدا ياتاتتىم، شۇنداقتىمۇ ئوچۇق ئىشىكتىن ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق سەمرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردۇم. چۈشتىن كېيىن يۇنۇس ياتىقىمىزغا كىردى. مەلۇم بولۇشىچە ئۇ ئاخشام رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە كەتكەنىكەن، ھېلى كەپتۇ.

— باشلىق چۈشتىن بۇرۇن كېلىپ كېتىپتۇ. ئەپسۇسكى، مەن كۆرۈشەلمەي قاپتىمەن، — دېدى يۇنۇس گەپنى ھېلىقى باشلىق ئۈستىگە يۆتكەپ.

نىزامىدىنكام گېزىتتىن كۆزىنى ئۈزمەيلا سۆز قاتتى:

— روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، ئۇ ئەتە يەنە كېلىدۇ.

بۇ ناھايىتى ئۆتكۈر تەنە ئىدى. بىراق يۇنۇس سەزمىدىمۇ، ياكى سەزسىمۇ چاندۇرمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، نىزامىدىنكامغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ماڭا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىزمۇ كۆرگەنسىز، بۇ باشلىق قالتىس سۆزى بار ئادەم - دە. كىشىگە بىرلا تىكىلىدىغان بولسا، پۇت - قولۇڭدا جان قالمىغاندەك بولۇپ قالىسەن. ئەسلى باشلىق دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەكتە، بولمىسا، خەقلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئۆزۈمنى قانچە بېسىۋالاي دېسەممۇ، بۇ ئادەمگە قارىتا كۆڭلۈمدە كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ئاچچىق ھېسلىرىمنى تىزگىنلىيەلمەي قالدىم.

— ئۇنداقتا، سىزگە سەللىمازا ساقىيىپ بولمىغۇچە ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇشىڭىزغا مەسلىھەت بېرىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك تىكىلىپ، — ئادەم كېسەل ۋاقتىدا پۇت — قولىدا جېنىنىڭ يېرىمى قالارمىش. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ كىشى سىزگە بىرلا قارايدىغان بولسا، ئاشۇ يېرىم جېنىڭىزمۇ... — گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېمەي توختىتىۋالدىم.

شۇ ھامان نىزامىدىنكام بىلەن رىشىت قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— يازغۇچى دېگەنزە گەپكە بەك ئۇستا كېلىدىكەن جۇمۇ، — دېدى يۇنۇسمۇ ئۆزىچە كۈلۈپ.

يېڭى كەلگەن ئاغرىقلارنى ۋاقتىدا يوقلاش پالاتىدىكى بىر ئادەت ئىدى. شۇڭا ئاسما ئوكۇل ئۇرۇلمىغان ۋە ئۇنىڭدىن بوشىغان كىشىلەر بىر - ئىككىدىن بولۇپ باشلىقنىڭ ياتىقىغا كىرىپ چىقىشتى. ئەمما مەن بۇ «پەرھىز» نى ئادا قىلمىدىم. ئۇنىڭ

كىچىككىنە زۇكام ئۇچۇن ئىككى ئادەمنى
ياتاقتىن قوغلىغانلىقىنى زادى ئەپۇ قىلالمى-
دىم. ئۇ ئادەم ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت
سەككىز يېرىم، توققۇزلاردا كېلەتتى. (كۆر-
گەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى «سانتانا» مار-
كىلىق ماشىنا ئىشىك ئالدىغىچە ئەكىلىپ
قويىدىكەن ۋە قايتىشتا يەنە ئېلىپ كېتى-
دىكەن) تامغۇزۇلىدىغان ئاسما ئوكۇل سۇ-
يۇقلۇقى كۆپ بولمىغاچقا، كارىۋىتىدا بىر
سائەتتەك ياتاتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن بىر
كۈنلۈك داۋالىنىشى تاماملىناتتى. بەزىدە
ھايالشمايلا قايتىپ كېتەتتى، بەزىدە بول-
سا بىرەر سائەت ئەتراپىدا ئۆزىنى يوقلاپ
كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىپ، ياكى ئۇنىڭ -بۇنىڭ
بىلەن ئاز - تولا پاراڭلىشىپ ئاندىن قاي-
تاتتى. ئۇ ياتاققا ئېلىنغانلىقىنىڭ ئەتىسىدىن
باشلاپ يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈ-
زۈلمەيدىغان بولدى. ئۇلار ئۇنىڭ ياتىقىغا
كىرىپ كېتىۋاتقاندا سومكىلىرىنىڭ
پومپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەت-
تۇق، قايتىپ چىققاندا بولسا، ئۇ سومكىلار
قاتلىنىپ، قولتۇققا قىسىلغان بولاتتى. باش-
لىقنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە پالاتىدا پەي-
دا بولۇشىمۇ بىر خىل مۇراسىم شەكلىنى
ئالاتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چىققان ھامان ئالتە-
يەتتە كىشى ياتاقلىرىدىن ئالدىراپ چىقىشىپ،
ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشاتتى، ئاندىن ئار-
قىسىغا تىزىلىپ ياتىقىغىچە بىللە كىرىشەتتى.
يۇنۇس بولسا، بۇ قارشى ئالغۇچىلار ئۆمى-
كىنىڭ دائىملىق ئەزاسى ئىدى. مەنغۇ ئۇ
ياتاققا كىرىپ باقمىغاچقا، ئۇلار بىلەن باش-
لىق ئوتتۇرىسىدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز
بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىراق
كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگىشىپ كىر-
گۈچىلەر جېنىنىڭ بارىچە باشلىققا ئۆز

ساداقىتىنى بىلدۈرۈشكە ئالدىرىشىدىكەن، بو-
لۇپمۇ يۇنۇس ئالاھىدە جان پىدالىق كۆر-
سىتەرمىش. دېمىسىمۇ، باشلىق تاكى قاي-
تىپ كەتكۈچە يۇنۇس ئۇنىڭغا ھەمراھ بولات-
تى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، باشلىق بىلەن
ئۆز ساھەسىدىكى خىزمەتلەر ئۈستىدە تەپ-
سىلىي سۆھبەتلىشەرمىش. ئەمما باشقىلار
ئۇنىڭ بىر ياقتىن كۆرگەن - ئاڭلىغان ئىش-
لىرى ھەققىدە سۆزلىگەچ، بىر ياقتىن باش-
لىقنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ چىقىدىغان-
لىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بەزى كۈنلىرى باش-
لىقنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن بىزنىڭ
ياتاققا كىرىپ، ئۇ كىشىنى بىرھازا ماختاپ
بېرەتتى. بىراق بىر كۈنى ياتاققا كىرگەن-
دىن كېيىن ئولتۇرماي ئىككى ئالقىنىنى
بىر - بىرىگە سۈركىگەن ھالدا ئۇياقتىن -
بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.
— قوللىرىڭىز بەك تېلىپ كەتكەن
ئوخشىمامدۇ، قارىغاندا، بۈگۈن باشلىقنىڭ
پۇت - قولىنى ئۇزاقراق تۇتۇپسىز - دە!؟ —
دېدى نىزامىدىنكام مەسخىرىلىك كۈلۈپ،
ئۇ پات - پات يۇنۇسنى مۇشۇنداق گەپلەر
بىلەن چېقىۋالاتتى.
يۇنۇس ئۇنىڭغا لەپپىدە ئالىيىپ قا-
رىدىيۇ، لېكىن ھېچنىمە دېمەي ياتاقتىن
چىقىپ كەتتى.
— ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكىنىنى
كۆردۈڭلارمۇ؟ - دېدى نىزامىدىنكام ئې-
چىنغان ھالدا، - ئادەم خۇشامەتكە بېرىل-
گەن چاغلىرىدا نەقەدەر پەسلىشىپ كېتىدۇ-
ھە!
باشلىق دەسلەپكى كۈنلىرى بىزنىڭ
ياتاق ئالدىدىن غادايغان پېتى ئۆتۈپ كې-
تىۋەرگەنىدى، بىراق ئارىدىن بىرنەچچە
كۈن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ يەردە

يېتىۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئۆزىگە سالام بەرگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقى ئۈلى ئويلاندۇرۇپ قويدىمۇ - نېمە، شۇندىن كېيىن ياتاق ئالدىدىن ئۆتكەندە ماڭا گويا قانداق بېشى يوغان نېمسەن؟ دېگەندەك ئەلپازدا قاراپ قويىدىغان بولدى. ئۇنىڭ رەنجىۋاتقانلىقى، غەزەبلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بىراق مەن يەنىلا پەرۋا قىلمىدىم. سەن ئۆزۈڭدىن تۆۋەنلەرلى شۇنچە پەس كۆرىدىكەنسەن، تۇرمۇشتا سېنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان ئاددىي كىشلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىپ قوي.

ئاخىرى ئۇ چىدىمىدى، ئۆزىنىڭ بىرەر ئارتۇقچىلىقىنى باشقىلار ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان كىشلەر شۇنداق چىدامسىز بولىدۇ. بەشىنچى كۈنى ئوكۇلدىن بوشىغاندىن كېيىن باشلىق يۈزىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىزنىڭ ياتاقىقا كىرىپ كەلدى.

— قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتىدىغانسىلەر؟— دېدى ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن قەستەن مېنى ئايرىپ قويۇپ، نىزامىدىنكام بىلەن رىشىتتىن ئايرىم ئەھۋال سورىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. باشلىق يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇرغاندىن كېيىن يۈنۇس يەل - يېمىش يۇيۇپ كەلتۈردى. ئىستاكانغا چاي دەملىدى، چۈنكى، نىزامىدىنكام بىلەن رىشىتمۇ تېخى ئاسما ئوكۇلدىن بوشىمىغانىدى. باشلىق ئاۋۋال ئۇلار بىلەن ئۇنىڭ - بۇنىڭ توغرىسىدا ئاز - تولا پاراڭلاشقاندەك بولدى - دە، ئاندىن بىردىنلا ماڭا بۇرۇلدى.

— ئاڭلىسام، سىز مۇخبىر ئىكەنسىز، قوبلاستىمىزغا...

— مۇخبىر ئەمەس، يازغۇچى،— ئۇنىڭ گېپىنى تۈزەتتى نىزامىدىنكام.

لېكىن باشلىقنىڭ بۇ گەپكە تەن بەرگۈسى يوق ئىكەن.

— ئىككىسى ئوخشاش گەپ تە. مۇخبىرمۇ، يازغۇچىمۇ گېزىتكە ماقالە يازىدىغانلارغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ!؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، پۈتۈنلەي توغرا ئېيتتىڭلا،— ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈردى يۈنۇس.

رىشىت ئۆزىچە كۈلۈپ قويۇپ ئۈنچۈقمىدى.

— ياق، ئارىلاشتۇرۇپ قويدىڭىز،— نىزامىدىنكامنىڭ بۇ ئادەمدىن ئانچە ھېيىقىپ قالمايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم. بۇ قېتىممۇ ئۇ قىلچە يۈز - خاتىرە قىلمىدى،— مۇخبىر دېگەن ئاخبارات خادىمى، ئۇلار ئاخبارات ئورۇنلىرىنى خەۋەر - ماقالىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. يازغۇچى دېگەن ئەدەبىي ئەسەر يازىدىغان ئادەملەر...

— يازغۇچىنىڭ ئورنىنى مۇخبىردىن چوڭ دېمەكچىمۇ سىز؟— بۇ باشلىقمۇ نازىرىدە ھە دېسىلا پۈتاق چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن كىشى ئوخشايدۇ، شۇڭا نىزامىدىنكامنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئۆزىچە مەنە بېرىشكە ئالدىرىدى.

ئادەتتە مۇنداق ئادەملەر بىلەن بىرەر ئىش توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ گەپ مېنىڭ كەسپىمگە ئالاقىدار ئىش ئۈستىدە بولۇۋاتقاچقا، ئەمدى گەپكە ئارىلىشىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

— مۇخبىر بىلەن يازغۇچى دېگەنلىك ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان كەسپنىڭ ئالاھىدىلىكىگە

uyghurkitap.com

قاراپ قويۇلغان نام. ھەرگىزمۇ ئۇلارنى بىرىنىڭ ئورنى بىرىدىن چوڭ دېگىلى بولمايدۇ.

— ھىم، شۇنداقمۇ؟ — دېدى باشلىق ياقتۇرمىغان ھالدا، ئاندىن ئاتتىن چۈشىمۇ، ئۆزەڭگىدىن چۈشكۈسى كەلمەي يەنە ئۆز پىكرىنى يورغىلاتتى، — بىز دېگەن ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەر، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە، بۇ سۆز نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ دەپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — يۇنۇس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شۇنداق، شۇنداق... — دەپ بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى.

مەن ئېغىز ئۇپرىتىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا مەسخىرىگە تولۇپ - تاشقان كۈلكەمنى ھەدىيە قىلدىم. نىزامىدىنىكام بىلەن رىشىتقا قارىسام ئۇلارمۇ كۈلۈمسىرەۋېتىپتۇ.

— ھە راست، — بىردەمدىن كېيىن باشلىق يەنە گەپ كوچىلىدى، — ئاڭلىشىمچە، يازغۇچى دېگەنلىك ھېچقايسىسى مەمۇرىي دەرىجىگە تەڭ ئەمەس، دەپ ئۆزىڭىز ئېيتىپسىز بۇ گەپ راستمۇ؟

— راست، — تۈزلا جاۋاب بەردىم.

— ھا، ھا، ھا... — زورۇقۇپ كۈلدى ئۇ، — ئۇنداقتا، ئوبلاستىمىزغا كېلىپ ئاغرىپ قالغان بولسىڭىزمۇ تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەپتۇ. ئۈرۈمچىدە بولسىڭىز مۇنداق رەھبىرىي كادىرلار ياتىقىغا ئورۇنلىشالىشىڭىز زادى مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭا بىزگە رەھمەت ئېيتسىڭىز بولىدۇغۇدەك، بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە يازارسىز بەلكى؟

ئۇنىڭ بۈگۈن بۇ ياتاققا كىرىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسى ئاخىرى ئاشكارا بولدى. ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ قانچىلىك ئادەملىكىمنى ئۆزۈمگە ئەسلىتىپ قويماقچى، ئاندىن ئۆزىگە باش ئۇرغۇزماقچى بوپتىكەن - دە، غۇزۇرىدە غەزىپىم ئۆرلىدى. ھەمىشە مۇشۇنداق چاغلاردا يۈز بېرىدىغاندەك تىلىمغا زەھەردەك سۆز كەلدى. بىراق، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەردىم:

مېنى داۋالىغان دوختۇر ۋە سېستىرالارغا ئەلۋەتتە كۆپ رەھمەت ئېيتتىمەن. سىزگە بولسا مۇنۇ سۆزنى ئېيتىپ قوياي: ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر بىرەر مەمۇرىي دەرىجە بىلەن ئەمەس، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ...

باشلىق دەرھال ئۆڭدى.

— سىز... سىز نېمانچە ھەددىڭىزدىن ئاشىسىز؟ — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ.

ئارقىدىنلا يۇنۇس گۇپپاڭچىلىق قىلدى:

— سىز ھازىر كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا توغرىدىن - توغرا جاۋاب بەرمەي بايا ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىمنى داۋاملىدىم:

— بۇ يەردە ئۆتكەن تۇرمۇش توغرىسىدا بىرەر نەرسە يېزىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەلۋەتتە يازىمەن، ھەتتا نېمىلەرنى يازىدىغانلىقىمنىمۇ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ بولدۇم.

بۇ كۆڭۈلسىز سۆھبەتنىڭ قانداق ئاياغلاشقانلىقى ماڭىمۇ بەلگىسىز ئىدى. دۇرۇس، گەپتە تۇتۇلۇپ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم، خاتا سۆز قىلغىنىممۇ يوق، بىراق نېمىشقىدۇر بۇ تالاش - تارتىشتىن

بارغانسېرى كۆڭلۈم غەش بولۇۋاتاتتى. يەنە تېخىمۇ ئاچچىقراق سۆزلەرنى قىلىشقا توغرا كېلەرمۇ؟ ئەستاغپۇرۇللا، ياتىقىمىزغا نەدىنمۇ پەيدا بولدى بۇ ئادەم؟

دەل شۇ پەيتتە ياتاق ئالدىدا بىر تۇركۇم ئادەم پەيدا بولدى. باشلىق سۆزلەش ئۈچۈن ئۈمەللىگەن ئاغزىنى يەنە ئەسلىگە قايتۇرۇپ، ماڭا بىر ئالىيمش ئىلتىپات قىلدى - دە، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. مەن بۇ ئالىيمشنى قىلچە ئېغىر ئالمىدىم، ئەكسىچە ئۆزۈم بىزار بولۇپ تۇرغان سۆھبەتنىڭ تاماملانغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئەركىن نەپەس ئالدىم.

— ھەي، سىز باشلىققا قاتتىق تېگىپ يامان قىلدىڭىز، — دېدى يۇنۇس ماڭا ئېچىنغان ھالدا قاراپ، — مۇلايىم بولۇپ چىرايلىق سۆزلەشكەن بولسىڭىز، ئۇ كىشى سىزگە كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن بولاتتى. ھەي ... ئەمدى ئەھۋالىڭىز قانداق بولاركىن؟ — ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈم يوق ئىدى، ئەمما تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى ھېچ يۇتۇۋېتەلمىدىم.

— يولداش يۇنۇس، ھەر قانداق ساختا مېھرىبانلىقىڭىزمۇ باغرى تاشلىققا ئوخشاشلا رەزىل قىلمىش ئىكەنلىكى ماڭا بۇرۇندىنلا ئايان، ئۇقتىڭىزمۇ!؟

يۇنۇس ئاغزىنى مىتىلدىتىپ نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىغان ھالدا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

مەن بۇ ئوبلاستقا تۇرمۇش ئۆگىنىشكە كەلگەنىدىم، كېسىلىم قوزغىلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان كۈنى ھەتتا گىنەي، ۋاقتىم زايا كېتىدىغان بولدى، دەپ بەكمۇ ئەپسۇسلانغانىدىم. ياق، مەن بالنىستقا كىرىپ قېلىپ زىيان تارتماپتىمەن، ھەتتا ھېلىقى باشلىق ئېيتقاندەك تەلىيىم كەپتۇ دېسەممۇ بولغۇدەك. بۇ يەردە مەن ئۆگەنگۈدەك ۋە يازغۇدەك خېلى ئىشلار ۋە ئادەملەر بار ئىكەن.

مەسئۇل مۇھەررىر تۇرسۇنئاي ھۇسەين

ئەزىزى

# خىلۋەت كوچىدىكى پەرىشتە

(ھېكايە)

كۈندۈزى ھېيت كۈندەكلا ئاۋاتلىشىپ قىزىپ كېتىدىغان بۇ كوچا كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشە - چۈشمەيلا بىردىنلا جىمىپ قالىدۇ. ئاندا - ساندا يېنىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىنىڭ ئاجىز نۇرلىرى يېيىلىپ كېلىۋاتقان كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تېخىمۇ غۇۋالىشىپ، يورۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان تۇمانلىق سەھەردەك كىرىمسەن بىر مەنزىرىنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەمنى شۈركەندۈرگۈدەك جىمجىتلىق بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بۇ مەنزىرە كوچىنى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنغان ساھىبجامالنىڭ شەھلا كۆزلىرىدەك خۇمالىق تۇسكە كىرگۈزۈۋېتىدۇ.

مەن بۇ مەنزىرىنى تاسادىپىي بايقاپ قالغانىدىم. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمىدىم. مانا تا ھازىرغىچە بۇ مەنزىرىگە قانماي كېلىۋاتىمەن. بۇ مەنزىرە ماڭا ھەر قانداق مەشھۇر رەسساملار سىزغان رەسىملەردىنمۇ گۈزەل تۇيۇلىدۇ.

مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى ئادەملەرنىڭ ئايىغى بېسىققان چاغدا كوچىنى ئاستا ئايلىنىمەن. ئادەمنى بىھۇش قىلىدىغان كىرىمسەن مەنزىرىگە ئەسىر بولغان ھالدا ھەربىر ئۆي، ھەربىر دوقمۇش، ھەربىر تۈۋرۈككە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قارايمەن. ئەنە شۇ بوشلۇقتىن نېمىنىدۇر ئىزدەيمەن. نېمىنىدۇر ھىدلايمەن، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاللىقانداق بىر ئاۋازنى ئاڭلىماقچى بولىمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايمەن...

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇنقى بىر كەچقۇرۇنلۇقى مەن مۇشۇ كوچىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىمدە تۇساتتىن ئالدى تەرىپىمدىكى ئەنە شۇ كىرىمسەن بوشلۇقتىن بىر قىز يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەلدى - دە «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ» دېگىنىچە ئۆزىنى قۇچىقىمغا ئاتتى. مەن ئالدىراپ قىز كەلگەن تەرەپكە قارىدىم. لېكىن كۆزۈمگە كىرىمسەن بوشلۇقتىن ئۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. قىز مەڭزىنى مەيدەمگە يېقىپ، مېنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە خۇددى كىچىك بالىدەك ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ نەپەسى شۇ قەدەر ئوتلۇق ئىدىكى، خۇددى ۋايىغا يەتكەن جىگدە چېچىكىنىڭ پۇرىقىدەك دىماغلىرىمنى غىدىقلايتتى، ئۆمرۈمدە ئايال زاتى بىلەن تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق يېقىن تۇرغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، بەدىنىم قوقاسنى قۇچاقلىۋالغاندەك كۆيۈشۈپ، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلەپ، گويا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدۇم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشقان بولساممۇ مۇمكىن بولمىدى. سەزگۈ ئەزالىرىم مېڭەمنىڭ كونتروللۇقىنى بۇزۇپ

تاشلىغانلىدەك بىر خىل يىلىلىق سېزىم ئىچىدە تىپىرلايتتى. شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى كوچىدا ماڭسىمۇ ئاياللارغا سۈركىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ ياغاچتەك قېتىپ ماڭىدىغان مەن ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەيۋاتاتتىم. مەن بىر ئەركەك بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەرگىزمۇ ئاياللارنى ئۆچ كۆرمەيمەن. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ كىيىنىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرى ماڭا بىر خىل ساختىلىقتەك، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئۇچار قۇشلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتەي ئادەمگە ئوخشىتىپ ياساپ، چامغۇر تېرىغان ئېتىزنىڭ بېشىغا سانجىپ قويۇلغان قارانچۇقتەك ياسالما تۇيۇلاتتى. شۇ سەۋەبتىن خىزمەتكە چىققىلى خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۆزۈمگە لايىق بىر جورا تاپالماي ھەسرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بويتاق ياشاۋاتاتتىم. ئەمما ماڭا تاسادىپىي يولۇققان بۇ قىز ئويلىمىغان يەردىن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. بۇ ھال ماڭا ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمىغان بىر چۈشتەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولىدىغان لەززەتلىك تەسەۋۋۇردەك تۇيۇلدى.

بىرھازادىن كېيىن قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، بېلىمنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنى بوشاتتى. شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقىپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ئالدىمدا سۈس بىر قەۋەت تۇمان ئىچىگە ئورالغان بىر پەرىزات تۇراتتى. ئۇ كىيگەن كىيىملەر مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان سۈس ئاق رەڭدە ئىدى، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن قاپقارا قاشلىرى، كىيىكنىڭ كۆزىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرى، قىزىرىپ پىشقان گىردىنىڭ يۈزىنى ئەسلىتىدىغان مەڭزى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۇزۇندىن بېرى تەسەۋۋۇر قىلىپ خىيالىمدا ئاشىق بولۇپ، پات - پات چۈشۈمگە كىرىدىغان غايىۋى سىيمانىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ سىيما ئىلگىرىكىدەك خىيالىمدا ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىمدا تۇراتتى.

بىز بىردەملىك يېتىرقاش، تەمتىرەشلەردىن كېيىن كوچىنى ئايلانغاچ پاراڭلاشتۇق. خۇددى ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمەي تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان كونا تونۇشلاردەك ئەركىن - ئازادە، كۆڭۈللۈك مۇڭداشتۇق. لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگىنىم، ئۇنىڭ ماڭا نېمىلەرنى دېگەنلىكى زادىلا ئېسىمدە قالماپتۇ. ئىشقىلىپ بىز ناھايىتى قىزغىن ۋە كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتۇق. كوچىنىڭ بېشىغا چىقىپ قالساق يەنە ئارقىمىزغا ياندۇق. يەنە چىقىپ قالساق يەنە ياندۇق. ئۇ ماڭغاندا زادىلا تىۋىش چىقارماي گويا ئۇچۇۋاتقاندەك تولىمۇ سىيلىق ماڭاتتى. قەدەمنى قانداق ئالىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. گەپ قىلغاندا ئاۋاز ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى كۆكسىدىن بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك ناھايىتى ئېنىق، يارقىن ۋە جاراڭلىق چىقاتتى. شۇنداق قىلىپ بىز ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتۇق. قاياقتىندۇر خورازنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا قىز تاڭنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى بولغاي قايتىپ كەتمەكچى بولدى. مەن قىز بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىۋېلىشنى، يەنە بىر دەم بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما ئامال قانچە، تاڭ يورۇشقا ئاز قالدى. ئەلۋەتتە ئۇ ئۆيىگە قايتىشى كېرەك. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى تېخىچە ئۇخلىماي قىزىم قاياقتىن كېلەركىن، دەپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغاندۇ.

www.uyghurkitap.com

بىز ئەتە كەچ سائەت سەككىزدە مۇشۇ كوچىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ، ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا خوشلاشتۇق. ئۇ ماڭا قاراپ يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىللىق چىراي بىلەن بىر تەبەسسۇم قىلدى - دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە گىرىمسەن بوشلۇق ئىچىدە كۆزۈمدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدىم. كۆز ئالدىم تېخىمۇ غۇۋالىشىپ، يېلى چىقىپ كەتكەن شاردەك لەسسىدە بوشاپ كەتتىم. ئاھ! مېنىڭ دۆتلۈكۈمنى قارىمامدىغان، ئۇ قىز بىلەن شۇنچە ئۇزاق پاراڭلىشىپمۇ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى، نەدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى سورىۋالماپتىمەن.

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ چالا - بۇلا تاماق يېدىم. يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، ساقال - بۇرۇتۇمنى پاكىزە قىرىپ، چاچلىرىمنى مايلاپ تارىدىم. كىيىملىرىمنى يۆتكەپ، پۇتۇشكەن قەرەلنىڭ توشۇشىنى كۈتتۈم. ئادەتتە مەن ئۇ كوچىغا ئون مىنۇتتا يېتىپ بارالايتتىم. ھەر ئېھتىمالغا قارشى بۇرۇنراق بېرىپ قىزنى كۈتۈپ تۇرۇشنى ئويلىدىم. ئەمما سائەتنىڭ مېڭىش سۈرئىتى تۇساتتىن ئاستىلاپ قالغاندەك ۋاقىت مېنى بىزار قىلىشقا باشلىدى. مەن ئۆينىڭ ئىچىدە توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ قەدەمدە بىر دېگۈدەك سائىتىمگە قارايتتىم. ئىچىم تىتىلداپ، يۈرىكىم مورىغا كەپلىشىپ قالغاندەك سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى مەن زارىقىپ كۈتكەن ۋاقىتمۇ توشتى. سائەت يەتتىدىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە مەن بىر تەرىپى ئۇچۇپ كەتكەن ئەينەككە يەنە بىر قېتىم قاراۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىراپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئەمما مەن ئويلىمىغان يەردىن بوسۇغىدا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا بىر ئادەم پەيدا بولدى. مەن مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم. ھېلىقى ئادەم قوللىرىنى كەرگىنىچە مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى - دە، قىزغىن ئەھۋال سورىغاچ تۈزۈتسىزلا ئۆيگە كىردى. مېنىڭ تېخىچە بوسۇغىدا تۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ:

— ھوي، مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ نېمە. قايسى يىلى ئەنۋەر دوكنىڭ ئۆيىدە بىللە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ چىققان ئەمەسمۇ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا مېنى تونۇماس بوپقاپسەن - دە. ھېچقىسى يوق، ئۆيۈڭنى تولىمۇ تەستە تاپتىم، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى. مەن ھېچ نەرسىنى ئەسلىيەلمىدىم. ئۇنىڭ چىرايىنى بىر يەردە كۆرگەندەكمۇ ئەمەسمەن. ئەنۋەر دېگىنى كىمدۇ؟ بۇ ئادەم مېنىڭ ئۆيۈمگە خاتا كىرىپ قالغانمىدۇيا؟

ئۇ چاپىنىنى سېلىپ كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ، سافاغا ئولتۇردى. يېنىدىن كىرلىشىپ كەتكەن بىر پارچە گېزىتنى چىقىرىپ، بەخىرامان موخۇركا يۆگەشكە كىرىشتى. مەن ئەدەپ يۈزىسىدىنلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى. مەن تىت - تىت بولغان ھالدا سائىتىمگە قارىدىم. سائەت يەتتىدىن 47 مىنۇت ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. پەقەت سائەت ئىستىبرېلكىسىنىڭ بىر خىل رېتىمدا ئىلگىرىلەۋاتقان ئاۋازىلا جاراڭلىق بىر سادا ئايلىنىپ، يۈرىكىمنى موجۇماقتا ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆيگە كىرگەن مېھماننى ھەيدەپ چىقىرىش ئەدەب - قائىدىگە سىغمايدۇ. بۇنى دېسەم ئاخشام قىز بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان

ۋاقىت توشۇپ قىلدۇاتىدۇ. ئۆزۈم دەپ قويۇپ ۋاقتىدا بارالمسام قانداق بولغىنى؟ ئۇنى خىلۋەت كوچىدا ساقلىتىپ قويسام مىنى نىمە دەپ قالار؟... نىمە دىيىشىمنى، نىمە قىلىشىمنى بىلەلمەي بىشىم قىتىپ، يەنە سائەتكە قاردىم. ئاھ ماۋۇ نەسلىكىنى! سائەتنىڭ ئىستىرىلكىسى ۋاقىتنىڭ يەتتىدىن 52 مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى تاقەت قىلىشقا زادى بولمايتتى. نىمە دىسە دەۋەرسۇن. مەن يۈزۈمنى قىلىن قىلىپ «دوستۇم» نى مۆرسىدىن ئىتتىرىپ دىگۈدەك ئاخىر ئۆيدىن چىقاردىم. بۇ جەرياندا يەنە بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى. ئىشىكتىن چىقتىمۇ بارلىق كوچۇمنى ئىككى پۇتۇمغا يىغىپ، كوچىغا قاراپ كىرىچىدىن ئايرىلغان ئوقتەك ئىتىلدىم.

مەن كوچىغا — ۋەدىلەشكەن يەرگە يىتىپ كەلگەندە ۋاقىت بىز كۆرۈشۈشكە كىلىشكەن مۆھلەتتىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. كوچا ئىلگىرىكىدەكلا تىمتاس بولۇپ، قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يەنە شۇ تار كوچا، يەنە شۇ غۇۋا چىراغلار، يەنە شۇ گىرىمسەن مەنزىرە... مەن ئىختىيارسىز گويا ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك قوللىرىمنى بوشلۇقتا قالايمىقان پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، بار ئاۋازىم بىلەن ياۋايىلارچە ۋارقىرىدىم. ئاۋازىم تىمتاس غۇۋالىق ئىچىدە ھىچ بىر ساداسىز غايىب بولدى. مەن خۇددى زىمىننى چەيلىۋەتمەكچى بولغان ئادەمدەك يەرنى زەردە بىلەن تەپتىم. كوچا مىنىڭ بۇ تەلۋىلەرچە قىلىقلىرىمغا سۈكۈت ئىچىدە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئاخىرى چىشلىرىم كىرىشىپ، كۆزۈمگە ھىچ نەرسە كۆرۈنمىدى. كوچا چۆگىلىدىمۇ ياكى مەن چۆگىلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بىشىم قىيىپ، زادىلا بولالمىدىمدە، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوڭدامغا يىقىلدىم. مەن ئەسلىدە ئاخشامقى قىزنى، ياق قىز ئەمەس پەرىشتىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. بۇ مىنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قىتىم ئايال زاتىنى ھەقىقىي، تەڭداشسىز ساپ مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرۈشۈم بولۇپ قالدى.

كىيىن مەن ئۇنى كۆپ ئىزدىگەن بولساممۇ ھىچ يەردىن تاپالمىدىم. كىمنىڭدۇر قىيشى، كىمنىڭدۇر كۆزى، يەنە كىمنىڭدۇر ئاۋازى ئۇنىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەندەك قىلىسىمۇ، لىكىن ئۇ پۈتۈنلەي مىنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك، مەن بارلىقىم بىلەن ياخشى كۆرىدىغان ھىلىقى قىزنىڭ ئۆزى ئەمەس ئىدى. ئۇ گويا يەر يۈزىدە ھىچ قاچان مەۋجۇت ئەمەستەك، مەۋجۇت بولغانمۇ ئەمەستەك، گۈزەل قىزلارنىڭ سىياقىغا كىرىۋىلىپ چاقماق چىقىندىسىغا ئوخشاش يالت - يۇلت قىلىپلا نام-نىشانسىز غايىب بولغانىدى.

مەن ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئادەملەرنىڭ ئايىغى بىسىقان چاغدا كىلىپ بۇ كوچىنى ئاستا ئايلىنىمەن. كوچا چىراغلىرىنىڭ ئاجىز نۇرلىرى بىلەن كىچە قاراڭغۇلۇقىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان گىرىمسەن مەنزىرىگە تويماي قارايمەن. مەن بۇ گىرىمسەن مەنزىرە ئىچىدىن يوقىتىپ قويغان ھايات ئەنگۈشتىرىمنى — ھىلىقى ئاخشامقى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغان قىزنى— پەرىشتىنى ئىزدەيمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇغېنىجان سەيدىن

# ئەسەرلەر

## ئەلەس سۆيگۈ

تەبىئەتنىڭ كۆيى بولغان سەر خىل گۈللەر تىنىۋاتىدۇ، زېمىن نەپەسلىنىۋاتىدۇ، ھاياتلىق سۆيگۈسى كۆكتە جەۋلان قىلىۋاتىدۇ.

گۈل چۈشەكەۋاتىدۇ ئۆزىنىڭ زىبالىقىنى، زېمىن خىيال قىلىۋاتىدۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى.

ئىنسانلار يۈرەك كۆيى — سۆيگۈ قەسىدىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ. جان - جانىۋارلارمۇ ئۆز سۆيگۈلىرىنى ئىزھار قىلىشماقتا. سۆيگۈ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، سۆيگۈ — ئەتىدىكى قۇياش نۇرىنىڭ بوگۈنىنىڭ ئۇپۇقىدا چاقنىغان ھاياتلىق نۇرى، سۆيگۈ — مېھىر شەپقەت ئىلاھى، ئاسايىشلىق پەرىشتىسى، گۈزەللىك ئىختىراچىسى، يېڭى ھايات ئاپىرىدە قىلغۇچى، بەختىنىڭ ھامىيسى...

سۆيگۈسىز دۇنيا ئۆلۈم قۇترىغان گۆرۇستان، ھالاكەت دۇنياسى. پەقەت سۆيگۈلا زېمىننى نەپەسلەندۈرىدۇ، ھاياتنىڭ تەبەسسۇمىنى جىلۇلەندۈرىدۇ. بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقىنى قان ئەمەس، سۆيگۈ!

بىر جۈپ قىز - يىگىت سۆيگۈ قىسسىلىرىنى ئېيتىپ، ئانا تەبىئەتنىڭ يېشىل پاياندازى ئۈستىدە يەڭگىل قەدەم يۆتكەپ، زېمىننىڭ يۈرەك قەسىدىسىنى ئېيتىۋاتقان خۇش پۇراقلىق گۈللەر قېشىغا كەلدى. گۈلزارلىق ئۇلارنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى.

تەبىئەت سۆيگۈ كۆيىدىن لەرزىگە كەلدى، گۈل شادلاندى، قۇشلار ناۋا قىلدى، ئىنسانلار ناخشا ئېيتتى، ئىزگۈ كۆي ھەممىنى سۆيدى. سۆيۈشنىڭ ئىجادىيىتى بولغان قىز - يىگىت يۈرەك قەسىدىلىرىنى بىر - بىرىگە پىچىرلاشتى. يىگىت بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان بىر جۈپ قىزىل گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۆز مەشۇقىغا ھەدىيە قىلدى. قىز شادلاندى، يۈرەك تىپىرلىدى. كۆزلەر چاقناپ ئويناپ كەتتى. قىز - يىگىت يېقىملىق سۆيگۈ سىمفونىيىسىنىڭ ھۇزۇرىدا ۋىسال پەيزىنى سۈردى.

قىزىل گۈل قەتلى قىلىندى، بۇلبۇل يۈرىكىنى قان ئەيلىدى. تەبىئەت ماتەم تۇتتى. زېمىن ئانىنىڭ يۈرىكى سۆيگۈ ئىلاھىنىڭ چاڭگىلىدا مۇجۇلدى.

قىز بىلەن يىگىت ھالسىرىغان تەبىئەتنىڭ كۆكسىگە دەسسەپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ كۆيىنى ياڭرىتىپ، ۋىسال قەسرى تامان يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار شۇ تاپتا يەنە بىر سۆيگۈنىڭ قاتىلى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنۇتقانىدى.

## ئەخمەق

مەن ئۇنى ئۇنىڭدا يوق سۈپەتلەرنى قوشۇپ ماختىدىم، ئۇنىڭ بىر غېرىچ بويىنىنى كۆككە كۆتۈردۈم، خۇنسىز كۆزلىرىنى قۇياش بىلەن تەڭلەشتۈردۈم... ئۇ شۇندىلا شادلاندى. مەيۈسلۈكى يوقاپ، خۇددى بېشى ئەرشكە يەتكەندەك كۈلدى.

مەن ئۇنى ماختاپ بولۇپ يىغلىدىم، چۈنكى تىلىم كۆيۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆرۈمسىز، جانسىز، كۈلكىلىك تۇرقىغا قارىغانسېرى، يۈزۈم خۇددى ئەڭ يۇقىرى چەكتە قىزدۇرۇلغان پېچقا چاپلىشىپ قالغاندەك كۆيۈشكە باشلىدى.

مەن ئۇنىڭ ساختا پەلسەپىسىنى سەممىيەت لىباسى بىلەن بېزىدىم. ئەپسۇس، قولۇم كۆيدى، پۈتۈم كالۋالاشتى، مەن تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالغان ئىدىم.

— ھا...ھا...ھا... نېمىشقا يىغلايسەن ئەخمەق، ئاكاڭ قارىغايدەك كۈچتۈڭگۈر ھېماتچىڭ ئالدىدا نېمىشقا كۆز يېشى قىلسەن، يا مەندەك ساھىبقىرانغا ھەسەت قىلىۋاتامسەن، ئەخمەق ئىنىم؟! — دېدى ئۇ گىدىيىپ تۇرۇپ.

ھە؟! مەن تۇرۇپلا قالدىم. كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ؟ ئېھتىمال، ئەخمەق دەپ ئاتىلىش نۆۋىتى ئەمدى ماڭا كەلگەندۇ...

## دۆت

— تولىمۇ دۆت، كالۋا نېمىكەنسەن...

مېنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا تەلىم ئالغىلى كېلىپ ئاڭلىغان تۇنجى ساۋىقىم شۇ بولدى. مەن ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ، ئۇنىڭ مەغرۇر تۇرقىغا تىكىلىپ:

— سىزمۇ بېشىنىڭ سۆيى بار دۆت ئىكەنسىز، — دېدىم. ئۇ شۇندىلا خىجىللىق ئىلكىدە مەندىن ئەپۇ سورىدى.

مەن ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا يېڭىباشتىن قول بەردىم، ئۇمۇ قولىنى بەردى. بىزنىڭ ئۇنتتۇرىمىزدىن دانالىقنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى تۇغۇلدى. دۆتلىكىمىز بىزنى يېڭىباشتىن ئاپىرىدە قىلغانىدى.

## سەدىقە بالانى يەر...

ئۇ توگرا بېسىپ كەتكەن بەردەم بارماقلىرىنى خۇددى شامالدا قالغان ياپراقتەك تىترىتىپ تەڭلەپ تۇرۇپ:

— سەدىقە بالانى يەر، — دېدى.

مەن بۇ ئۇستىخانلىق، بېجىرىم يىگىتنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكنىڭكىدەك ئۇسال تۇرقىغا ئېچىنغان ھالدا قاراپ:

— بولدىلا بۇرادەر، سەن مۇشۇ تۈپەيلى ئۆز بەختىڭنى ھېلىمۇ ئاز يوقاتمىدىڭمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمدى سەنمۇ شادلىق ئىلاھىنىڭ تەقسىماتىدىن بەھرىمەن بولغىن، بالانى ساڭىلا يۆلىگۈۋەرمەيلى، — دېدىم.

ئۇ چىرايىمنى بىر قىسما قىلىپ، خۇددى بۇتتەكلا قېتىپ قالدى.

## كۆلەڭگە

مەن كېتىپ بارىمەن، تەنها كېتىپ بارىمەن. تونۇش - بىلىشلەرگە، يار - بۇرادەرلەرگە سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. قۇياش دۇمبەمنى قىزىتماقتا...

هازىر ماڭا خىياللا ھەمراھ. شۇنداق، ئادەم بىر ئۆمۈر خىيالدىن ئايرىلالمايدۇ، خىيالسىز ياشيالمايدۇ. خىيال ئارزۇ - ئۈمىدنى، شۇنداقلا غايىنى تەۋەللۇت قىلىدۇ. مەن خىيال گۈلزارلىرىدا غايە پەرىشتىسىگە ئاشىقىي بىقارار بولغان. مەن ئول پەرىشتىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن كېتىپ بارىمەن. ئۇلۇغۋار خىياللىرىم مېنى يىراق مەنزىللەرگە ئېلىپ بارماقتا. ئۇ خۇددى بىر توسۇن ئات، چاپىدۇ كەڭ يايلاقلار ئارا، ماڭا بولۇپ ھەمراھ، ئۇ ئاشتى تالاي تاغلاردىن. لېكىن ھالقىپ بولالماسمەن نۇرلۇق تاغ — غايە چوققىسىدىن. تاغ كەينىدە تاغ بار دېگەندەك تۈگىمەس مەنزىلىم...

خىيال توسۇن ئاتقا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇ يۈگەنسىز ئەمەس. ئۇ شاش بولغىنى بىلەن يۈگەنلىك، پەقەت چۈلۈۋۈرنى ئەقىل دانىشمەنىم كۆڭۈل خاھىشىمغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئۆزۈن قويۇۋېتەكەن، خالاس.

چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ، خىيالدىن نېمە تۇغۇلمايدۇ... مېنى خىيال تۇلپارىم تەپەككۇر يايلىقىغا ئاپىرىپ تاشلىدى - دە، ئۆزى يايلاشقا باشلىدى.

مەن يولدا كېتىپ بارىمەن. قۇياش تەرك ئەتكەن تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمەن. ئۇيياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن سالاملىشىپ كېتىپ بارىمەن ھەم ئۇلارغا سەپسېلىۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن يىرگىنىپ قېچىپمۇ كېتىپ بارىمەن...

مېنىڭ تۇلپارىم بىر تۇتام ئوتنى چىشلىگىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

قىزىق، پۈتۈن كائىناتنى يورۇتۇۋاتقان قۇياش كۆكسۈگىنى قىزدۇرغاندا، ئارقىڭدا قارا كۆلەڭگە پەيدا بولىدىكەن - دە، ساڭا ئەگىشىدىكەن. قۇياش گەجگەڭنى قىزىتسا، بىر قارا كۆلەڭگە ئالدىڭدا يورغىلايدىكەن...

## ئۇ

ئۇ تەبەسسۇم قىلىۋىدى، دۇنيا كۈلدى، ئۇ تەۋرىگەنىدى، زېمىن سىلكىنىپ كەتتى.
ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋىدى، جاھان ئېغىر سۈكۈنات ئىلكىدە سوغۇق ئۇھ تارتىپ تىنجىدى.
ئۇ نەپەسلىنىۋىدى، ئالەم لەرزىگە كېلىپ ياشناپ كەتتى. ئۇ - قۇياش! ئۇ - ئانا! ئۇ - ئايال! ئۇ - ئىلاھ!

## ئىككى مەست

مەن تار كوچىدا كېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىزلا ئالدى تەرىپىمدىن بىر مەست چىقىپ كەلدى. ئۇ شامالدا قالغان سۆگەتتەك ئىغاڭلاپ يولغا پاتماي كېلىۋاتاتتى.

مەن تار كوچىدا كېتىۋاتاتتىم. بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تار كوچىدا ئىككەيلەندىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ماڭا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ماڭا چېقىلىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى بارلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. مەن ئىلگىرى مۇ ئىككى سەر قېقىۋېلىپ، تۆت سەر مەست بولغانلارنىڭ پۇتلىشىغا ئۇچرىغانىدىم. مېنى سۈر بېسىشقا باشلىدى... ئاخىرى مەنمۇ دەلدەڭشىپ دەسسەپ يولنى بىر ئالدىم. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ، ماڭا چېقىلماقچى بولۇۋىدى، مەن چاققانلىق بىلەن ئۇنى ئالدىن مۇرىدىدىم. ئۇ سەل مەڭدىدى بولغاي، كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ گۈلىيىپ قويۇپ، ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن مەستتىن بىرنەچچە قەدەم ئۇزىغاندىن كېيىن، ئارقامغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدۇم. ئۇمۇ دەلدۈگۈنۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىشىپ قويدۇق، ئەسلىدە مەنمۇ مەست بولۇپ قالغان ئىكەنمەن!

## ئىلاھىي ناخشا

ناخشا — يۈرەكنىڭ پاكلىق كۈيى، ھاياتلىق ئىلاھىنىڭ قاغجىرىغان روھىنىڭ زەمزىمى...

مەن ناخشىغا خۇشتار. ناخشا مېنى ياراتقان. ماڭا مەۋجۇتلۇق ئاتا قىلغان، بۆيۈكلۈك ھەدىيە قىلغان.

ناخشا — گۈزەللىك، پاكلىق...

مەن ناخشىغا ھەۋەسلەندىم، ئاجايىپ بىر ناخشا بىلەن ناخشا ھەۋەسكارلىرىنى ھەيران قالدۇرماقچى بولدۇم. شۇ ۋەسۋەسە مېنى تىپىرلاتتى، يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا يۈگۈرەتتى. مەن قاتمۇقات سېپىللاردىن، پايانسىز دېڭىز - ئوكيانلاردىن، ئاجايىپ مۆجىزىلىك ئېھراملاردىن ھالقىدىم. ئۇ يەرلەردە بازار تاپقان ئاجايىپ ناخشىلارنى تەختىراۋانغا سېلىپ، ئۆز ماكانىمغا ئېلىپ كەلدىم. ئەپسۇس، مەغلۇب بولدۇم! مېنىڭ بۇ ئاجايىپ ناخشىلىرىم ئۇزاققا بارماي بۆشۈكتىكى ئۇكامنىمۇ قىزىقتۇرالماس بولۇپ قالدى. مېنىڭ ئۆلمەس ناخشام ئاخىرى ئۆزىگە كېپەنلىك ئىزدەشكە چۈشتى. مەن ماتەم تۇتتۇم. ئۆزۈمگە ھالاكەتنىڭ سىرتمىقىنى راۋا كۆردۇم...

مەن ئاداققى قېتىم كۆزۈمنى چەكچەيتىپ، زېمىنغا نەزەر تاشلىدىم. ئاھ، بۇ نېمە كارامەت! مەن ئىزدىگەن بۈيۈك ناخشا مېنىڭ ئالدىمدا يىراقلارغا تىكىلگىنىچە تەپەككۇر ئىلكىدە تۇرۇپتۇ. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، يەنە بىر قېتىم ئاچتىم. راستىنلا ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئىلاھىي ناخشا ئالدىمدا تۇراتتى!

ئاھ، چىمەن دوپپىلىق، ئۇسما ئۇيرىسى، مەسۇم كۆزلۈك پەرىشتەم، مەن ئىزدىگەن بۈيۈك ناخشا سېنىڭ ئاشۇ پاكلىق جىلۋىلىنىپ تۇرغان كۆزۈڭدە، سۆيگۈگە تەشنا يۈرىكىڭدە ئىكەن ئەمەسمۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەخمەت تۆمۈر

# شورلۇق يول

(هېكايە)

ئۆمەر ئاكىنىڭ كەنتىمىزگە كەلگەنلىك خەۋىرى هايت - هۇيت دېگۈچە مەھەللە ياشلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۆمەر ئاكا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، ئۇ خۇش چاقچاق، پاراڭچى، داڭلىق دۇتار، تەمبۇرچى، ناخشىنىمۇ ئوبدانلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايدۇ.

دادام ياشىنىپ هاسىغا چۈشۈپ قالغىنى بىلەن هېلىمۇ ساز، ناخشا دېسە جايىدا ئولتۇرالماي قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۆمەر ئاكىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، بۈگۈن كەچتە هويلىمىزدا مەشرەپ قىلىپ بېرىدىغان بوپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمىزدىن قولىمىز ئىشقا بارمايلا قالدى. مەھەللە سىرتىدا كۆزلۈك بۇغداي تېرىلغۇسى ئۈچۈن يەر ئاغدۇرۇۋاتاتتۇق. سوقىدىكى كالىلارنى ئېزىلتىپ، ئىشلىرىمىزنى كۈندىكىدىن بالدۇر تۈگەتتۇق - تە، مەھەللىگە قاراپ يۈگرەشتۇق. كۆز ئايلىرىدىكى يېزا خۇددى جەننەتتەك گۈزەل، ئېتىزلاردا قوغۇن - تاۋۇز، باغلاردا ئالما - شاپتۇل مەي بولۇپ پىشقان، قارىساڭ ھەممە يەر باياشادلىققا چۆمگەندى.

كەچتە هويلىمىزغا مەھەللىمىزنىڭ قىز - يىگىتلىرىلا ئەمەس، ئۇششاق - چوڭنىڭ هەممىسى يىغىلدى. ئاپام، مەن ۋە سىڭلىم مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا نان، توقاچ، سۈتلۈك چاي، ئاندىن لېگەنلەردە ئالما، شاپتۇل، ئەنجۈر ۋە تىلىنغان قوغۇن، تاۋۇزلارنى تىزىش بىلەن ئاۋارە ئىدۇق. دەسلەپتە مەھەللىمىزنىڭ سازەندە، ناخشىچىلىرى بىردەم داپ، دۇتار، تەمبۇرلار بىلەن ساز قىلىشتى. ئۇلارغا جۆر بولۇپ، بىرلىرى ناخشا ئېيتىشاتتى. بىرلىرى ئۇسسۇل ئوينايتتى. مەشرەپ بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئۆمەر ئاكىنىڭ دۇتار چېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ بىرنەچچىمىز تەڭلا ۋارقىراشتۇق. شۇ هامان كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ قولىغا دۇتارنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۆمەر ئاكا دۇتار چېلىپ، ناخشىسىنى باشلىدى. يېقىملىق كۈي مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى ئەسىر قىلدى، ئەتراپقا خۇددى مەيىن كۆز شامىلىدەك تارقاۋاتقان خۇش ئاھاڭ ئۇلارنى ساز ۋە ناخشىغا جۆر بولۇشقا ئۈندىمەكتە، قىز - يىگىتلەرگە ئايدىڭ كېچىلەردىكى شېرىن ئۈچرىشىشلارنى، قېرىلارغا يىراق - يىراقلاردا قالغان ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەتمەكتە... كىملەردۇر مۈگدەپ ئېزىلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇھ تارتسا، يەنە كىملەردۇر هاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي

«دوست...! دوست...!» دەپ تۋۋلشاتتى.
بىز بىرلەچچىمىز ناخشا ـ سازنىڭ خۇددى
كۆچلۈك ئىچىملىكنىڭ شىرىسىن كەيپىدەك
ھاياجانلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، كۆزىمىزنى
ئۆمەر ئاكىدىن ئۈزمەي جىمجىت ئولتۇراتـ
تۇق. ئۇ مۇقامنى تۈگىتىپ ئۇسسۇل پەدىـ
لىرىگە ئۆتتى. يېنىمدىكى ئاغىنىلىرىمدىن
بىرسى كاپىلا قىلىپ قولۇمغا ئېسىلىپ ئوتتۇـ
رىغا سۆرەپ چىقتى. مەن ئۆمەر ئاكىنىڭ
شاگىرتىغا قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئولتۇرۇۋېـ
لىشقا ئۇرۇندۇم. ئەمما ئاغىنىلەر مېنى
ئولتۇرغىلى قويامىدىغان. مەن ئاخىرى
ئۇلارنىڭ ھە ـ ھۇ سى بىلەن ئۇسسۇلغا
چۈشتۈم. ئىچىمدە: نېمە دېسە دەر، چۈجە
خورازمۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى چىللايدۇ،
دېدىم ـ دە، دادامدىن ئۆگىنىۋالغان سەنەم
ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ پىرقىراشقا باشلىدىم.
كۆزۈم ئۆمەر ئاكىدا ئىدى. ئۇ ماڭا پات ـ
پات بېشىنى لىڭشىتىپ، ئوينا، ئويناۋەرگىن
دېگەندەك قىلاتتى. مەن پۈتۈن ئىشتىياقىم
بىلەن ئۇسسۇل ئوينىدۇم. مەن ئۆزۈمنى
ئۇنتۇغاندىم. يۈزلىرىمدىن قۇيۇلۇۋاتقان
ئاچچىق تەرنىڭ كۆزلىرىمنى ئېچىشتۇرۇشـ
نى، يەرگە چىپىلداپ ئېقىشىنى سەزمەيتتىم.
بىر چاغدا دۇتارنىڭ تارىسى تارس قىـ
لىپ ئۈزۈلدى، ئەتراپتىكىلەر مېنى
تەبرىكلىشىپ:
— يارايسەن ئوسمان، يارايسەن! مانا،
شەھەردىن چىققان سازچى كادىرنىمۇ هارـ
دۇردۇڭ... — دەپ تۋۋلاشتى. شۇ ئارىلىقـ
تا چىلىم① باشلاندى. بىر چاغدا ئۆمەر
ئاكا مېنى چاقىرىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ باراڭ سىرتىغا چىقتىم.
— ۋاھ، قالتىس ئۇسسۇلچى ئىكەنسەنـ
غۇ، پەيىزدىك بار ئىكەن جۇمۇ! — دېدى
ئۇ يەلكەمگە شاپىلاقلاپ. ئۇنىڭ ئادەتتىن
تاشقىرى خۇشال بولغانلىقى قېلىن قاشلىرى
ئاستىدىكى كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك
چوڭ ۋە خۇش خۇي كۆزلىرىدىن بىلىنىپ
تۇراتتى، — كىمدىن ئۆگەنگەن؟
— دەسلەپتە — مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا
سەنئەت مۇئەللىمىدىن، كېيىن دادامدىن... —
دېدىم سەل قورۇنۇپ.
— نەچچىنچىگە ئوقۇدۇڭ؟
— تولۇق ئوتتۇرىغىچە.
— مۇنداق دە. دېھقانلار ئارىسىدىكى
يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيكەنسەن ـ دە،
ئەمسە! سېنى تاللىسام بولغۇدەك.
— نېمىگە؟ — ھەيران بولۇپ
سورىدىم مەن.
— مۇنداق ئىش، — ئۇ بىر ئىشتىن
قانائەت تاپقاندەك ھۇزۇرلىنىپ
بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن داۋام قىلدى، — مەن
بۇ قېتىم بۇ يېزىغا بىر مەدەنىيەت پونكىتى
قۇرۇش ئۈچۈن چىققاندىم، تۈنۈگۈن كەچـ
تە يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى
مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلەشتىم. يېزىلىق
ھۆكۈمەتكە توۋۋا بوش ئىشخانىلاردىن بىر
نەچچىنى ئاجرىتىدىغان بولۇشتى. ئەمدىكى
گەپ ئۇنى باشقۇرىدىغان ئادەمدىلا قالدى،
بۇ ئىشنى ساڭا يۆكلىسەك قانداق دەيسەن؟
— ماڭا؟ توۋۋا دېسىلە، مېنىڭدە ئۇنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك قابىلىيەت نېمىش
قىلسۇن؟ — دېدىم مەن ئىشەنچسىزلىك
بىلەن. ئۇ قولىنى سىلكىدى.
— توۋۋا ـ پوۋۋاڭنى قوي ئاغىنە، ئون
بىر يىل ئوقۇغانسەنۇ، يەنە ئۆزۈڭنى قابىـ
لىيەتسىز دەيسەن. ئەمسە بۇ مەدەنىيەت
پونكىتىنى كوچىدىكى ھېلىقى توكۇر باخشىـ
غا تۇتقۇزساق رازىمۇسەن؟ مەدەنىيەت پونـ
كىتىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە دەمسىنا؟ ئەمسە
مەن ساڭا چۈشەندۈرەي، ئۇ ناھىيىلىك

① چىلىم ـ كوچا دېھقانلىرىنىڭ مەشرەپ ئارىلىقىدا ئوينايدىغان بىر خىل يەرلىك ئويۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت يۇرتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، يېزىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدۇ. دېھقانلار ئارىسىدىكى نادانلىق، قاششاقلىق ۋە خۇراپاتلىقنى ئاستا - ئاستا تۈگىتىپ، ئۇلارنى مەدەنىيەتكە، ئىلىم - پەنگە يېتەكلەيدۇ.

ۋاھ، مۇنداق ئىش ئىكەن - دە! مەن ئۆمەر ئاكىغا خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈردۈم. بىز شۇ كېچىسى ھويلىمىزدىكى يوغان كات ساندۇق ئۈستىدە مەدەنىيەت پونكىتى توغرىلىق ئۇزۇنغىچە سۆزلىشىپ ياتتۇق.

بىز ئەتىسىلا يېزا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتۇق. بۇنىڭغا يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى يېنىدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئاجرىتىلغانىدى. ئۇنىڭ بىرىنى كۇتۇپخانا، بىرىنى مەدەنىي پائالىيەت ئۆيى قىلىدىغان بولدۇق. يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاجراتقان پۇلغا شەھەرگە بېرىپ بىرمۇنچە كىتاب - ژۇرنال ۋە ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەت ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىپ كەلدىم - دە، ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇردۇم. مەدەنىيەت پونكىتىمىزنىڭ تۇنجى پائالىيىتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئۇلار مەن ئۈچۈن نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ۋە بەختلىك كۈنلەر ئىدى - ھە؟ مەن ئەمدى راستىنلا ئۆز ئارزۇ - غايەمگە يەتكەنىدىم. چۈنكى مەن ئەمدى ئۆز يېزام ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتاتتىم. ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى كەنت - كەنتلەردىن كەلگەن قىز - يىگىتلەر بۇ يەرگە جەم بولاتتى - دە، ئۆزىنىڭ خالىغان پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. كىتاب - ژۇرنال قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى. يېزىمىزنىڭ بۇرۇنقى بىر توپ ئىچەرمەن - چېكەرمەنلىرى، قىمارۋازلىرىمۇ ئەمدى مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ دائىملىق پائالىيەتچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. يېزا ياشلىرى ئۈستەل ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىپ، سىياسەت، ئەدەبىيات، تارىخ، خەلقئارا ۋەزىيەت قاتارلىقلاردىن تارتىپ، ئىلمىي تېرىقچىلىق، خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش تېخنىكىسىغىچە بولغان تەبىئىي پەن ساھەلىرىغىچە ئۆگەنگەنلىرىنى بىر - بىرىگە سۆزلىشەتتى. تالاش - تارتىش ۋە بەس - مۇنازىرە قىلىشاتتى. مەدەنىي مەشغۇلات ئۆيىدىكىلەرنىڭ قىزغىن كەيپىياتى كۇتۇپخانىدىكىلەردىن قېلىشمايتتى. ئۇلار شاھمات، دامكا، تىك - تاك توپ تۈرلىرى بويىچە بىر - بىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشاتتى. يېڭىش ۋە غەلىبە قازىنىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى توغرىسىدا ئويلىشاتتى، باش قاتۇراتتى. مەدەنىيەت پونكىتى يالغۇز ياشلارنىڭ مەدەنىي پائالىيەت سورۇنىلا ئەمەس، يېزا دېھقانلىرىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىدىغان مەكتەپ، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان ئۇچۇر مەركىزى، ئۇلارنىڭ قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان مەسلىھەتخانىغا ئايلانغانىدى. بۇ يەرگە ئەمدى ياشلاردىن تاشقىرى چوڭلارمۇ كېلىدىغان بولدى. شۇڭا ئەسلىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئالتە ئېغىزلىق ئۆيگە كۆپەيتىلدى. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئەكرەم پات - پات مەدەنىيەت پونكىتىغا كېلىپ، مېنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرەتتى ۋە قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ تۇراتتى. كېيىن بۇ يەرگە زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيىگە كېلىدىغانلار كۆپەيگىلى تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەدەنىيەت پونكىتىمىز ناھىيە، ھەتتا ۋىلايەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئىككىنچى يىلى قىشتا ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە

ئىلغارلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، 22 دىپوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور بىلەن مۇكاپاتلاندىم... بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۆمەر ئاكا مېنى ئالاھىدە تەبرىكلەپ مەدەنىيەت پونكىتىغا كەپتۇ. ئۇ ماڭا تېخىمۇ ئىلھام بېرىپ:

— ئۇكا، ھازىر ئىقتىسادىمىز كەمچىل، ساڭا كۆپ قاردىيالمايمىز. مۇكاپات بېرىلگەن تېلېۋىزورنى ئىشقا سالىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. يەنە ئاممىۋى مەشرەپ، چېلىش تۇرلىرىنىمۇ يولغا قوي، — دېدى. بانكىدىن بەش مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ بىر دانە سىنئالغۇ ئاپپاراتى ۋە «750» تىپلىق ماتوردىن بىرنى سېتىۋېلىپ، سىنئالغۇ قويۇش مۇلازىمەت كەسپىنى يولغا قويدۇم. كىرىمىمىز كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا ئىدى. مەن بۇ پۇل بىلەن بىر تەرەپتىن قەرزىمىزنى تۆلەپ، ئېشىنغىنىغا كونىرىغان كىتاب - ژۇرنال ۋە مەدەنىي پائالىيەت ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلىماقچى بولدۇم.

مەن ناھىيىلىك ئۈن - سىن فىلىملىرى تارقىتىش شىركىتىدىن ئېلىپ چىققان «تاش ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى قويۇۋاتاتتىم، تۇساتتىن ئايۇپ شۇجى، ئايۇپ شۇجى... دېگەن ئەنسىز پىچىرلاشلار قۇلىقىمغا كىردى، مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قاڭسىق ھاراق پۇسىنىڭ بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم. دېگەندەك، ئايۇپ «شۇجى» يوڭلۇق مەيدىسىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسىگە، گۆشلۈك يۈزىگە ماس بولمىغان چىكىتتەك ئۇششاق كۆزلىرىنى چەمچىقلىتىپ، ماڭا نېمىدۇر دېيىشكە تەمشىلىپ يېنىمدا تۇراتتى. ئايۇپ يېزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىرى بولۇپ، تولىمۇ كۆرەڭ، مەنمەنچى ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ «شۇجى» دېيىشەتتى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدۇم:

— كەلسىلە، يېڭى فىلىم، بىر دەم ئولتۇرۇپ كۆرۈپ باقسىلا.

— مۇشۇ يەردە كۆرەمدىم؟! — ئۇ ئېغىز پۇشۇلدىدى، — ئۆيىمىزگە ئەپچىقىپ قويۇپ بېرەرسەن تېخى!

— كېيىنچە شۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ. — ئۇدۇللا جاۋاب بەردىم مەن.

— كېيىنچە؟ ھە! كېيىنچە دەپ قوي تېخى! توختات بۇ بىر نېمەڭنى! — ئۇ ئەسەبىيلەرچە قولىنى شىلتىدى. — ماتورىڭنى ئەچىقىپ زالنى يورۇت، ناھىيىدىن خىزمەت تەكشۈرۈپ چىققانلار ساقلاپ قالدى!

— ئايۇپ ئاكا، — دېدىم مەن يېلىنىپ، — مانا كۆرۈپ تۇرۇپلا، مۇشۇ ئولتۇرغان يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھەممىسىگە بېلەت سېتىلغان، ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟

— گەپتىن بىرنى ياسا، بول - بول! ئىشقىلىپ نېمە دېسەڭ بولىۋېرىدۇ. — ئۇ ماڭا بۇيرۇق قىلماقتا. نېمە ئىلاج. ئەمدى بۇيرۇققا بويسۇنماسلىقتىن باشقا چارە يوق. مەن تەڭقىسلىق ۋە تەشۋىش ئىچىدە تاماشىبىنلارغا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم.

— كۆپچىلىك... خاپا بولماڭلار، ھازىر پارتكومدا جىددىي يىغىن بار ئىكەن. ماتورنى شۇ جايغا ئەچىقىدىغان بوپ قالدۇق. سىلەردىن ئەپۇ سوراش يۈزىسىدىن بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئەتە بىر كۈن ھەقسىز قويۇپ بېرىلىدۇ.

يالغان سۆزلىگىنىم، جامائەتنى ئالدىغىنىم ئۈچۈن يۈزۈم ئوت ئالغاندەك كۆيۈپ، بېشىم پىرقىراپ كەتتى. ئالدىمدىن ئاچچىق بىلەن ھومىيىپ چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى - بۇنى قىلغان بولۇپ يەرگە قارىۋالدىم.

— بول - بول... تېزرەك! —

www.uyghurkitap.com

ئېيىقىنىڭكىدەك دىقماق بىر قول مۇرەمدىن - ئىتتىرگەندە ئەندىكىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. يېنىمدا يەنە شۇ ئايۇپ. ماتور كىلدىرلاپ مېڭىۋېتىپتۇ. كىشىلەر ئۈن-تىنسىز كېتىپ قاپتۇ. ئاھ، نېمىدېگەن ياۋاش ئادەملەر - ھە؟ مەن ئۇلارغا ئىچىمدە رەھمەت ئېيتتىم. ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ماتورنى كۆتۈرۈپ، ئالدىمدا دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقان ئايۇپقا ئەگىشىپ يېزىلىق پارتكومنىڭ يىغىن زالىغا كىردىم، كىردىم - يۇ، ئورنۇمدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. نەيىغىن، نە رەھبەر؟ زال ئىچى گوياكونىلار ئېيتىدىغان باخشى تۇغ باغلاپ شام يېقىپ پىرە ئويناۋاتقان ئۆيگىلا ئوخشايتتى. گۇگۇگا يېنىۋاتقان كىرسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا بىردىن، ئىككىدىن چۆپلىشىپ ئولتۇرغان مەست - ئەلەس چىرايلار... ئايۇپ ئىشىكتىن كىرىپلا ئولتۇرغانلارغا خىتاب قىلدى:

— تاماشىمىز ئەمدى قىزىيدىغان بولدى ئاغىينىلەر، ئوسمان زەنجاك ھەر قايسىڭلارنى دەپ ئاتايتەن كەلدى...

— يارايسەن ئايۇپ، گېپىڭنى گەپ قىلدىڭ! — زال ئىچىدىن ئايۇپنى ماختايدىغان ئالا - تاغىل ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. مەن بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم.

— نەگە؟ — ئايۇپنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى.

— ئايۇپ ئاكا يىغىنمۇ يوقكەن، مەن چىقىپ دەم ئالاي.

— ئۇ گېپىڭنى قوي! — ئۇ بىلىكىمنى قاماللاپ تۇتتى، — دەمنىمۇ ئېلىۋالسەن، مەن ساڭا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرەمەن، ماقۇل دە... كېيىنچە مائاشىڭنىمۇ ئۆستۈرۈپ... ھە... رەھبەرلەر كېتىپ قالدى. كەتسە كەتمەمدۇ، ئەمدى بىز ئوينايمىز.

مەن بۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا قارىدىم. كۆز ئالدىمدا بەئەينى چىشلىرىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قان - گۆش تەلەپ قىلىۋاتقان قوۋۇ تۈلكىگە ئوخشاش بەت - بەشىرە بىر مەخلۇق تۇراتتى. مەن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا يولىيورۇق سوراپ نەچچە بارىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم - دە، ئالاجىسىز:

— بوپتۇ ئەمىسە، بىر سائەتلا ماڭدۇرۇپ بېرەي، مايمۇ قالمىدى، — دېدىم.

— بولىدۇ... ھىق!... ھىق... سېنىڭ دېگىنىڭ ھېساب!

مەن زالىغا تىك چىرىغى تارتىپ، ماتورغا ئۇلىدىم. چىراغلار يېقىلدى. زال ئىچى ئىس - تۈتۈن، سېسىق بۇسقا تولغانىدى. مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا ناھىيە بازىرىدا ئەتىدىن كەچكىچە لاغايلاپ يۈرۈيدىغان بىكار تەلەپلەر... جازانىخورلار، يەنە يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ۋە بىر نەچچە قىز ئوقۇغۇچىسى ئولتۇراتتى. چىراغنىڭ يورۇشى بىلەن تەڭ قىزلار يۈزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋېلىپ، دوكۇرلىشىپ ئىشىك تەرەپكە يۈگرەشتى.

— ھەي، قىزلار نەگە؟ — ئايۇپ مەكتەپ مۇدىرىغا قولىنى زەردە بىلەن شىلتىدى، — غورپۇر شاۋجاڭ، گەپ قىلىڭ، تازا لامزەللە ئادەم ئىكەنسىز!

پاكىنەك، سەپكۈن يۈزلۈك مەكتەپ مۇدىرى قىزلارنىڭ ئالدىنى توستى:

— ئوكىلىرىم، ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر، ئايۇپ ئاخۇنىنىڭ ئاچچىقى يامان، ئەتە ئۆگۈن ھەممىمىز ئاشۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بارىمىز، ئۇ چاغدا... ئېغىز ئاچماق تەس. بىر قېتىم مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭلار.

نېمىدېگەن ئوخشاشلىق بۇ - ھە؟ ئەتە ئۆگۈن راست. ۋاي بىچارە قىزلار... سىلەرمۇ مەندەك بىچارە ئىكەنسىلەر مەن ئىچ ئاغرىتقۇچ بىر نەزەردە ئۇلارغا قاراۋېتىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش تۆكۈلۈۋاتقىنىنى كۆردۈم. ئۇلارمۇ ئامالسىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى تەقدىرى
ئۈچۈن بۇ ھوقۇق ئىگىسىگە ئۆيۈنچۈق بو-
لۇشقا مەجبۇر...

مەن سائىتىمىگە قارىدىم، سائەت ئون
ئىككىدىن ئاشقانىدى. ئىچىش يەنە باش-
لاندى. «نامان داچۇ» دەيدىغان بىرسى ماڭا
بىر پىيالىدە لىق توشقۇزۇلغان ھاراقنى
كۆتۈرۈپ كەلدى، ئۇ مەستلىكتىن ئۆزىنى
ئارانلا باشقۇرۇپ تۇراتتى.

— قېنى ئوسمان زەنجاڭ، بىرنى ئى-
چىپ قوي...

— رەھمەت، مەن ھاراق ئىچمەي-
مەن...—ئۇنى كەسكىن بىلەن رەتقىلدىم.

— ئىچمەمسەن تېخى... ئىززەت قىل-
غاننى بىلمەيدىكەنسەن جۇمۇ، سەن ئىچمى-
سەڭ مەن ئىچمەن، پۇلغا كەلگەن زەم-
زەم بۇ! — ئۇ پىيالىنى كۆتۈرگەن پېتى
ئىچىۋەتتى — يۇ، دەلدەڭشىگىنىچە ئىشىك
تۈۋىگە بېرىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن
بۇژۇلداپ بىر نەرسىلەر ياناتقتا، ئۇ چۈشىنىك-
سىز بىر زەئىپ ئاۋازدا نېمىلەرنىدۇ دەپ
ئىگىرىماقتائىدى. مەن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ
كۆتۈرۈپ ھويلىدىكى قارىياغاچ تۈۋىگە
ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم. ئالدىمدا تاماكا تۈتۈ-
نى ۋە ئاچچىق تەر پۇراقلىرى بۇقسىغان
زال، ئىچىشۋازلىق... ئايۇپ قىزلارغا ھاراق
زورلايتتى، قىزلار ئاغزىلىرىنى ئېتىشىپ ھەر
تەرەپكە قېچىشاتتى. ئۇ بىر قىزنى سار چۈ-
جىنى تۇتقاندەك كاپىلا قىلىپ قامالاپ
تۇتتى - دە، پىيالىدىكى ھاراقنى ئاغزىغا
ئاپاردى. مەن جىددىيلىشىپ تۇرغىنىمدا، ئۇ
قىز پىيالىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى، ئەتراپ-
تىن سىخىرىمەلىك كۈلكە كۆتۈرەلمىدى:

—بەللى... بەللى ...! ئايۇپئاخۇن ئىنى-
دەككە كەلتۈرەلمىدى!

— تۇشقاننى قاچۇرۇپ قويدى!
ئېھتىمال بۇ گەپلەر ئايۇپقا ھىنار
كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇ قىزنى زەردە
بىلەن قويۇۋەتتى ۋە چىرايىغا زورىغا كۈل-
كە يۈگۈرۈەتتى.

— كېرەك يوق. بالا كىچىك ئەمەس-
مۇ قەدرىمىزنى بىلمەيدۇ تېخى. ھە،
ئەمدى تانسا ئوينايلى، قېنى سەن قاسىم؟
ئۇن ئالغۇنى قوي!

زال ئىچىدە تانسا مۇزىكىلىرى ياڭ-
رىدى. ئولتۇرغانلار بىر - بىرىدىن قىزغى-
نىشىپ، ئاشۇ گۆدەك، مەسۇم قىزلارغا ئېت-
تىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تانسا ئويناشنى
بىلىش - بىلمەسلىكى بىلەنكارى يوق، ئوڭ -
تەتۈر دەسسىمەكتە، پىرقىرىماقتا...
ئايۇپ ھېلىقى قىزنىڭ بېلىدىن تۇتى-
ۋېلىپ ئويناماقتا. ئۇ قىزغا بىرنېمىلەرنى
دەپ ھىجىياتتى. نېمە تۇغرىلىقتۇر ۋەدە
بېرەتتى. ئۇ قىزنىڭ بېلىنى دەسلەپتە ئە-
دەپ بىلەن تۇتقان بولسا، بارغانسېرى
بېلىدىن مۇجۇپ، ئۆزىگە تارتىشقا باشلىدى.
قىز تولغىناتتى، كامالچىدەك ئىگىلىپ كەي-
نىگە داجىيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسىدەك ياش-
تىكى، تومۇرلىرىدا شەھۋانىيھەۋەس قاينا-
ۋاتقان مۇنۇ ئىككى ئاياغلىق ھايۋاننىڭ
قولىدا مىجىلماقتا، ئىگىرىماقتا ئىدى... مەن
چىداپ تۇرالمىدىم، ماتورنى ئۆچەردىم - دە،
كىرىپ ھېلىقى قىزنى يېتىلىگىنىمچە سىرتقا
ئېلىپ ماڭدىم. قاراڭغۇ زال ئىچىدە كۆتۈ-
رۈلگەن قىقاس - چۇقانلار، ئېچىنىشلىق
چىرقىراشلار كېچە ئاسمىنىنى بىر ئالدى.
مەن قىزنى ئۆيىگە يولغا سېلىۋېتىپ ئاندىن
ئۆز ئۆيۈمگە كەتتىم. ئايالىمنىڭ ئېيتىشىچە،
كېچىچە بويۇم قىزىپ، جۆيلۈپچىقىپتىمەن.

ئارىدىن 3 كۈن ئۆتۈپ، يېزىلىق ھۆكۈ-
مەت ئىشخانا مۇدىرى بىلەن بۇغالتىر مەدە-
نىيەت ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىردەم
ئۇنى-بۇنى سوراشتى. ئاخىرىدا ئىشخانامۇدىرى:

— بولدى، گەپنى ئۇزارتمايلى، پارتى-
ىكومىنىڭ قارارى: بۈگۈندىن باشلاپ مەھەل-

لەڭگە قايتىدىغان بولدۇق، ئىش ھەققىڭ توختىتىلدى، قولۇڭدىكى مال - مۈلۈكنى بوغالتىر ئۆتكۈزۈۋالدۇ. ئورنىغا ياسىن بەلگىلەندى، — دېدى.

— مېنى قايسى خاتالىقىمغا ئاساسەن قالدۇرىدىغان بولدۇڭلار؟ — مەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم.

— خاتالىقىڭ جىق، ئاساسلىقى، رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمىدىڭ. قىزلارغا يامان نىيەتتە بولۇپ، ئۇلارنى كىتاب بىلەن ئۆزۈڭگە رام قىلىۋالدىڭ. سىنئالغۇ قويۇپ كىرىم قىلغان پۇلنى بوغالتىرغا تولۇق تاپشۇرمىدىڭ، خىيانەت قىلدىڭ...

— بۇنىڭ ھەممىسى تۆھمەت! مەن ئەرز قىلىمەن!

— ئىختىيارىڭ، — دېدى-ئۇ ۋە ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئىشخانا مۇدىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ماڭا زەھەرلىك مەسخىرە بىلەن قاراپ.

مەن بىلدىم، ھەممىنى بىلدىم، ئايۇپ مېنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتىپ، مەدەنىيەت پونكىتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشرەتخانىسىغا ئايلاندۇرماقچى. مەن ئورۇندۇقتا بېشىمنى ساڭگىلىتىپ، مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىمەن، مېنىڭ بۇ خىياللىرىم كەچكۈز پەيتىدىكى غازاڭلار تۆكۈلگەن سەھرا يولىدا — كۆڭۈلسىز كېچىدە كۆرگەن چۈشلىرىمدەك قورقۇنچلۇق...

بىر چاغدا بىر دوستۇم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن دېدى:

— ۋايجانەي، قالدۇرۇۋەتكەن بولسا بوپتۇ ئاداش، نېمانچە ئىچىڭگە ئۇرۇپ كېتىسەن، خۇددى بىر شەھەرنى تارتقۇزۇپ قويغاندەك...

مەن ئېغىرلاشقان بېشىمنى كۆتۈردۈم.

— شۇنداق... شەھەردىنمۇ مۇھىم يەرنى تارتقۇزۇپ قويىدىغان بولدۇق. ياسىن ياۋاش، مۇلايىم يىگىت، ئايۇپ شۇڭا ئۇنى تاللىغان. لېكىن ئۇ ماتورنى قانداق ئوت ئالدۇرۇشنى، سىنئالغۇنى قانداق قويۇشنى بىلمەيدىغان چالا ساۋات تۇرسا، دېھقانلارغا قانداق ئوقۇشلۇق لازىم، ئۇ نېمە بىلىدۇ؟ ئېست! مەدەنىيەت پونكىتى ئەمدى نېمە بولۇپ كېتەر؟ بۇ يەرگە ئۆگىنىپ قالغانلارچۇ؟ ئۇۋۇسى بۇزۇلغان قۇشقاچتەك توزۇپ كېتەرمۇ؟

— ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن؟ — دوستۇم ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— ياق، مەن بۇ ئورۇننى مۇنداق ئاسانلا ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ، مەن بۇ قارارغا تويۇقسىز قانداق كەلگەنلىكىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم، — بىز مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇشتا ئاز كۈچ سەرپ قىلمىدۇق. قان - تەر ئاققۇزدۇق. بۇنىڭ بەدىلىگە دېھقانلارنى مەدەنىيەتكە، ئىلىم — پەنگە يېتەكلىدۇق. بۇنىڭ نەرى يامان، نەرى خاتا؟ مەن بۈگۈنلا ناھىيىگە بېرىپ پارتكوم شۇجىسىنى، ئۆمەر ئاكىنى ئىزدەپ تاپىمەن، ئۇلارغا ئايۇپنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى توغرىلىق شىكايەت قىلىمەن!

مەن ۋېلسىپىت بىلەن ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتىم، ئالدىمدا ئۇزۇن سوزۇلغان شورلۇق يول، ئۇ قەلبىمدىكى خورلۇق، ئېچىنىش ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرىم بىلەن تۇتىشىپ گىرەلىشىپ كەتكەندەك...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

كېرىمجان سۇلايمان

# دىل تارىمىدىن ئۇچقان ئاھاڭلار

## ئانامغا مەكتۇپ

مەكتۇپ پۈتسەم شامالىلار قانىتىغا يالۋۇرۇپ،
خىزىر كەبى چۈشۈمدە بولغىنىڭدا نامايان.
نىگاھىمدىن سۇ ئىچىپ قاچار رەڭدار بۇلۇتلار.
ئارامىڭنى بۇزغىلى خەۋەر بېرىپ سەن تامان.

سىم-سىم يامغۇر كۆكۈمدا دېرىزەڭگە چۈشكەندە،
ئەندىكتىڭمۇ دىلىمغا گويا ئازار يەتكەندەك؟
تۇيۇلدىمۇ ۋە ياكى شوخ ھەم بەڭباش چاغلىرىم
كۆزنەكلەرنى قانداقتۇ تىرىقلىتىپ چەككەندەك؟

نالىشىم يوق ھاياتتىن، بەخت يېشىم ئاققىنى،
يول سالمىسۇن قورۇقلار مەن بارغىچە چېھرىڭگە.
يۇلتۇز نېمە؟ ئاي نېمە؟ سەن مۇقەددەس بىر ئىلاھ،
تەڭ قىلمايمەن قۇياشنى مۇھەببىتىڭ-مېھرىڭگە.

## ئىزدىدىم مەن سېنى چۈش دۇنياسىدىن

ئىزدىدىم مەن سېنى چۈش دۇنياسىدىن،
تاپتىم ھەم قاناتلىق پەرىزات سىياق.
بىز تېخى ۋىسالدىن مەي ئىچمەي تۇرۇپ،
ئايرىدى رەھىمسىز رېئاللىق بىراق.

كۆز ياشلار تەسەللى بولالماس بۇدەم،
قەلبىمدە يەنە شۇ ھەسرەتلىك ئاھاڭ.
ھىجراندىن سارغايغان سۆيگۈ دەرىخىم
سۇرىتىڭ ئالدىغا تۆكمەكتە غازاڭ.

## مونولوگ

كىم سېنى ئۈنىڭغا قىلىپتۇ ئاشىق،
باغلاپ چىن ئەقىدە سۆيسۇن دەپتۇ كىم؟
كىم سېنى ئۈنىڭغا بىلىپتۇ لايىق،
بەختىنى ئۈنىڭدىن كۆرسۇن دەپتۇ كىم؟

كىم سېنى ئۆرتەنسۇن دەپتۇ ئازابتا،
يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ سۆيگۈ نامىدىن؟
كىم سېنى زورلاپتۇ ئاچچىق شارابقا،
ئاھ، قۇرۇق قالغاندا ۋىسال جامىدىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېچكىممۇ ئۇلارغا زورلىغان ئەمەس،
ھەممىگە گۇناھكار قەلبىم سەن ئەبەت؛
يىغلىغۇال قانىخۇچە، سەن دەرتكە پەۋەس،
ئاھ، ساڭا قالغىنى كۆز يېشى پەقەت.

**نېمە بولاي ئەندى پەرىشتەم؟**

بىلسەڭ بۇرۇن ئىدىم ھەممىشەم
مەيخانىنىڭ دىنسىز ـ كاپىرى.
بىر كۆرۈپلا سېنى پەرىشتەم
بولۇپ قالدىم دىندار ئاخىرى.

ئەقىدەمدىن ياسىدىم جامە
كۆز يېشىمدا ئالدىم تاھارەت.
چىن سۆيگۈمدىن پۈتۈلگەن نامە
بولدى ماڭا مۇقەددەس ئايەت.

ياتىقىڭنى قىلدىم قىبلىگاھ،
ئىبادەتتە ئوقۇدۇم ناماز.
دۇئا بىلەن قىلدىم ئىلتىجا،
سېنى تىلەپ قىش ۋە باھار، ياز...

بىراق، ئىگە بولغىنىم ئاران
ئاھ، بىر پارچە جانسىز سۈرىتىڭ.
قىلالماس ئۇ دىلىڭنى بايان،
ھەم يوق ئۇندا ئاتەش يۈرىكىڭ.

يۈرەيمۇ مەن ئۆلگۈچە تاكى
قاۋاقلاردا يەنە مەست ـ ئەلەس؟
سۈرىتىڭگە چوقۇنۇپ ياكى
بوپ كېتەيمۇ راھىب ـ بۇتپەرەس؟

**نۇرەھەممەت زامان**

# قامقاق

(مەسەل)

تۈزلەڭلىكتە ياشايدىكەن قامقاق بىلەن قوم،
بىللە ياشاش ئەزەلدىنلا بولغاچقا ئۇدۇم.
ـــ ئاداش، ـــ دەپتۇ قامقاق بىر كۈن سۆزىنى باشلاپ، ـــ
قويۇق ئۆسكەن جاڭگالغا كۆزىنى تاشلاپ.
كۆرۈپ چىقتىم يۇرتىمىزنىڭ ھەممە جايىنى،
قالماپتۇ ھېچ يەردە بىرەر دوستىنىڭ تايىنى.
ھەممىسىلا بولۇۋاپتۇ غۇژمەك ۋە غوژمەك،
چەتتە قالغان بىرمۇ كىشى يوق ئىكەن بىزدەك.
بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىزلا قاپتۇق ئىككىمىز،

ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ بىرلىشەيلى تېز.
قامقاقچاننىڭ مەسلىھەتى كۆڭلىگە يېقىپ،
قۇم سۆزلەپتۇ ئۇنىڭ گۈلگۈن ھۆسنىگە بېقىپ؛
ئۆزۈڭمىغۇ ئەزەلدىنلا سېخى بىر يىگىت،
ھېچقاچاندا گەپ ـ سۆزلىرىڭ چاقمىغان چىگىت.
تۇرساڭ مەغرۇر شاخلىرىڭنى ھەريانغا تاشلاپ،
ئەپ كېلىسەن سايەڭ بىلەن راھەتنى باشلاپ.
شىلدىرلىسا، پىلدىرلىسا يوپۇرمىقىڭ جىق،
يولىمايتتى زادى يېقىن ئىسسىق ۋە تىنجىق.
پۈت تېپىشىپ ئۆچەكىشىپ، شۇڭا كۆرەلمەي
ئۆرۈۋەتتى سېنى ياتلار قەستلىشىپ ئەتەي.
ئازابلاندىڭ، ياقا يۇرتتا تارتتىڭ كۆپ جاپا،
تەقدىر، ئىلاھ خارلانساڭمۇ قىلمىدى ۋاپا.
ئۆتتۇڭ شۇنداق سەرسانلىقتا بىزدىن ئايرىلىپ،
يۇرت چوڭلىرى قارىمىدى ساڭا قايرىلىپ.
ئۆتكەن ئىشنى تەگمەيلى، كەتتى، سالاۋات،
مۇشەققەتلىك شۇ كۈنلەردىن سەن بولدۇڭ ئازاد.
بۇرۇنقىدەك پاناھ بولغىن قىلىپ تەنتەنە،
بۇ ئاپەتتىن بىزنى ئۆزۈڭ قۇتقۇزغىن يەنە.
شۇندىن تارتىپ قامقاقنى قۇم يۆلىمەك بولۇپ،
ئىش باشلاپتۇ يەڭ شىمايلاپ، غەيرەتكە تولۇپ،
سەپەر قىپتۇ ئالدى بىلەن يۇلغۇن قېشىغا،
(بۇ ئەتراپتا ئىناۋەتلىك يۇرتنىڭ بېشىغا).
يۇلغۇن كۆرۈپ قاپتۇ قۇمنى خېلى يىراقتا،
كۆرمەسكە سەپ تۇرۇۋاپتۇ كەلسە بىراقتا.
قۇم بېشىنى يەرگە ئېگىپ قىلىپتۇ تەزىم،
تۆكۈپ تاشلاپ سوۋغاتلارنى يۇلغۇنغا لازىم.
سوۋغاتلارنى كۆرۈپ يۇلغۇن چىراي ئېچىپتۇ،
قۇم ئۆتكۈزگەن گۇناھلاردىن ئەمدى كېچىپتۇ.
قىزغىن سۆھبەت پاراڭلىرى باشلىنىپ قاپتۇ،
قۇمنىڭ مەقسەت — ئارزۇسىنى يۇلغۇن قوللاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

قولىغاچقا ئالدى بىلەن يولغۇن ئاقساقال،
قولىماسقا باشقىلاردا يوق ئىكەن ئامال.
قوم بىچارە كېچە ـ كۈندۈز سوكۇلداپ يۈرۈپ،
جاپا چېكىپ ھەر خىل چارە، تەدبىرلەر كۆرۈپ،
ئاپتۇ قوراي ـ شىۋاقلارنىڭ ماقۇللۇقىنى،
بوپتۇ ئاساس سۆكسۆكۋاينىڭ بەك قولىغىنى.
قوشۇلۇپتۇ ھاسىل قىلغاچ قومدىن قانائەت،
قامقاقجاننى تۇرغۇزۇشقا ئەھلى ـ جامائەت.
تىرىشچانلىق، ئېرىنمەسلىك قومدىكى بۇنداق،
مېۋە بېرىپ دەس تۇرۇپتۇ ئورنىدىن قامغاق.
قوم توختىماي «سايىۋەن» نى ماختاپ بېرىپتۇ،
تۈزلەڭلىكتە بىر تۈپ قامقاق كۆكرەك كېرىپتۇ.
قامقاقجاننىڭ يىلتىزى يوق بولسىمۇ گەرچە،
بۇ ئەيىبنى تىنماپتۇ قوم ھېچكىمگە قىلچە.
سېخى ئىكەن، مەردانىكەن، قالتىس ئىكەن دەپ،
يىراق ـ يېقىن ئەتراپلارغا تارقىتىپتۇ گەپ.
قامقاق گۈزەل كۆرۈنۈپتۇ كىيىپ ئۈز نىقاب،
تايىنسىزلىق، تۇراقسىزلىق ئەيىبى يوقاپ.
بەزەنلىرى يالغان ـ راستىن ئۇنى داڭلاپتۇ،
ئارتۇقچە بۇ ماختاشلارنى قامقاق ئاڭلاپتۇ.
ھەر خىل چۇقان ـ سادالارغا زەڭ قويغانسېرى؛
ئەندىشىلەر، ئەنسىزلىكلەر كەتمەپتۇ نېرى.
سۈكۈت بىلەن جىمغۇرلۇق ئىلكىگە ئېلىپ،
چۆچۈتەركەن يوشۇرۇنچە ۋەھىمە سېلىپ.

* *

ياز كېتىپتۇ، كۈز ئايلىرى يېقىنلىشىپتۇ،
قامغاقنىڭ دەم ـ ئەندىشىسى ئېغىرلىشىپتۇ.
يىراقلاردا شامال چىقىپ چۆلنى ئالغۇدەك،
بۇنى كۆرۈپ قامقاق چوڭقۇر ئويدا قالغۇدەك.
كۆتۈرۈلۈپتۇ بىر قۇيۇنتاز ئاسمانغا قاراپ،
كەپتۇ تېزدىن قامقاق تامان مىڭ بىر پىقىراپ.

توپا - چاڭنى توزىتىپتۇ جاھاننى بۇلغاپ،
تاشلاپ نېرى بەزىلەرنىڭ بېلىدىن تولغاپ.
يۇلۇپ لىنىپ قامىقاقنى ئۇ يەرگە ئۇرۇپتۇ،
قامىقاقجاننىڭ قوۋۇرغىسى، بېلى سۇنۇپتۇ.
شۇ ھالدىمۇ دۈگىلەپ يۈرۈپ ئۇيان ۋە بۇيان،
قۇيۇنتازنىڭ قىلمىشىنى قىلىپتۇ بايان.
ئاڭلىماپتۇ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ دادىنى،
ئەيىبلەپتۇ يىلتىزسىز دەپ ئەسلى زاتىنى.
بوران چىقسا، شامال ئۇرسا بېرەلمەس بەرداش،
تۇراقسىزلىق ئاجىزلىقى بولۇپ قاپتۇ پاش.
خىجىللىقتىن كۆتۈرەلمەي قۇممۇ ئەمدى باش،
كۆزلىرىدىن تۆكەر ئىمىش تارام - تارام ياش.
تۇزلەڭلىكتە كۆتۈرلۈپتۇ قاتتىق بىر كۆلكە،
بۇ كۆلكىدىن قاپتۇ ئەلگە مۇنداق بىر ئۆلگە:

ھىيلە - مىكىر، خۇشامەتكە يوق ئىكەن ئۇرۇن.
ھازىر ئەمەس بەلكى مۇندىن خېلىلا بۇرۇن.
راستچىللىقنى قەدىرلەيدۇ ئىنسانلار پەقەت،
سائادەتنى ئاتا قىلار شانلىق ھەقىقەت.

مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

## ھايات

(سېكىل)

### مۇقەددىمە

يورۇتىدۇ كۆڭۈللەرنى باش ئەتىياز،
پۈرىتىدۇ گۈل ھىدىنى دېماققا ياز.
ئويغىتىدۇ ئارمان، پەخىر كۈز شامىلى،
قورۇتىدۇ ياپىراقلارنى سوغۇق - ئاياز.

يېتىدىغان مەنزىلى بار ئۆمۈرنىڭمۇ،
بار ئۆتكىلى قىش، كۈز ھەمدە باھار، يازى.
شۇ پەسىللەر ھۆكمى بىلەن بارار ھايات،
تەبىئەتنىڭ قانۇنىدۇر ئاڭا قازى.

## جان تۆرەلدى - ھايات تۆرەلدى

ئىڭگەلىدى بۇدرۇققىنە يېڭى بىر جان،
(كۈلدى ئانا، كۈلدى ئالەم، دىل سۆيۈندى).
يىللار قوشتى ئاڭا ياشلار، بوۋاقلىقى
ئۆسمۈرلۈكىنىڭ پەسلىگە نۆۋەت ئۆتتۈندى.

تۇنۇگۇنلا ئېلىپبەدىن باشلاپ ساۋات،
بولدى بۈگۈن ئەقلى تولغان بىر نەۋقىران.
ۋۇجۇدىدا ياشلىق ھېسسى يېيىپ قانات،
چېچەكلىدى يۈرىكىدە نى-نى ئارمان.

تۇسۇن تايدەك يۈردى دەسلەپ تەمتىرەپ،
گاھى شادلىق، گاھى ھەسرەت غەۋغاسىدا.
بېشەملىكىنىڭ شارابىمۇ قىلدى مەستخۇش،
ساقايدى ئۇ گاھى ساۋاق شىپاسىدا.

نەۋ باھارنىڭ زوقى بىلەن كۈلدى ياىراپ،
باشلىدى سۇ ياشلىق گۈلى يېلتىزىغا.
بەخش ئەتتى ھايات ئاڭا خوپ گۈزەللىك،
مەنالارنى تەردى كۆڭۈل ئېتىزىغا.

سالدى يولغا ھايات ئۇنى كارۋان قىلىپ،
تاپتى كۆڭلى دەشتى-چۆلدە بىر ئىنتىلىش.
خوپ پىشۇردى بۇ كارۋاننى بوران-يامغۇر،
قوندى كېلىپ ۋۇجۇدىغا ھەم يېتىلىش.

ئايھاي ياشلىق — باھار پەسلى سەن ئۆمۈرنىڭ،
سەندە قۇدرەت، سەندە ئارزۇ، سەندە غايە.
سەندە سۆيگۈ، سەندە ۋىسال، سەندە مېھنەت،
سەندە مەزمۇت ئەتە ئۈچۈن قەدەم-پايە.

## شوخلۇق قالدى

بەردەم تېنى سالماقلىقتا ھەمراھ شۇتاپ،
قەدىمىدە ھاياتلىقنىڭ چىن مەنىسى.
تەپەككۇرى گويا لاچىن قاققان قانات،
شانلار ئارا ئۇنىڭمۇ بار بىر ھەسسىسى.

ئەجدادلارنىڭ قەدىمىنى ئۇلىدى ئۇ،
ئېقىن بولۇپ ئەۋلادىنىڭ قەدىمىگە.
ئۆز پەسلىدە مېۋىلەرنى پىشۇردى ئۇ،
مېھمان چىللاپ شان-شەرەپىنىڭ قەسرىگە.

ئوتتۇراياش — سەن ئۆمۈرنىڭ تومۇز چېغى،
سەندە تەلەپ، سەندە ئىجاد، سەندە زەپەر.
سەندە ئاپتاپ، سەندە پىشقان يۈكسەك ئەقىل،
سەندە مەنا بىلەن تولغان مۇشكۈل سەپەر.

## ئىپتىخار

چاچتا قىراۋ يالتىرايدۇ كۈمۈش يەڭلىغ،
يىل سوۋغىسى كۈلۈپ تۇرار يورۇق يۈزدە.
ئۆكسىمىگەن تەندە تېخى كۈچ-جاسارەت،
ياشلىق ھېسسى جۇلالايدۇ نۇرلۇق كۆزدە.

ھايات قەدرىن بىلىپ يۈرگەن ئاشۇ كارۋان،
باياۋاندا قالدۇردى ئىز مەڭگۈ ئۆچمەس.
شۇنداق ئىزكى، گويا تاشقا مۆھۈر باسقان،
بوران-چاپقۇن ھېچ كۆمەلمەس، مەڭگۈ كۆچمەس،

ئەنە ئۇندا مول مېۋىلەر سانجاق-سانجاق،
مەھسۇلى ئۇ بىر ئۆمۈرلۈك مېھنىتىنىڭ.
بەھى ئالدى كۆپلەر ئۇندىن، جان سۆيۈندى،
كۆردى ئۇ ھەم قەدرىن ھايات قىممىتىنىڭ.

ھاياتلىقنىڭ كۈز پەسلىدە باھار ھېسسى،
ئارزۇلاردىن قىيام بولغان بىر ئۇلۇغلۇق.
ئارزۇلاردىن ئارزۇلارغا ئۇلانغاچقا،
ھايات قەدرى تاپالىغان نۇر-يورۇقلۇق.

## نەئارمان

ئەبەدىيلىك ئۇيقۇسىغا كەتتى ئاستا،
تۆمۈر ئاتلىق دەريالاردا ئېقىن توختاپ.
تۇپراق ئىچىدە ئورۇن ئالدى، مازارىنى
تۇردى يوقلاپ بوران، يامغۇر، گاھى ئاپتاپ.

www.uyghurkitap.com

قەبرە ئۈلى قۇچىقىغا ئالدى دېمە،
قالدى بىزگە نۇرغۇن ئىزگۇ يالدامىسى.
ئەسلىشىدۇ ئەۋلاد ئۇنى ھەر چاغ، چۈنكى،
قەلبلەرگە كۆچكەن ئۇنىڭ يادنامىسى.

ئۆچۈرەلمەس تۆھپىكارنىڭ سۈپىتىنى،
ئۆمۈرنىڭ قىش پەسلى ــ ئاشۇ ۋىدالىشىش.

ھەر دەقىقە ئۇلۇغلاشنى ئۆيغىتىدۇ
مىراس ــ تۆھپە بىلەن بولغان دىدارلىشىش.

### خاتىمە

شۇنداق ئۆمۈر پەسل بويلاپ يۈرۈشىدۇ،
بەزىلەردىن . قالمايدۇ ھېچ زەررە نىشان.
يادلىنىدۇ تۆھپىكارلار، يول ئاچقانلار،
يادلىنىدۇ نۇرىدەك يېنىپ ئۆتكەن ئىنسان.

ئېزىز سايىت

## قەشقەر سۈرەتلىرى

### ئالتۇن مۇنار

قەد كۆتۈردى قەدىم قەشقەردە
ھەيۋەت بىلەن بىر ئالتۇن مۇنار.
ئۇنىڭ كۆركەم، نەپىسلىكىگە.
قوزغىلىدۇ دىلدا ئىپتىخار.

مىڭ يىل بۇرۇن مۇشۇ دىياردا
ئۆتكەن ئۇلۇغ يۈسۈپ خاس ھاجىپ.
ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى بىلەن
چەككەن نەقىش دىلغا ئاجايىپ.

قولىمىزدا «قۇتادغۇبىلىك»،
جۇلالايدۇ چېچىپ يىلىلىق نۇر.
ۋاراقلىساق ئۇنىڭ بېتىنى،
بېغىشلايدۇ دىللارغا ھۇزۇر.

مۇجەسسەمدۇر ئۇندا ئالىمنىڭ
يۈكسەك ئەقلى، پەم ـ پاراستى،
تاڭ قالدۇرار جاھان ئەھلىنى
ئۆتكۈرلۈكى ھەم جاسارىتى.

ئۇستازىمىز، پەخرىمىز بىزنىڭ
مۇتەپەككۇر شۇ ئۇلۇغ ئادەم.

پەخىرلىنىپ ياشايمىز مەڭگۈ،
بولغاچ قايىل يەر يۈزى ــ ئالەم.

شۇڭا بۈگۈن ئۇنىڭ شەنىگە
ئەجرىمىزدىن ياسىدۇق مۇنار.
تۆھپىسىنى ياد ئېتىپ مەڭگۈ،
ئۇنۇتمايمىز ئەۋلادلار زىنھار.

### گۈل بازىرى

سەيلە قىلىپ كۆر-نۇم ئېيتگاھتا
بېھىش ئوخشاش گۈل بازارىنى.
ئەكس ئەتكەن ھەر گۈل چېھرىدە
كوكۈللەرنىڭ ئىنتىزارىنى.

كوچىلىرى گۈزەل قەشقەرنىڭ
گۈل پۇرايدۇ، رەيھان پۇرايدۇ.
ئاشۇ سەرخىل گۈللەرنىڭ ھىدى
ۋۇجۇدىمنى گۈلگە ئورايدۇ.

گۈل دېڭىزى ئىچىدە يۈرۈپ،
گۈلچىلەرگە ئوقۇدۇم رەھمەت.
مېھنىتىدىن چەكسىز سۆيۈندۇم،
گۈل ھىدىدىن ئېلىپ زور لەززەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلبىنۇر ئىلياس

# ئىككى شېئىر

## بەزىلەر

سەزمەيدىكەن بىر گۈل ھىددىنى
قانچە ئۇزاق پۇرىغانسېرى،
ئالماشقاندا ئىككىنچى بىر گۈل،
ئىنتىلەركەن دەسلەپكىسىگە.
تەتۈر كۈنلەر ئۇزىغانسېرى
ئەزەلدىنلا ئادەملەر ئەخمەق،
ئۆتكۈنۈشتە ئۆتكەن كۈنلىرى،
قەدىرلەيدۇ قاخشال بوپ ئاخىر.
ئەقىدىسى ئۇزىغانسېرى...

## ئىنسان

ئالداشلاردىن
خارلىنار سۆيگۈ،
رەنجىشلەردىن
سەرسان ئەقىدە.
قەبرىلەرگە كۆمۈلەر ۋىجدان،
رەزىللىكتىن بولغانسا ئىنسان...

ئابلىز ئوسمان

# يېشىل يوللار

## بۇركۈت ئەمەس، مەن

يەرگە ئەمەس سال كۆككە نەزەر
پەرۋاز قىلغان بۇركۈت ئەمەس، مەن.
جۈپ قانىتىم قۇچماقتا زەپەر،
ئاتا قىلغاچ جاسارەت ۋەتەن.
تۆرەلگەنمەن ئانا تەڭرىنىڭ
ئۇيۇل ـ ئۇيۇل قاتتىق تېشىدىن.
قۇۋۋەت ئالغان قان ـ يىلىكلىرىم
ئۇنىڭ ھالال مېھرى ئېشىدىن.
سىلكىنىمەن بۇلۇت قوينىدا،
شەپەقلەرگە ئۇرۇلار جىسمىم.
پەرۋاز قىلغان بۇركۈت ئەمەس، مەن،
يېزىلغۇسى قۇياشقا ئىسمىم!

## ئىنساب

شامالّلارغا يەم بولغان پاشا
سىرلىرىمنى كەتتى ئوغرىلاپ.
غەمكىن قالدى يالىڭاچ روھىم،
يۈزسىزلىكتىن چېكىپ ئىزتىراپ.
چەمبەر بولدى يالغان كۈلكىلەر،
ئۆلسە ۋىجدان يوقالغاي ئازاب.
يۈرىكىگە باللىرىڭنىڭ
ئېھ يەر ئانا بەر ئازراق ئىنساب.

## چۆل ئەمەس

چۆل ئەمەس ئۇپۇققا سوزۇلغان قۇملۇق،
يېشىلدەك تۇيىلار تۇيغۇم ئەۋجىدە.
تىكىلدىم قولۇمغا ئېلىپ بىر ئوچۇم،
تۇيۇلدى ئۇ ماڭا يۈرەك شەكلىدە.

كىم دەيدۇ قۇملارنى پايانسىز چۆللۈك؟
ھەقىقىي گۈزەللىك ئۇنىڭ تەكتىدە.
بولمىسا ئۇنىڭدا بىر ھاياتىي كۈچ
دولقۇنلار ياسىماس ئادەم قەلبىدە!

دولقۇن روزى

# سۆيگۈ ناخشىلىرى

## لەپرەت

سەن مېنى ئۇنتۇدۇڭ، ئۆلدۇم ئېسىڭدە،
چۈشۈڭدە قايتىلاپ بولماسمەن زاھىر.
ئەتىر گۈل بەرگىدەك سۇزۇك لېۋىڭگە
بىمالال سۆيۈشكە ئەمەسمەن قادىر.

كېچىكتىم، ئۆڭۈمدا بولمىدى نېسىپ
چۈشۈمدە نەچچىلەپ چىڭىلىگەن نىگاھ.
غايىۋى ئارمىنىم كەتتى يىمىرىلىپ،
ئەبەدىي ئۈچراشماس ئۈزۈلگەن نىگاھ.

مەڭگۈلۈك ھۆلى سۆيگۈ بار قەسىردىمىز
بىر سېنىڭ مەيلىڭچە بوپ كەتتى خاراپ.
«ئاجرالماس روھىمىز ھەتتا قەبرىدىمىز!»
بۇ قەسەم ئەپ كەلدى تۈگىمەس ئازاب.

يىگىتلىك غورۇرۇم كۆتۈردى غەليان،
پۇشايمان تۈيغۇمنى يېنى ئېچىر قاپ.
ئۆچۈردۈم نەپرەتلىك ئىسمىڭنى جانان
سۆيگۈم ئەلبومىدىن تامام جىجىلاپ.

## ئۇ چاغلار قەۋەت شوخ رومانتىك ئىدۇق

ئۇ چاغلار قەۋەت شوخ رومانتىك ئىدۇق،
بۇلدۇقلاپ تۇراتتى ياشلىق ھېسسىمىز.
يۈگەنسىز ئات سىياق يۇلقۇنار ئىدى،
سۆيگۈگە چىرماشقان ئىستەكلىرىمىز.

ئاي كۆلگەن نۇرانە ئايدىڭ كېچىلەر
ئاتەشلىك تۈيغۇغا كۆمەتتى بىزنى.
رومانتىك سېھرىمدا ئالاتتۇق كۈتۈپ،
ياقۇتتەك سۇزۇك پاك ۋىسالىمىزنى.

سېھىرلىك ئويلارغا قىلاتتى غەرق،
زەر قارىچۇق يۇلتۇزلار جىمىرلاشلىرى.
بىلىنەر ئىدى دەل تىلسىم مۇزىكا،
چىمبۇلاق① سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرى.

گۈزەللىك بېرەتتى لىرىك ئىشتىياق،
ناخشىغا لىق تولغانىدى قەلبىمىز.
سەلكىنىنىڭ مۇڭىغا كېتەتتى سىڭىپ
ھاياجان ئەۋجىدە تاتلىق كۈلكىمىز.

شۇ گۈزەل مىنۇتلار كەتتى كەلمەسكە
ئاھ، ئۇنىڭ ئىزناسى ئۆچمەس قەلبىمىدىن.
غايىۋى ۋىسالنى ئالىمەن تېپىپ،
ھەر ئاخشام خىسلەتلىك گۈزەل چۈشۈمدىن.

## چىن سۆيگۈ

قىزىلگۈل بەرگىدەك ئوتلۇق لېۋىڭگە
بولغانغان لەۋلەرنى يولاتما دىلدار.
بۇ لەۋلەر سۆيۈشى ئەپ كەلمەس ۋىسال
ئەپ كەلمەس زەررىچە شادلىقنى زىنھار.

بۇ لەۋلەر سۆيۈشى ئەپ كېلەر پەقەت
پىغانسىز قەلبىڭگە ھىجران ۋە ئازاب.
مۇزلىتار سەبىي شوخ تەبەسسۇمىڭنى
خاتىرجەم كۆڭلىڭنى كېتىدۇ ئۇزاپ.

لەۋلىرىڭ ساقلانسۇن شەبنەمدەكلا پاك،
خرۇستال قەلبىڭدەك سۇزۇك ۋە ئاپئاق.
كەل، دىلدار بىگۇمان سۆيۈشەيلى بىز.
پاك سۆيگۈ گەپ ـ سۆزسىز بولىدۇ شۇنداق.

① چىمبۇلاق ـ تۇرغاستىكى بىر بۇلاقنىڭ ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابلىكىم تۇردى

# بىر كوپلەتلىق شېئىرلار

## رەھىم قىل جانان

گۈزەلگە ئامراقكەن بەندە ھەم خۇدا،
ئەمەسكەن يۈرىكى سۆيگۈدىن جۇدا.
شۇلارغا مۇرتىمەن رەھىم قىل، جانان،
مېھرىم دەپ «قار-مۇزنى» ئاتماستىن ئۇدا.

## تەمەننا ئەيلىمە

— بىر بىلەڭۋاشقا

تەمەننا ئەيلىمە «قېشىم گۈزەل، — دەپ، —
شۇ بولسا ھەممە ھەل، تولۇقۇزۇم تەل، دەپ؛
بەگباشلار تىلىدا شاكال قىپ قويۇپ،
ئەۋرەزگە ئاتىمىسۇن جايىڭ شۇدەل، دەپ.

## ئاقىلنى رام قىلغان

— «كىشىلىك ھايات بىر ئويۇن سەھنىسى...»
— ياق. بۇ گەپ - مىشچانىنىڭ تاپا-تەنىسى؛
— ئاقىلنى رام قىلغان ئويۇن ئەمەستۇر،
— ئىجاد - كەشپىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسى.

## ئىس بىلەن كۆلگە سوئال

كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسە تۇرۇقلۇق،
ھەر ئىككىڭ قۇياشقا قوشنا بىز دەيسەن؛
قوياشنىڭ نۇرىنى شوراپ ئىچىپ بوپ،
قوياشنىڭ ئۆمرىدىن تېخى غەم يەيسەن؟!

## كۆزلۈك كۆرمىگەچ

— بىر خەسىسكە

كۈچۈم تەل، ئىشىڭ ھەل، گەپ سۆزلىرىم دەل.
بىر سېنىڭ «ئوك كۆزلۈك» كۆرمىگەچمەن «يەل»؛
مىڭ لەنەت چىنلىقنى كۆرمەس كۆزلۈككە،
يۈتىدۇ ئاھلىرىم سېنى بولۇپ سەل!

## گۈزەللىك مەھسۇلى

گۈزەل دەپ ئۆتكۈزدۈم زىلۋا ياشلىقنى،
ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزەي گۈزەل؛
گۈزەللىك «مەھسۇلى» ھۆسنىدە ئەمەس،
گۈزەللەر ئۆتكەن «دەرس - ساۋاق» تا تۈگەل.

## ساقلايمەن

— بىر مەيخور ئاغزىدىن

مەي ئۈچۈن بەرمەيمەن جىمى مەيلىمنى،
بۇزمايمەن مەس بولۇپ ياخشى پەيلىمنى؛
ساق بولاي، مەس بولاي ساقلايمەن چوقۇم —
ئەقىل - ھوش، جۇشقۇن روھ، خۇشال كەيپىمنى!

ياسىنجان ئەمەت

# شېئىرلار

## قارىچۇقىڭدا تىترەڭگۈ سۈرەت

خىيال بىلەن رۇجەكتىن بىغەم
ئېگەك تۇتۇپ قارايسەن نىگار،
قارىچۇقىڭدا تىترەڭگۈ سۈرەت،
ئېقىپ چۈشەر يۇلتۇز بىغۇبار.

شەپەق سۆيگەن يىراق ئۇپۇقتا،
پۈتەرسەنمۇ يېگانە قەبرە.
ئۇچۇپ يۈرگەن سەرسان تۇزغاقتىن
تىلەرسەنمۇ ۋىسال بىچارە؟

كۆي توقۇسام ھەجراندىن بۇدەم،
لېچەكگىنى ياپمىغىن، جېنىم.
توزان بولۇپ ئۇچۇپ يىراققا،
غۇۋالاشتى سۇبھەدە ئېگىم.

ئخشال بولغان توغراق تۇۋىدە،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايسەن بۇئان.
ئەپقاچتىمۇ شامال ھاكاۋۇر
مەبۇدەگىنى ئوكيانلار تامان.

قوشاق يازدىم قۇملاردىن تېرىپ،
جىلمىيىشتا سۇسلاشتى ئۇپۇق.
دېڭىز تىنىپ سېنىڭ كۆلكەگىدىن،
يوپۇق ياپتى زۇمرەتتىن قۇملۇق.

*　　　*

قۇياش بولۇپ كىرسەڭ دىلىمغا،
تۆشكىمنى باسىدۇ زۇلمەت.
يوللاپ شۇدەم ئىزگۇ خىيالىنى،
چۆللىرىڭدىن تىلەيمەن شەپقەت.

كۆلبەڭ ئىچرە بولغاندا غايىب،
يوللىرىڭدىن ئۆتىمەن غەمكىن.
ئاي ئولتۇرغان كېچىدە بۇدەم
خىلۋەت باغدا يۈرىمەن تەمكىن...

شەبنەملەردە بولىسەن ئايان
چۆشلىرىمنى ئوغرىلاپ دىلدار.
قىراۋ باستى ئۆمرۈمنى مېنىڭ،
كۆتۈمىزمۇ قىرغاقتا باھار...

## ماكان تۇتتى دېڭىزنى پەرى

تۈرۈم ـ تۈرۈم دېڭىز دولقۇنى
يالاپ ئۆتەر توختىماي قىرغاق.
يىراق كۆكتە سارغۇچ ھىلال ئاي
تاشلاپ تۇرار دېڭىزغا قاماق.

قورام تاشقا يۆلىنىپ قىزچاق
سۇ بېتىگە تاشلايدۇ نەزەر.
كۆز ئالدىدا گۈزەل خاتىرە
زەڭگەر ياشلىق لەرزان تەۋرىنەر.

سوغۇق زەنگەر ئاسمان بېتىدىن
يىتتى بىردىن سېرىق ئاي نۇرى.
كۆزلىرىدىن ئۇخچۇپ ھال رەڭ ياش،
ماكان تۇتتى دېڭىزنى پەرى...

## ھىلال ئاي

كۆكتە يۈرەر ھىلال ئاي،
جىمىرلايدۇ سەييارە.
ئۇخلاۋاتقان قۇملۇقنى
ئويغىتالماي ئاۋارە.

دېرىزەمدىن قارايمەن
چىغىرتماقلىق يېلۇگىغا.
تۆكۈۋەتتىم بەرگىدىن
دىل سىرىمنى شامالغا.

پەر ياستۇققا باش قويۇپ،
ئۇخلىدىڭمۇ جانانىسەن.
شامال ئېيتقان قوشاقتىن
چۈشلىرىڭدە ئايانمەن.

سەن كۆڭلۈمدە نۇرلانغان
سۆزۈك گۆھەر ھېقىقسەن.
ئىرنىقىمدا جىلمىيىپ،
لەيلەپ يۈرگەن قېيىقسەن.

نىگاھلىرىڭ ھىلال ئاي،
ئۆكسۈشلەردىن ئىز قالغان.
پەردە يېپىپ قاراقلىق،
كۆك سەتھىنى بىر ئالغان.

## قېيىق بارار لەرزان ئۈزۈپ

پالاق ئۇرسام بىمالال
قېيىق بارار تەۋرىنىپ.
جانان قولىدا،
سايە تاشلار رەڭدار كۆنلۈك،
نىگاھلىرى پارلايدۇ،
نىلۇپەردەك ئېچىلىپ،
قوشۇلغان سايىمىز
كېتىدۇ زەڭگەر دولقۇندا.

يىراقلارغا بۆلۈنۈپ...
گويا چۈش دېڭىزدا،
كېزىمىز
كۆزلىرىمىز خۇمالىق.
تىترەپ تۇرغان گەۋدىلەر

قۇياش بولۇپ كۆيۈشەر
تەشنالىقنى سېغىنىپ...
كۆلكە ئويىنىغان لەۋلەردە
ئايان بولار،
ۋىسال بەختى جىلمىيىپ...

ئەخمەتجان ئوسمان كىچىك

# ئىككى شېئىر

## ئادەم

كۆتۈرمىگەن ئادەمنى زېمىن،
بەلكى ئۇنى كۆتۈرگەن ئادەم.
يىراق جايدىن،
يىراق ئۆتمۈشتىن
بۇ يەرگىچە باشلاپ كەلدى ھەم.

ھالسىراشلار خالى نەپەستە،
كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرسۇن تەر.
ۋاي دېمەيدۇ،
دېمىگەن ھەمدە
تۆرەلگەندىن بۇگۈنگە قەدەر.

چەكسىزلىكنى بۆلۈپ بۆلەككە،
ھاسىل قىلدى دەۋرلەر قات - قات.
ئۇنتۇمىدى،
ئۇنتۇماس يەنە،
قىل ئۈستىدە تۇردۇ ھايات.

ئەڭ كېيىنكى ئىز يوق ماكاندا،
سۆزمۇ يوقتۇر ئەڭ ئاۋالقى ھەم.
تەنھا ياشار، يىراق تۇتۇشقان
قوللىرىنى ئۆز ئارا مەھكەم.

بۇزۇلمايدۇ ئاخىرقى جىملىق،
سورۇلىدۇ ئادەم شۇ تەرەپ.
مەۋجۇت ئەمەس ئۆلۈم ئەزەلدىن،
يوقالمايدۇ مەڭگۈلۈك شەرەپ.

مەيلى قانداق ياشىسۇن ئادەم،
ئۆتمۈشىدىن قالسۇن ئىز - دېرەك.
مەيلى قانداق ياشىسۇن ئادەم،
ئەتىسگە بىلدۈرسۇن ئىستەك.
بىلسە ئۇنى بىر - ئىككى ئادەم
مۇرادىغا يەتتى ئۇ دېمەك.

## ئىختىيار ئەمەس

ئىختىيار ئەمەستۇر تۇغۇلۇش، ئۆلۈش،
ئىختىيار ئەمەس ھەم سېنى سۆيمىكىم.
ئەزەلدىن تەقدىرگە باش ئەگمەي ئۆتتۈم،
تەقدىرنىڭ ئىلكىدە بىراق ھەر كۈنۈم.

تىزلىنىپ باقمىدىم ھەركىمگە ھەر چاغ،
يەنە ھەم ئالدىڭدا پۈكەلمەيمەن تىز.
قانچىلىك چاڭقىسۇن چۆللەردە يولغۇن،
كەڭ دېڭىز تەرەپكە قارار پەرۋاسىز.


كۆرۈنمە ياش تۆكۈپ كۆزۈمگە مېنىڭ،
سەن ئۈچۈن بار مەندە ئەبەدىي كۈلكە،
سۆيمەسەڭ، سۆيمىدىم قەلبىمدە ئەمما،
تەۋقاسەن خۇش پۇراق قىپقىزىل گۈلگە.

ئاغرىنىپ كەتمەيمەن سېنىڭدىن ئەركەم،
ئامانلىق تىلەيمەن، مەن ساڭا ھامان.
مىڭ غۇلاچ چىققىسمۇ سۆگۈنىڭ بويى،
بىر غۇلاچ چىقمايدۇ ۋىسال ۋە ھىجران.

بەختىم دەپ بىر سەنلا چەكمەيمەن پەرياد،
ئازابتا تىلەيمەن باغرىمنى زىنھار.
تۇرسىلا قەلبىمدە جۇش ئۇرۇپ سۆيگۈ،
شادلىقنى ھەممىگە قىلمەن ئىزھار.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت.

www.uyghurkitap.com




جاپپار ئەھەت

# باللارغا سوۋغىتىم

## كەپتەرىم

كەپتەرىم، كەپتەرىم،
قاتار ـ قاتار سەپلىرىڭ.
قۇلىقىڭدا چىڭ تۇرسۇن
ساڭا ئېيتقان گەپلىرىم.

كەپتەرىم، كەپتەرىم،
ساڭا جىقتۇر سۆزلىرىم.
ئۇچۇپ يۈرسەڭ ئاسماندا
تىكىلىدۇ كۆزلىرىم.

كەپتەرىم، كەپتەرىم،
مېنىڭ ئامراق كەپتەرىم.
پەرۋاز قىلىپ ئاسماندا
ئاتقىن موللاق كەپتەرىم.

كەپتەرىم، كەپتەرىم؛
ئۆنلەپ بەرگەن دەمدىرىم.
سەن بولغاچقا ئۆيۈمدە
يوقتۇر مېنىڭ دەردلىرىم.

## تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ خىسلىتى

توك ـ توك ـ توك!
توك ـ توك ـ توك!
گويا چاقىقاندەك پىستان.
ئۇۋا ياساپ تىنمايدۇ
تۆمۈر تۇمشۇق ـ قىزىل ئىشتان.
ئۆزى ياشار جاڭگالدا
توغراقنى قىلىپ ماكان.
باھار كېلىپ يېزىلار
بولغاندا يېشىل بوستان.

ئۇچۇپ كېلىپ كەنتكە
چېپىپ يۈرۈپ ھەر تامان؛
تەييارلايدۇ باشقىلار
ئۈچۈن ئىسسىق ئۆي ـ ماكان.

تۆمۈر تۇمشۇق نېمىشقا
باشقىلارغا مېھرىبان؟
ئۆزىنى ھېچ ئويلىماي،
ئويلار ئۆزگىنى ھامان؟

## تۆگىلەر بىلەن سۆھبەت

تۆگىلەرۇ ـ تۆگىلەر،
نەگە بارغان تۆگىلەر؟
خۇددى يەلكەن كېمىدەك،
چۆلنى يارغان تۆگىلەر.

— كۆكتە تۇرنا ئۇچقاندەك
قاتار ـ قاتار سەپ تۈزەپ.
نەگە بېرىپ كەلدىڭلار،
قارا تەرگە چۆمۈلۈپ؟

بويلاپ يىپەك يولىنى،
كەزدۇق تەكلىماكانىنى.
ئېشىپ ئۆتۈپ ئېگىز ـ پەس
قانچە دۆڭنى، بارخاننى؛

— ئېيتىپ بېرىڭلار قېنى،
نېمىلەرنى كۆردۈڭلار؟
قامىقاق بىلەن يانتاق يەپ،
قانداق ئۆمۈر سۈردۈڭلار؟

— تەكلىماكان قۇيىنىنى
كېزىپ چىقتۇق نەچچە رەت.
كۆرگىنىمىز بەك تولا،
سۆزلەپ بەرسەك كارامەت.

چۆل دېمەڭلار بۇ يەرنى،
تىلسىماتلىق بىر دۇنيا.
ئۈستى قۇم بولغان بىلەن
ئاستى نېفىتلىك - دەريا.

ئەجەپ تىمتاس بۇ جاينىڭ
كېچىسى - كۈندۈزلىرى.
قۇم تېگىدە بار يەنە
ئاپئاق سەدەپ تۈزلىرى.

بولغان بىلەن دۆڭلەرنىڭ
ئۈستى يانتاق ۋە تىكەن،
يەر ئاستىدا سۇلىرى
شۇنچە مول، ئەلۋەك ئىكەن.

يۈرۈش قىلىڭلار تېزرەك
بۇ ئاجايىپ ماكانغا.
قۇملار دەرھال ئويغىنىپ،
بەخت بەرسۇن ئىنسانغا!

## قاچان ئىشقا يارايسەن؟

ھەي تايچىقىم، ھەي تايچاق
نېمە شوخلۇق قىلىسەن؟
ساڭا بولغان مېھرىمنى
ئېيتمىساممۇ بىلىسەن.
بوغۇز بەرسەم يېمەيسەن،
چېپىپ يۈرۈپ تىنمايسەن.
قىيقىرايسەن، كىشنەيسەن،
يەنە كىمنى چىللايسەن؟
قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ،
ھەر تەرەپكە قارايسەن.
ئېيتقىنا سەن ئات بولۇپ،
قاچان ئىشقا يارايسەن؟

## ئىككى مەسەل

### چۈجە بىلەن ئۆردەكچان

— كىم يامانكەن دېدى، — ئۆردەك بالىسى، —
يولنى كېسىپ تېز ئۆتەيلى، ئەمىسى.
— ئانداق قىلساق بولماسمىكىن بۇرادەر، —
دېدى چۈجە، — ماشىنا كۆپ، بىر خەتەر
— كىمكى بولسا پاراسەتلىك ۋە چەبدەس
يولنى كېسىپ ئۆتمەك ئانچە تەس ئەمەس.
بەسلىشەمىز، قېنى دوستۇم، بول، چاپسان، —
دېدى ئۆردەك بالىسى، — بول تېز ئاتلان!
شۇ سۆز بىلەن ئىككى دوست تەڭ يۈگۈردى،
چۈجە چاققان بولغاچ ئۆتۈپ ئۈلگۈردى.
ئېغىناقلاپ ئىككى ياققا ئۆردەكچان،
ماڭغانىدى يولنى كېسىپ ئۇ تامان.
سىگنال بېرىپ، ئوقتەك ئۇچۇپ بىر پىكاپ،
ئۆتۈپ كەتتى چاڭ توزۇتۇپ غۇيۇلداپ.
غاق دەپ قالدى چاق تېگىدە ئۆردەكچان،
يولنى كېسىپ ئۆتەلمەستىن بەردى جان.

### ئىككى كۈچۈك

قاراپ تۇرسام ئىككى كۈچۈك
ئېغىز - بۇرۇن يالاشتى.
ئاكا - ئۇكا بولۇپ بىردەم
پومىداقلىشىپ ئويناشتى.
بىر دەرەخنى دالدا قىلىپ،
بىر - بىرىنى ماراشتى.
تىرنىقىنى تارغاق قىلىپ،
تۈكلىرىنى تاراشتى.
كۆرۈپ قېلىپ بىر سۆڭەكنى
بىر - بىرىگە قاراشتى.
بۇ ئولجىنى قىزغىنىشىپ،
خىرقىراشتى، قاۋاشتى.
كېيىن چىقىپ خىرنەككە ھەم
بىر - بىرىنى تالاشتى.
مەن بۇ ھالغا بولۇپ ھەيران،
تۇۋا دېدىم شۇ ھامان.
ئېيتىڭ قېنى، بۇنداق ئىشنى
ياخشى دەمسىز، يا يامان؟

ئابلىكىم ھەسەن

# باللار شېئىرلىرى

## ئەللەي تەبىئەت

— دەريا بويىدا كىم باردۇ؟
— بىزنىڭ رەھمەتتاي باردۇر.
قۇپقۇرۇققۇ چېلەكى؟
قېنى تۇتقان بېلىقى؟
— قارمىقىنى سەپ قويۇپ،
كەچكىچىلا ئۇخلىدى
يىپ سىلكىسە بېلىقلار،
ئۇيغىنىپمۇ قويمىدى.
تېخى بايام ئويغىنىپ
ئەتراپىنى ئاقتۇردى.
ئىزدىسۇن قارماقنى —
بېلىق نىكەم ئەپ قاچتى،
قارماقتىكى سازاڭنى،
تازا تويۇپ يەپ قاچتى.

## يۇر، ئاداش

— قارمىقىڭنى ئال ئاداش،
كۆل قېشىغا يۇر ئاداش!
— قىش كەتكىچە بارمايلى
ئالدىرىماي تۇر ئاداش.
— قىش كەتكىلى بىل نىكەم
كۆلنى بېرىپ كۆر ئاداش،
چايقىلىدۇ ئوت - چۆپلەر
كۆل قىرىدا يالتىراپ
ئوماققىنە پاقىلار
بىزنى ئىزدەر كۇركىراپ.
سۇزۇك تاشلار يېنىدا
شوخ بېلىقلار پىلتىڭلار.
قىش كەتكەچكە كۆل يۈزى
تىنماي ئوينار، دولقۇنلار...
— مەن بېلىقنى سېغىنىدىم!
مەن پاقىنى سېغىندىم!
— ئۇنداق بولسا يۇر ئاداش.

## خەير خوش

— مەلە - مەلە يۇگۇرتكەن،
چىرىلدىقىم بارمۇ سەن؟
بار! بار! بار!
— ئويۇندا ھەر مۆكتۇرگەن
تونۇر، تاملار بارمۇ سەن؟
— بار، بار، بار!
— سىلەر بىلەن ئويناپچۇ؟
— ياق، ياق، ياق!
— سىلەر بىلەن ئوينايچۇ؟
— ياق ياق، ياق!
ئەمدى چوپچوڭ بوپ قالدىڭ،
ئۇكاڭ ئوينار بىز بىلەن
خوش، خوش، خوش!

## ھاللىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى

قۇيرۇقى بار يۇلتۇزمەن،
سۇپۇرگىگە ئوخشايمەن.
قۇياش بوۋاي يېنىنى،
چۆرگىلەپمۇ ئوينايمەن.

ھەي باللار، سىلەردىن
جىق نەرسىنى بىلىمەن.
ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە
بوۋاڭلارنى كۆرگەنمەن.

يەتمىش ئالتە يىل ئۆتتى
كەلگەندە بۇ تەرەپكە.
يېڭىلارنى چۆگىلگەن
نەۋرەڭلەرنى بويلايمەن.

# چۆل ئوغلى



نۇرمەھەممەت توختى

(پوۋېست)*

6

ــ داداڭنى سېغىندىڭمۇ؟

سالام يېنىدىلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قاردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ھېلىقى پاكار، سېمىز قەمەر خانىم تۇراتتى. خانىم تاش ئورۇندۇققا ئولتۇردى. سالامنىمۇ ئولتۇرغۇزدى.

ــ ئۆتۈپ كېتىۋاتسام دادام، دەپ پىچىرلاۋېتىپسەن، داداڭنى بەك سېغىنغان ئوخشىمامسەن؟ ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىسەن، ئەپقاچتى ھېسسىياتلارغا بېرىلسەڭ ئۆگىنىشىڭگە تەسىر يېتىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن ئارتۇقچە نازۇك بولسا بولمايدۇ. يالغۇز يۈرمەي ساۋاقداشلىرىڭنىڭ ئويۇنلىرىغا ئىشتىراك قىل، شۇ چاغدا داداڭ ھەققىدىكى خىياللارنى ئۇنتۇپ كېتىسەن. ئاڭلىسام ئاناڭنىمۇ ئون يىل كۆرمەپسەن، شۇنداقمۇ؟

ــ خانىم، ئۆزلىرى ئانامنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەملا؟

ــ بىلمەيدىغان، سەن ئاناڭنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىدىڭمۇ؟ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئاناڭ بىلەن كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ ــ خانىمنىڭ ئاۋازىدىن ھەيرانلىق جاراڭلاپ كەتتى. سالام بېشىنى ئىغاڭلاتتى.

ــ سەن راستىنلا ئاناڭ بىلەن كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىلا، دۆڭباغ يولىدىكى ئۈچىنچى كوچا، ئىككىنچى ئۆي. ئۇ سېنى ئىزدەپ كەلمىدىمۇ؟ مەن سىلەرنى ئاللىقاچان كۆرۈشتى دەپ ئويلاپتىمەن. بىچارە ئاناڭ سېنىڭ بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىماي قالغان چېغى، ئاڭلىغان بولسا ئاللىقاچان ئىزدەپ كېلەتتى.

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېلەتتى. قايغۇرما، مەن سېنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باراي، سىلەرنى كۆرۈشتۈرەي. ئەتە ئەتىگەندىلا باشلاپ باراي. سەن ئەتىگەندىلا بىزنىڭ ئۆيگە كەل. ئەتە يەكشەنبەغۇ، ئۇلار ئۆيىدە بولىدۇ. ۋاي خۇدايىم، مەن ئاجايىپ ساۋابلىق ئىش قىلىدىغان بولدۇم... ۋاي بىچارە قوزام، سەن تېخىچە ئاناڭنى كۆرمەپسەن-ھە. ئاناڭنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەمسەن؟ ئاناڭ تولىمۇ مۇلايىم ئايال. لېكىن ئۇ بەختسىز چىقىپ قالدى. قايتا ياتلىق بولغاندىن كېيىنمۇ بەختلىك بولالمىدى. دەرد-ھەسرەت ئۇنى ئېزىۋەتتى. بىچارە ئاخىر يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالدى. ۋاي بىچارە، ئۇ سېنىڭ ئۆز يېنىدىلا ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن بولسا، قانات ياساپ ئۇچۇپ كەلگەن بولاتتى... سەن ئەتىگەندىلا بىزنىڭ ئۆيگە كەل، بىز ئۇنى ئىزدەپ بارايلى، دىدارىڭنى كۆرسۇن، ۋىسالىڭغا قانسۇن... ۋاي بىچارە قوزام، سەن تېخىچە ئاناڭنى كۆرمەپسەن-ھە...

قەمەر خانىم سالامنىڭ بېشىنى سىلاپ، چاچلىرىنى تۈزەپ قويدى. كۆزلىرىگە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئانىلىق مۇڭى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ سالامنى ئەتە ئەتىگەندىلا ئانىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىشقا قايتا-قايتا ۋەدە قىلدى...

سالامنىڭ مېڭىسىگە پەقەت «دۆڭباغ يولى ئۈچىنچى كوچا ئىككىنچى ئۆي» دېگەن بىرلا سۆز ئورنىشىپ قالدى. ئۇ: ئانام، مەن بىر كۆرۈشكە زار بولغان ئانام ئاشۇ ئۆيدە، ئاشۇ ئىككىنچى ئۆيدە... دەپ پىچىرلايتتى.

سالام ئۆزىنىڭ مەكتەپتىن قانداق چىققانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ مەكتەپ ئەتراپىدىكى مەھەللە-كوچىلارنى ئاللىقاچان بىلىۋالغانىدى. «ئۈچىنچى كوچا، ئىككىنچى ئۆي»نى ئاسانلا تاپتى. سىرلانمىغان ياغاچ دەرۋازا يېپىقلىق ئىدى. سالام ئون قەدەمچە يىراقلىقتا دەرۋازىغا تىكىلىپ توختاپ قالدى. نېمىدەپ كىرىمەن؟ ئون يىلدىن بېرى مېنى كۆرمىگەن، مېنى تونارمۇ؟ بەلكىم تونۇماس. مەنمۇ تونۇمايمەن. كىمنىڭ ئالدىغا كىرگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن. مەن سىزنىڭ بالىڭىز بولىمەن دېسەم، نېمىلەرنى ئويلاپ قالار؟ ياق، كىرمىگىنىم تۈزۈك. مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇراي. دەرۋازىدىن بىرەر كىم سىرتقا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. قەمەر خانىم قۇرامىدىكى ئايال بولسا، ئاشۇ مېنىڭ ئانام. ئۇنى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ كۆرۈۋالاي. يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋالاي.

سالام دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا، يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا كۈتۈپ تۇردى. كوچىدىن ئادەملەر توختاۋسىز ئۆتۈپ تۇراتتى. سالام يولدىن بىرەر ئايالنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندە ئاشۇ مېنىڭ ئاناممىكىن؟ مۇشۇ دەرۋازىغا بۇرۇلارمىكىن، دەپ ئويلايتتى. جامالىنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تىكىلەتتى. لېكىن كېلىۋاتقان ئايال ئىككىنچى دەرۋازىغا بۇرۇلماستىن، ئۇ يەردە توختاپمۇ قويماستىن ئۆتۈپ كېتەتتى. سالامنىڭ بۇ يەردە قانچە ۋاقىت تۇرۇشى نامەلۇم ئىدى. بىردىنلا ئۆزىنىڭ باش-ئايىغىغا نەزەر سېلىپ كېلىۋاتقان ئايالنى كۆرگەندە سالامنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ



كەتتى. ئايال خۇددى بۇ يەردە ئويناۋاتقان
كىمنىڭ ئوغلىكىنە؟ دېگەندەك سالامغا
تىكىلىپ قاراپ كېلەتتى. سالام كۆزلىرىنى
ئېلىپ قاچتى. ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرگەندە
ئايال سالامنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشۇ دەرۋازىغا
بۇرۇلغاندى. تېقىمسىغىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن
ئۇزۇن سۇمبۇل چاچ ئۇنىڭ ئېگىز بويىغا
لاتاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى. سالامنىڭ يۈرىكى
جىغىلداپ كەتتى. ئانام، ئاشۇ مېنىڭ ئانام،
دەپ پىچىرلىدى. يۈرىكىدىكى قان مەۋج ئۇر-
دى. ئانا، ئانا! دەپ ۋارقىرىغۇسى، ئۇنىڭ
باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى كەلدى. لېكىن ئورنى-
دىن مىدىرلىيالمىدى. ئاۋازىمۇ چىقمىدى. ئال-
لىقانداق بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لال قىلىپ
قويغان، يۈرىكىنى، ئىرادىسىنى، جۈرئەت-غەيـ-
رىتىنى ئېرىتىۋەتكەندى. پەقەت ئۇنىسىز
پىچىرلايتتى! ئانا، ئانا، مەن سىزنىڭ ئوغلى-
ڭىز، مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم...

ئايال دەرۋازىنى ئاچتى. لېكىن تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ سالامغا تىكىلدى. ئۇ گويا سالام-
نىڭ ئاشۇ ئۈنسىز نىدالىرىنى ئاڭلىغاندەك، ئون يىلدىن بېرى بىر كۆرۈشكە تەشنا بولغان
ئوغلىنى ئۆز ئالدىدا ھېس قىلغاندەك، لېكىن ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك تەلمۈرۈپ قارايتتى.
سالام ئايالنىڭ، ياق، ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇڭ ۋە مېھرىبانلىقنى ئېنىق كۆردى. كۆر-
دى-يۇ، چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ھازىرلا ئانا! دەپ ۋارقىرىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.
لېكىن نېمىدۇ بىر نەرسە، ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى تۇتۇپ قالغاندەك، گاللىرى-
نى بوغۇۋالغاندەك بولدى. سالام كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. گەۋدىسىنى يانغا بۇرىدى. يۈرى-
كى بولسا جىغىلدايتتى.

سالام بېشىنى قايتا كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ ناتونۇش ئانىسى دەرۋازىدىن كىرىپ كەت-
كەنىدى. سالام دەرۋازىغا چەكسىز تەلمۈرۈش بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بېرى
تەشنا بولغان قەلبى بىر يۇتۇم، پەقەت بىر يۇتۇملا زەمزەم ئىچكەنىدى. ئۇ يەنە قان-
غۇچە ئىچىشكە، يۈرىكى چېلىشىپ، ۋۇجۇدى سەگىپ يايرىغىچە ئىچىشكە تەشنا ئىدى.
ئەتە قەمەر خانىم بىلەن بىللە كېلىمەن، بىللە كېلىمەن، شۇ چاغدا، شۇ چاغدا... دەپ ئويلىدى سالام.

سالام قايتتى. ئۇچىنچى كوچىدىن چىقىپ، چوڭ يولغا بۇرۇلىدىغان چاغدا يەنە
كەينىگە قارىدى. قارىدى-يۇ، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ ناتونۇش ئانىسى دەرۋازا
ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇراتتى. سالامنىڭ كۆزىگە ياش تولۇپ گېلى بوغۇلدى.
ئۆتتەك بىر ھاياجان يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ چىدىيالمىدى-دە، بىردىن قەدەم-
لىرىنى تېزلىتىپ، يۈگۈرۈپ كەتتى.

قەمەر خانىم سالامنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلگەندە كۈن چۈشكە تىكلەنگەن ئىدى. ئۇلار چوڭ يولدىن ئۇچىنچى كوچىغا بۇرۇلغاندا، يىغا-زارە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ توختاپ قىلىشتى. ئىككىنچى ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاق ياغلىق چىگكەن ئاياللار كىرىپ-چىقىشىپ تۇراتتى. قەمەر خانىمنىڭ كۆڭلى نېمىدىندۇ چۆچۈگەندەك بولدى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ چىقاي. يىراقتا كەتمە جۇمۇ.

قەمەر خانىم ھويلىغا كىرگەندە ھازا يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئاياللار بىر-بىرىگە جۆر بولۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلىشاتتى. قەمەر خانىم ھازىدار ئاياللار بىلەن بىر-بىرلەپ يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. كىمدۇ بىرى خانىمنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. بۇ يەردە پەقەت سالامنىڭ ئانىسى گۈلنىسالا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھازىنىڭ گۈلنىسا ئۈچۈن، سالامنىڭ ئاشۇ بەختسىز ئانىسى ئۈچۈن ئېچىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ ئاقتى. كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلدى. ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟ بىچارە نېمىسمۇ بولغاندۇ؟ ئەجەلنىڭ رەھىمسىز قولى مۇشۇ بەختسىز ناتىۋانغا سوزۇلغىنى نېمىسى؟ بىر كۈن توختىسا، مۇشۇ يېتىمەك ئوغلىنى بىر كۆرۈۋالغۇچە توختىسا بولماسمىدى. ۋاي بىچارە...

يىغا-زارە سەل بېسىلغاندا، قەمەر خانىم ئاياللارنىڭ سۆزلىرىدىن بىلدىكى، گۈلنىسا تۈنۈگۈن كەچتە ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇ غەمكىن بولۇپ قاپتۇ. تاماقمۇ يېمەپتۇ. ئەل ياتقۇ مەھەلگىچە توختىماي ئۆھ تارتىپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا بىردىن ئوغلۇم، مېنىڭ جان-جىگەر ئوغلۇم، دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى سۈتتەك ئاقىرىپ كەتكەنىكەن. ئۇ يۈرىكىنى قاماللىغىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېرى قوشنىلارنى باشلاپ كىرگەندە، ئۇ ئاغزىدىن كۆپۈك ياندۇرۇپ بىھوش ياتقانىكەن. مىڭ بىر ئاماللارنى قىلىپ ھوشىغا كەلتۈرۈشۈپتۇ. شۇندىن كېيىنمۇ ئۇ ئوغلۇم، ئوغلۇم دېگەندىن باشقا سۆز قىلماپتۇ. شەرق تەرەپ سۈزۈلگەندە جان ئۈزۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى نەپەسىدىمۇ ئوغلۇم، ئوغلۇم، دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەپتۇ...

قەمەرخانىم سالامنى ھويلىغا باشلاپ كىردى. تاۋۇتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، مەرھۇمنىڭ يۈزىدىكى ئاق ياغلىقنى قىيا قايرىپ، ئۇنىڭ دىدارىنى سالامغا كۆرسەتتى:

— شور پېشانە بالام، ئاناڭ سەن كەلگۈچە چىدىماپتۇ. ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋال، نۇرلۇق جامالىنى، ساڭا تەشنا بولغان كۆزلىرىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋال. ئۇ نەپەس ئۈزىدىغان چاغدىمۇ ئوغلۇم، ئوغلۇم دەپ نىدا قىلىپ، سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيۈپ نەپەس ئۈزۈپتۇ. قانغۇچە كۆرۈۋال، ھايات چېغىدا كۆرەلمىگەن ئاناڭنى ئۆلگەندە بولسىمۇ كۆرۈۋال...

سالام مەڭدەپ قالغانىدى. ئانىسىنىڭ جامالىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. بۇ، ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە، مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا كۆرگەن ئايال، ئۆزىگە قايتا-قايتا، يېنىش-يېنىشلاپ قارىغان ئايال ئىدى. سالامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقمىدى. يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالمىدى. ئۇ پەقەت ئېسەدەيتتى. كىمدۇ بىرى سالامنىڭ بېلىگە ئاق پوتا باغلاپ

www.uyghurkitap.com

قويدى. قولىدىن يېتىلەپ ئاۋۇتنى ئايلاندۇردى. قەبرىستانلىققا چىقىدىغان يولدا ئاۋۇتنىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى. سالام يەنىلا مەڭدەپ ـ گاڭگىراپ تۇراتتى. خۇددى نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەندەك، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاۋۇتنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك، بولۇۋاتقان مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك گاڭگىراپ قالغانىدى. كۆز ئالدىغا تۆنۈگۈن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ قارىغان سىيما كېلىۋالاتتى. ئاشۇ مېنىڭ ئانام ئىكەن، نېمىشقىمۇ كۆرۈشمىگەن بولغىيدىم؟ كۆرۈشكەن بولسام، ئۇنىڭ ئوغلۇم دېگەن ئاۋازىنى بىر قېتىم ئاڭلىغان بولسام، ئۇنىڭ قۇچاقلىرىغا بىر قېتىم باش قويغان بولسام... قەبرىستانلىق يولىدا ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ بىرىنچى قېتىم ياش تامچىلىرى دومىلىدى.

سالام قەبرىستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ ئاشۇ ناتونۇش ئۆيىگە ئىككىنچى قەدەم باسمىدى. ئۇنىڭغا يىراق توغقان بولغۇچىلار ۋە ئانىسىغا ئەر بولمىش ھېلىقى ئادەم ئاتايىتەن چاقىرتقاندىمۇ بارمىدى. ئەمدى ئۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا قەدىرلىك ھېچنىمە يوق ئىدى. بارغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئانىسىز ئون ئۈچ ياشقا كىرىپتۇ. بۇندىن كېيىنمۇ ئانىسىز ياشاۋېرىدۇ. چۆلدە ئاھۇ ئانىسى بار. ئانا باغرىدەك يىللىق قۇم بارخانلىرى، ئانا كۆزلىرىدەك مۇڭلۇق زۇمرەت كۆل، ئانىدىنمۇ مېھرىبان دادىسى بار. قىشلىق كانىكولىدا بارىدۇ. ئۆزى كۆرۈشكە تەشنا بولغان نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. قەلبى قانىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۆزى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان، قەلبىدە ھېچقانداق ئەستىلىك ـ يادىكارلىق قالمىغان ئۇ ئۆيگە نېمىشقا بارىدۇ؟ لېكىن سالامنىڭ قەلبىدە نېمىدۇ بىر نەرسە يالقۇنجاپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ قارىغان ئاشۇ سىيمانى يادىغا سېلىپ تۇراتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىم ئىختىيارسىز ھالدا ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ باردى. ئۇنىڭ قەلبى ئاشۇ قەبرىدىن، ئاشۇ قەبرىدە كۆمۈلۈپ ياتقان بەختسىز ئايالدىن نېمىدۇ بىر نەرسە تەلەپ قىلغاندەك بولاتتى. چۈشىنىكسىز بىر تۇيغۇ ئۇنىڭغا ئاشۇ قەبرىنى يوقلاش مەجبۇرىيىتىڭ بار، دەۋاتقاندەك قىلاتتى. قاتۇرۇلمىغان، قۇمساڭغۇ تۇپىنى دۆۋە قىلىپلا ياساپ قويۇلغان سوغۇق قەبرىگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ تۇراتتى.

ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئاشۇ قەبرىگە ئاتىسىنىڭ خېتىنى ئېلىپ چىقتى. ئاشۇ ئۇزۇن خەت ئەمدى پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلانغانىدى. تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئايال يوق، ئاتىنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. سالامنىڭ ھېس قىلىشىچە ئۇنى تاشلىۋېتىشكىمۇ، ساقلاشقىمۇ بولمايتتى. ئۇ ئاخىرى خەتنى ئانىسى ياتقان ئاشۇ قەبرىگە كۆمدى. يۇمشاق، سوغۇق تۇپىنى، قولى بىلەن ئازىراقلا كولاپ، شۇ يەرگە كۆمۈپ قويدى. ئاندىن كېيىن قەبرىگە قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. «كۆمۈپ قويغىنىم ياخشى بولدى. بۇ ئىگىسىگە تەگدى دېگەن گەپ. ئاخىرەتتە بولسىمۇ كۆرسۇن، دادامنى، ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايدىغان دادامنى كەچۈرسۇن...» ئۇ قەبرىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاشۇ سوغۇق تۇپىدىن ياسالغان قەبرە ئۇنىڭ قەلبىنى ئاستا ـ ئاستا سوۋۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانىدا، يېنىدا بىر ئادەم قەبرىگە دۇئا قىلىپ تۇراتتى. سالام ئۇنى تونىدى. بۇ ئانىسى دەپنە قىلىنغان ئاشۇ كۈنى تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ئۆزى بىلەن قاتارلىشىپ ماڭغان ئادەم ئىدى. ئۇ دۇئاسىنى تۈگىتىپ يۈزلىرىنى سىيپىغاندىن كېيىن سالامغا تىكىلىپ قارىدى. مۇزدەك بىر نۇر سالامنىڭ ۋۇجۇدىنى تېشىپ ئۆتكەندەك بولدى. ھېلىقى ئادەم ئاغزىنى بىرقانچە قېتىم ئۆمەللىدى ـ يۇ، يەنە توختاپ قالدى. ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

ــ سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

ــ سالام.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! مەن سىزنىڭ ئۆگەي ئوغلۇم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەن. ئىسمىڭىزنى سورىماقچىدىم...

ئۆگەي ئوغلۇم دېگەن سۆز سالامنىڭ قۇلىقىغا شۇنچىلىك سەت ئاڭلاندىكى، خۇددى قۇلاقلىرىغا مۇز بىلەن ئۇرغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا كەتمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن توختاپ قالدى.

ــ مېنىڭ ئىسمىم سالام، مەن سالام بېرىۋاتقىنىم يوق، مەن ھېچكىمنىڭمۇ ئۆگەي بالىسى ئەمەس...

سالامنىڭ ئاۋازى قەھرى بىلەن بوغۇلۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە غەزەبلەنگەنلىكىنى، نېمىگە شۇنچىۋالا تېرىككەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭغا ھېلىقى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ يارىماس سۆزى قانچىلىك نەپرەتلىك تۇيۇلغان بولسا، ئانىسىنىڭ قەبرىسىمۇ شۇنچىلىك سوغۇق تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزدەك، سوغۇق ھېسسىيات قاپلىغانىدى. ئۇ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

سالام شۇندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە زادىلا چىقمىدى. ئۇنىڭغا شەھەر، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق رەستىلەر، ھاشار چوڭ ئۆزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئادەملەر... ھەممىسى سوغۇق تۇيۇلاتتى. ئۇ تېخىمۇ مۇڭلىنىپ، جىمغۇرلىشىپ كەتتى. دەرسنى ئاڭلايتتى، خاتىرە قالدۇراتتى، كىتاب ئوقۇيتتى. دەرسكە، كىتابقا شۇنچىلىك چاپلىشاتتىكى، خۇددى بىر مىنۇت ئاشۇلاردىن باش كۆتۈرسە، مۇدھىش بىر تۇيغۇ ئۇچۇپ كېلىپ يۈرەكلىرىگە قامال سالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بەزىدە مەجنۇنتال سايىسىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. كۆز ئالدىدا زۇمرەت كۆل، كۆل سۈيى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا قارىيىپ ئېرىپ كېتىۋاتقان كەچكى شەپەق جىلۋە قىلاتتى. ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، ئاھۇ ئانىنىڭ پۇشقۇرغىنى ئاڭلانغاندەك بولاتتى.

7

ئاپتوبۇس ئىشكىدىكى پەلەمپەيدىن سەكرىگەن سالام ئاتىسىنىڭ قۇچىقىغا موككىدە چۈشتى. ئاتا ئۇنى ئىككى چۆرگىلىتىپ يەرگە قويدى. يەنە قۇچاقلاپ باغرىغا مەھكەم باستى، كەينىگە ئۈچ قەدەم داجىپ ئوغلىنىڭ باش ـ ئايىغىغا مېھىر بىلەن نەزەر سالدى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇھوي، چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپسەن. مەن بىلەن تەڭلىشەي دەپ قاپسەن...

ئاتا ھاياجانلانغانىدى. سالام بولسا كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. كالتە قونجلىق ئۆتۈك، قايرىما ياقىلىق كالتە جۇۋا، سېرىق قۇلاقچا كىيگەن سالام ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. بويىنىدىكى چاقماق يوللۇق شارپىسى ئۇنىڭغا كىچىك مۆتىۋەرلەرچە سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى، ئاتا ئوغلىدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالدى.

— قانداق؟ ئوغلۇڭ نوچىلىشىپ كېتىپتىمۇ يىخسىق؟ پۇلنى قانچە كۆپ بەرسەڭ شۇنچە نوچى ياساپ قويىمىز، چىدالامسەن؟ بۈگۈنمۇ دېسەم-دېمىسەم ئاران ئىككى تال بېلىق ئەكەلدىڭغۇ دەيمەن...

ئاتا شوپۇر بىلەن كۆرۈشتى.

— ياق، بۈگۈن ساڭا بېلىق يوق، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقنى ئەكەلدىم، — ئاتا سومكىسىدىن ئىككى ياۋا ئۆردەكنى ئالدى، — ئاخشام ئاتقانىدىم، يارامدۇ؟ ئوغلۇمنى ھەر ھەپتىدە ئېلىپ كەلسەڭ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم مۇشۇنىڭغا ئېرىشىسەن...

— كېيىن چىدىماي قالارسەنمىكىن؟ سېنى ئوبدان بىلىمەن. بېلىققا چىدىمىغان ئادەم ئۆردەككە چىدارسەنمۇ؟ — ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

كۆل بويىغا قايتىشتا ئاتا ئوڭ قولى بىلەن سالامنىڭ دولىسىدىن قۇچاقلاپ ماڭدى. سالام بولسا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا يىراق-يىراقلارغا نەزەر سالاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇ بەش ئايدىن بېرى زارىقىپ سېغىنغان، بىر كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئانا چۆل يېيىلىپ ياتاتتى. قۇمۇش باسقان دۆڭلەر، قىزىل يۇلغۇن ۋە قوڭغۇراق تىكەنلىك چاتقاللار، دۆڭنىڭ چوققىسىغا قونۇۋېلىپ قاقىلداۋاتقان ئالا قاغا... ھەممىسى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە توپا رەڭلىك ياۋا توشقان قۇلاقلىرىنى لىكىلدىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ سالامغا تىكىلىپ قارىدى. قۇلاقلىرىنى لىكىلدىتىپ قويدى. ئۇ گويا ئاشۇ قىلىقلىرى بىلەن سالامنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئاخىرقى بىر دۆڭنىڭ بۇرۇلۇشىدىن چىققاندا سالامنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زۇمرەت كۆل يېيىلىپ ياتاتتى. ياق بىر پارچە غايەت چوڭ ئەينەك ئۆزىدە زۇمرەت ئاسماننىڭ جامالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ياتاتتى. سالامنىڭ بۇرنىغا كۆلنىڭ تونۇش ھىدى ئۇرۇلدى. نەم، ساپ ۋە سوغۇق ھاۋادىن يۈرىكى يايراپ كەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدىن چىقتى-دە، دامبىدىن يۈگۈرۈپ كۆلگە چۈشۈپ مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ قىيغىتتى. مۇز ئۈستىدە يېتىپ يۈرىكىنى ئۇنىڭغا ياقتى، دومىلاپ ئاسمانغا، قۇياشقا قاراپ يېتىپ قالدى...

ئاتىغا ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن نەپەس ئېلىشلىرى، كۆكرىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ پەسىيىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سېغىنىپسەن-دە، قوزام، چۆلنىمۇ، كۆلنىمۇ سېغىنىپسەن. قانغۇچە كۆرۈۋال، مەھكەم قۇچاقلا، ئۇلارمۇ سېنى سېغىنغان. شوخ كۈلكەڭنى، ئوغلاقتەك قىيغىتىپ ئويناشلىرىڭنى سېغىنغان، مەھكەم قۇچاقلا...

سالام قورۇلغان بېلىقنى ھۇزۇرلىنىپ يېدى. ئاتا ئۇنىڭ تاماقلىنىشىغا قاراپ

كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ سالامنىڭ بېلىققا ئامراقلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا تۈنۈگۈنلا مۇز ئۈستىدىن كاچكول ئېچىپ، سوغۇقتا دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇپ قويغان. مانا ئەمدى ئوغلى ئاشۇ بېلىقنى ھۇزۇرلىنىپ يېمەكتە. ئاتىنىڭ قەلبى بولسا، مېھرىبانلىقىنىڭ چېرىغىنى ياندۇرۇپ ئوغلىنىڭ جامالىغا نۇر چۈشۈرمەكتە ئىدى. ۋىسال — بەش ئايدىن كېيىنكى دىدارلىشىش تولىمۇ تىنىچ، سوئال-سوراقسىز ئۆتۈپ باراتتى. ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپلەردىن كېيىن ئاتىمۇ، بالىمۇ لەۋ يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. ئۇلار گويا ئۈن-تىنسىز ھالەتتە بەش ئايلىق سېغىنىشتىن كېيىنكى ۋىسالنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندەك، مۇشۇ ۋىسال دەقىقىلىرىگە باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇشنى خالىمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۈيۈك چۆلنىڭ سۈكۈناتى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاخىر ئوغۇل ئېغىز ئاچتى:

— ئانام ھېلىمۇ كېلىپ تۇرامدۇ؟

ئاتىنىڭ ۋۇجۇدى ئىسسىق ئۆيدىن چىقىپ شىۋىرغانغا دۈچ كەلگەندەك شۈركۈنۈپ كەتتى. لېكىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ياق، ئۇزۇندىن بېرى كەلمىدى. سەن كەتكەن دەسلەپكى چاغلاردا دائىم كېلەتتى. كېچىنى كۆل بويىدا ئۆتكۈزەتتى. كېيىن كەلمەيدىغان بولدى. قىش كۈنلىرى ئانچە ئۇسساپ تەشنا بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا كەلمەمدىكىن دەيمەن.

يەنە ئانا دېگىنى نېمىسى؟ ئانىسىنى كۆرمىدىمىكىنە؟ بىچارە قوزام. ئاناڭ ساڭا ئاھۇدەك يېلىلدىقلىق بېرەلمىدىمۇ؟ ئاناڭنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يەنىلا ئاھۇنى سېغىندىڭمۇ؟

— چۈجىلىرىم بارمۇ؟

— چۈجىلىرىڭ ئامان، ھەر كۈنى كەچتە قايتىپ كېلىدۇ.

سالام سوئال سوراشتىن توختىدى. ئۆي ئىچىنى يەنە سۈكۈنات باستى. سالام بېشىنى بۇراپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. غەربىي ئۇپۇقتا قۇياش قىزىللىقى جىلۋە قىلاتتى. ئۇ گويا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان، يىراقلارنى يورۇتقان گۈلخانغا ئوخشايتتى. سالام ئۆيدىن چىقتى. دامبىنىڭ ئۈستىدە توختاپ زۇمرەت كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىگە نەزەر تاشلىدى. كۆلدىكى زەڭگەر رەڭلىك مۇزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشقا قاراپ تۇردى. شەپەق قىزىلدىن سۆت رەڭگە، سۆت رەڭدىن كۆك رەڭگە ئۆزگەردى.

سالام بەش ئايدىن بېرى مانا شۇلارنى سېغىنغان، كەچكى شەپەقنىڭ كۆل ئىچىدە غايىپ بولۇشىنى، گۈلخاندەك قىزىرىدىغان ئۇپۇقنى، كۆلدىكى چۆمگەك قۇشلارنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازىنى سېغىنغانىدى. ئۇ يەنە قۇياشنىڭ تاڭ سەھەردە ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشىنىمۇ سېغىنغانىدى. قانداق ئاجايىپ مەنزىرە-ھە. غايەت چوڭ ئوتلۇق شار قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدىن ئاستا-ئاستا ئۇلۇغۋارلىق بىلەن كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. يېرىم شار ھالىتىدىن پۈتۈن شار ھالىتىگە تولىدۇ. قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاشۇ سەھەردە قۇلاقلىرىڭ ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، ئۇلۇغۋار بىر سىمفونىيىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ. بۇ قۇياش كۆتۈرۈلۈشىگە تەڭكەش بولۇۋاتقان ھايات كۈيى ئەمەسمىكىن، دەپ ئويلايسەن. راست، ئۇلۇغ، مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان، ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان ھايات كۈيىلا ئاشۇنداق ئۇلۇغۋارلىقنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. قۇياش يېڭى كۆتۈرۈلگەندە ئۇلۇغ چۆل رەڭگارەڭ نۇرلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

تولدۇ. قۇم دانىچىلىرى ئەينەك پارچىسىدەك يالتىراپ، ساناقسىز كۈمۈش نەيزىلەرنى ئاس-
مانغا قايتۇرىدۇ... سالام مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى — شامال چىققاندا ئۇسقىرىتىپ چاۋاك
چالىدىغان قۇرۇق قومۇشلارنى، زۇمرەت كۆلنى، ئەينەكتەك سۈزۈك مۇزنى سېغىنغانىدى.
بۇ يەردىكى سىرلىق گۈزەللىك بەش ئاي داۋامىدا ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا كۆتۈرۈلمىدى.
ئادەم دېگەن ئاجايىپ مەخلۇق. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتىنى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭ
سېھرىي كۈچىنى ئۇنىڭ قوينىدىكى چاغدا ئانچە چۈشەنمەيدۇ، ھېس قىلمايدۇ، سەزمەيدۇ.
ئاشۇ مۇھىتتىن ئايرىلغاندا، ئۇنىڭدىن يىراققا كەتكەندە بولسا ئۇنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ.
ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭ سىرلىق مەپتۇن قىلىش كۈچىنى ھېس قىلىدۇ. سالام كۆلدىن
ئايرىلغان بەش ئاي جەريانىدا مۇشۇ سۈكۈناتلىق چۆلنى شەھەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى
بىلەن، زۇمرەت كۆلنى چاڭ-توزانلىق كوچىلار بىلەن، ئېگىز قۇم بارخانلىرىنى ھەيۋەتلىك
بىنالار بىلەن، كۆلنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىنى شەھەر ئاسمىنىدىكى ئىس-تۈتەكلەر بىلەن
سېلىشتۇردى. كوچا قىرغاقلىرىدىكى، باغچە-پارنىكلاردىكى، مەكتەپ ھويلىسىدىكى گۈل-
چىمەنلەرنى كۆل قىرغىقىدىكى قومۇشلار بىلەن، قومۇش پۆپۈكى بىلەن، يىكەن-مىسلىق-
لاردىكى توزغاق توزۇندىلىرى بىلەن سېلىشتۇردى. ھەر قېتىم مەكتەپ ھويلىسىدىكى
گۈلزارغا نەزەر سالغىنىدا كۆل بويىدىكى ئاشۇ قومۇشلۇق، يىكەنلىك ئۇنىڭ ئېسىگە كې-
لەتتى، ئاشۇ قومۇش، يىكەنلەر سىرلىق بىر خىل گۈزەللىكى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا
نامايان بولاتتى. راست، بۇ قومۇش، يىكەنلەرگە تۇرخۇنلاردىن پۇرقىلىپ چىققان قارا
ئىس، ئادەملەرنىڭ ئايىغىدىن ۋە ماشىنىلارنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان يېپىش-
مىغانىدى. قومۇشنىڭ قاناتلىرى يېشىل ۋە ساپ ئىدى. يىللىق شامال كۆتۈ-
رۈلگەندە قومۇش پۆپۈكىدىن ئاجرىغان ئاپئاق ۋە يېنىك، چېچەكى خۇددى توي چاچقۇسى-
سىدەك كۆل ئۈستىدە ئۇچاتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق، يېنىك نازۇكلىقىغا ئادەمنىڭ ھەۋىسى
كېلەتتى. ئۇچۇپ-لەيلەپ زۇمرەتتەك يېشىل سۇغا قونغاندا خۇددى كۆك ئاسماندىكى يۇل-
تۇزلارغىلا ئوخشاپ قالاتتى. سالام ھەر قېتىم قومۇش پۆپۈكىدىن ئاجرىغان ئاشۇ نازۇك
چېچەكنى، توزغاق توزۇندىلىرىنى يادىغا ئالغاندا تەبىئەتنىڭ پاكلىقىنى، ساپلىقىنى، نازۇك-
لىقىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى...

سالام ئۆزىگە ئاشۇ قېتىم، پەقەت بىر قېتىملا يېنىش-يېنىشلاپ قارىغان ئانىسىنى
ئاھۇ بىلەنمۇ سېلىشتۇردى. ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىنى ئۆزىگە يېنىش-يېنىشلاپ قارىغان
قوي كۆزلەر بىلەنمۇ سېلىشتۇردى. ھەر ئىككىلىسىدە مۇڭ، مېھرىبانلىق بار ئىدى، مۇڭ-
لۇق باقاتتى، مېھرىبانلىق چېچىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭغا پەقەت بىر قېتىملا يېنىش-يېنىش-
لاپ قارىغان ھېلىقى كۆزلەر مەڭگۈلۈك يۇمۇلدى. سالامنىڭ ئېسىدە پەقەت ئۇنىڭدىن
چاقنىغان مۇڭلا قالدى. خوتەن ئاھۇسىنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇڭ، مېھرىبانلىق ۋە ئۇنىڭ ئىسسىق
باغرى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلەرنىڭ، ئاشۇ ئىسسىق
قۇچاقلارنىڭ دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۇنىڭ روھىدا، قەل-
بىدە، خىيالىدا دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشايتتى. ئانا سۆزىنى ئەسلىگىنىدە ئاشۇ گۈ-
زەل خوتەن ئاھۇسىنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى. ئۇ ئۇقۇمىنى يادىغا

ئالغاندا ئاشۇ چۆلنى، كۆل بويىنى، دامبىنىڭ ئۈستىگە، قۇم بارخىنىغا تاقاپ سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق يالغۇز ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بىر قېتىم ساۋاقداشلىرىدىن بىرى سالامدىن سەن قەيەرلىك، دەپ سوراپ قالدى. سالام نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئارقىدىن: مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان، دادام سۇ ئامبىرىدا قاراۋۇللۇق قىلىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. شۇنداق جاۋاب بېرىشنىغۇ بەردى. لېكىن كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. ئۆزىنى نېمىنىدۇ يوشۇرغانىدەك، ئاللىقانداق بىر بولمىغۇر سەۋەب بىلەن يالغان سۆزلىگەنىدەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ شەھەردە تۇغۇلغىنى راست، لېكىن تۇغۇلغىنى ئۈچۈنلا شەھەرلىكمەن دېيىشكە ھەقلىقمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆسۈپ-چوڭىيىشىغا، ئۇنىڭ خاتىرە-ئەستىلىكلىگە مۇشۇ شەھەرنىڭ قانچىلىك ئەجرى سىڭدى؟ قانچىلىك تامغىسى بېسىلدى؟... شۇ كۈنى ئۇ مەن زادى قەيەرلىك، دېگەن مەسىلىنى ئۇزۇنغىچە ئويلىدى. مەن چۆللۈك، چۆل، ئاشۇ بىپايان تەكلىماكان مېنىڭ يۇرتۇم، ئۇ يەردە مېنىڭ دادام، ئاھۇ ئانام بار. مەن چۆل ئوغلى. ئۇ ئاخىرى مانا شۇ جاۋابنى تاپتى. راست، ئۇ چۆل ئوغلى، ئۇنىڭ خاتىرە-ئەستىلىكلىرىمۇ، سېغىنىش-ئىنتىلىشلىرىمۇ ئاشۇ چۆلگە باغلانغان. ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى، ئۇنىڭغا قەدىرلىك بولغان ھەممە نەرسە ئاشۇ چۆلدە، گۈزەل، ساپ ھاۋالىق، پاك چۆلدە تۇرسا، ئۇ نېمىشقىمۇ ئۆزىنى چۆل ئوغلى دېيەلمىسۇن؟! بۇنىڭ يوشۇرىدىغان، نومۇس قىلىدىغان قەيېرى بار؟

ئىككىنچى كۈنى سالام ھېلىقى ساۋاقدىشىغا مەن شەھەرلىكمۇ، يېزىلىقمۇ ئەمەس، مەن تەكلىماكانلىق، مەن چۆللۈك، دېدى. ساۋاقدىشى سالامنىڭ نېمىشقا مۇنداق دەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدى. كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، نېمىنىدۇ چۈشەنمەكچى بولغاندەك سالامنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. بىردىن تۈنۈگۈنكى سوئالنى ۋە بۈلتۈر يېدىم خۇۋانى، ئەمدى چىقتى زۇۋانى، دېگەن تەمسىلنى يادىغا ئېلىپ كۈلۈپ كەتتى.

قۇياش كۆلنىڭ ئىچىدە غايىپ بولدى. كۆلنىڭ زۇمرەت مۇزلىرى كەچكى شەپەقنى يۇتۇپ كەتتى. سالام دامبىنىڭ ئۈستىدە ئاشۇ قارا لىباسقا پۈركۈنۈۋاتقان مۇز ئۈستىگە تىكىپ تۇراتتى. مەكتەپتىكى چاغدا يادىدىن كەچكەنلىرى مۇشۇ بىرقانچە مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە قايتىدىن ئەكس ئەتتى. ئۇ چۆلنى، كۆلنى، كۆل ئىچىدە پېتىپ كېتىدىغان كەچكى شەپەقنى سېغىنغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنى يەنە كۆردى. قەلبىدە بىر خىل مەمنۇنلۇق تۇيغۇسى قانات يايدى.

— خوش، خەير-خوش شەپەق، ئەتە كۆرۈشكىچە، خوش...

كۆل ئۈستىدە ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭرىدى. سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ئاتا ئىسكىرىپكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقىپ چېلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئوغلىغا بەش ئاي بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەتمەكچىمۇ؟ ئۇنىڭغا ئاشۇ كۈنلەرنى ئۇنۇتماسلىقنى ئەسكەرتمەكچىمۇ؟ ياق ئاتا، ئاۋارە بولما. چۆل ئوغلى بۇلارنى ئۇنتۇمىدى. مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

سالامنىڭ چۆجىلىرى شامال چىقىرىپ ئۇچۇپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىغىلا قوندى. يۇمىلاق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، يېتىسىرقىغاندەك غاقىلداشتى. سالام ئۇلارغا يېقىنلاشتى. ئاق قۇلار قاچتى. ئۇلار سالامنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. يات بىر يىگىتنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلا-

لىشۋاتقانلىقىدىن ھوشيارلىنىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا تەييار تۇراتتى. چۈجىلىرىم، مېنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟ شۇنچە تېز - ھە؟! مەن سىلەرنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىمدىن چىقارمىدىم. قېنى كېلىڭلار، بىز كۆرۈشەيلى، بىز كۆرۈشۈۋالايلى...

ئاق قۇلار يېقىن كېلىمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆرە تۇرۇپ ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ئاتىغا قاراپ غاقىلدايتتى. ئۇنىڭدىن نېمىدۇ بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تەلمۈرەتتى. سالام چۈشەندى. سۇپىنىڭ بۇرجىكىدىكى خالتىدىن قوناق ئېلىپ ئۇلارغا تەڭلىدى. ئۇلار يەنىلا يېقىن كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سالام قوناقنى يەرگە چېچىپ بەردى. ئاق قۇلار تويا - تۇمان بىلەن قوشۇپ تېرىپ يېيىشكە باشلىدى.

— بىرەر - ئىككى كۈن ئۆتسۇن، سېنى يەنە تونۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا...

ئاتىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئاق قۇلار سالامغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇلار دانلىرىنى يەپ بولغانىدى. سالامغا قاراپ توختىماي غاقىلدايتتى. سالام ئەمدى قوناق دانلىرىنى يەرگە چاچماي ئالقىنىدا تۇتۇپ بەردى. يېقىن كەلگەن، يېتىرقىشى تۈگىگەن ئامراقلىرىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ قويىدى. ئۆيگە كىرىپ شېكەر سۈيى كۈرۈشكىسىنى ئېلىپ چىقىپ ئاق قۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاق قۇلار توختىماي غاقىلدىشاتتى...

سالامنىڭ كۆزلىرى ئەمدى تونۇش قۇمۇشلۇقنىڭ ئىچىگە تىكىلگەنىدى. ئۇ ئاشۇ يەردە ئانىسىنى، بەش ئايدىن بېرى سېغىنغان ئانىسىنى كۆرۈشنى خالايتتى. نەقەدەر تونۇش، نەقەدەر قەدىناس جاي - ھە؟! سالام ئەنە شۇ جايدا ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىغا قانچە - قانچە قېتىملاپ باغرىنى ياققان، ئانىسى بىلەن قانچە - قانچە قېتىملاپ ئۇنسىز مۇڭداشقان، ئانا باغرىنىڭ، ئانا مېھرىنىڭ يىلىلىقلىقىنى ھېس قىلمىغانمۇ؟ ئەمدى مانا ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئىچىدە قۇرۇق قومۇشلۇق بوش شىلدىرلاپ تۇرۇپتۇ. ئانا ئۇ يەردە يوق. ئۇ خېلى ئۇزۇندىن بېرى بۇ يەرگە كەلمىگەنمىش. تۆت - بەش يىل ۋىساللاشقان قەدىناس جاينى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئوغلىنى، ئانا مېھرىگە تەشنا ئوغلىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئانا! ئانا! سەن قەيەردە؟ ئوغلۇڭ قايتىپ كەلدى. ئوغلۇڭ سېنى يوقلاپ كەلدى.

ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى نىدا قىلاتتى. ئانا! ئانا! ئوغلۇڭنى ئىسسىق باغرىڭغا ئال، ئۇ ئانا مېھرىگە قانسۇن، ئۇ ساڭا قانسۇن. قۇچاقلىرىڭنى ئاچ، جان ئانا، سەن قەيەردە؟

— سالام، قارا، بارخانغا قارا...

سالام ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە قارىغىنىدا يۈرىكى شادلىقتىن دۈپۈلدەپ كەتتى. تېخى بارخاندىن كۆتۈرۈلۈپ چىقمىغان يېڭى ئاينىڭ سۈزۈك نۇرى چۆل گۈزىلىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاھۇ بەئەينى بارخان ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان نۇرانە ھەيكەلگە ئوخشايتتى. (ئۇنىڭ ئوغلاقلىرى سالام شەھەردىكى مەكتەپكە كېتىشتىن ئىلگىرىلا يوقالغانىدى.) ئۇ بوش پۇشقۇرۇپ قويدى.

— ئانا! مېنىڭ ئانام!

سالامنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ قۇچاقلىرىنى كېرىپ قۇم بارخىنىغا ياماشتى. ئاھۇ ئانا كۆزلىرىدىن ئوت ياندۇرۇپ تىپتىنىچ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۈركىمەيدۇ، گويا ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇدەقىقىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى. سالام

ئۇنىڭ بويىدىن قۇچاقلىدى. مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى. ياقۇتتەك نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تويماي قارىدى. ياقۇت كۆزلەرمۇ ئۇنىڭغا تويماي قارايتتى.

ئاھ، پەلەك. مانا ئەمدى ھىجران پەيتى مەڭگۇ ئاخىرلاشقاندەك تۇرىدۇ. ئاپئاق قوزام، قوي كۆزلۈكۈم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، مېنى قۇچاقلا، يەنىمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلىغىن. ئىسسىق تىنىقلىرىڭنى، تومۇرلىرىڭدا ئۇرغۇۋاتقان قانلىرىڭنىڭ ئېقىشىنى يۈرىكىم سەزسۇن، چاك ـ چاك يېرىلغان قەلبىمە ئارىسى مەلھەم تاپسۇن، سەن مېنىڭ بالام، مەن سېنى ئاپئاق سۈتلىرىدم بىلەن باققان. مېنى قۇچاقلا، يەنىمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلىغىن...

ئاھۇ ئۈنسىز ھالدا ئاشۇنداق خىتاب قىلاتتى. دىدارلىشىش ئۇزۇنغا سوزۇلدى. گۈزەل ئاي نۇر چېچىشتىن زېرىكمىدى. قوم بارخىنى ئۈستىدە قۇچاقلىشىپ دىدارلىشىۋاتقان ئانا ـ بالا گويا ئاي نۇرىدىن پۈتكەن سۈزۈك قاشتېشى ھەيكىلىگە ئوخشايتتى.

8

پاجىئە سالام قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا يۈز بەردى. ئۇ تېخى ئاتىسىنىڭ، ئاھۇ ئانىسىنىڭ، ئاق قۇللىرىنىڭ، كۆلنىڭ، چۆلنىڭ مېھرىگە قېنىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرى بار ئىدى. ئۇ شەھەردىن ئالغان تەسىراتلىرىنى، ئۆگەنگەنلىرىنى، نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرىنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدى. ئانىسى ھەققىدە، ئۆزىگە پەقەت بىر قېتىملا يېنىش ـ يېنىشلاپ قارىغان ئاشۇ بەختسىز ئانىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشمۇ ئۇنىڭ پىلانى ئىچىدە ئىدى... لېكىن ھېچقايسىسىغا ئۈلگۈرەلمىدى. كۆلنىڭ دامبىسى ئۈستىدىن چېپىپ كەلگەن پىكاپ ئۇنىڭ ھەممە خىياللىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. پىلانلىرىنىمۇ، تىنچلىق ـ خاتىرجەملىكىنىمۇ، خۇرام ـ خۇشال ئۆتۈۋاتقان كېيىك بولغان كانىكۆل كۈنلىرىنىمۇ، ئارزۇ بوستانلىرىدا يېخىلىۋاتقان كەلگۈسى ئارمانلىرىنىمۇ بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ھەممىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئىمپورت قىلىنغان ئاق رەڭلىك پىكاپ دامبا ئۈستىدە غۇيۇلداپ، كۆلدىكى مۇزلارنى لەرزىگە سېلىپ قاراسلىتىپ يېتىپ كەلگەندە، ئاتا ـ بالا ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۈلگۈرگەنىدى. كۈتۈلمىگەن مېھمانلار ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا مىلتىق بار ئىدى. ئاتا ـ بالا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كۆلنىڭ خوجايىنلىرى!

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام... ۋاھ، تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتىسىلەرمۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، ھەر ـ قايسىلىرىنىڭ بۈگۈن كېلىپ قالىدىغانلىقلىرىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. ھارمىغايلا، ھارمىغايلا...

ئاتا مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ئىززەت بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى سومكىنى ئالدى.

مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا پاھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھەر يىلى دەل مۇشۇنداق قەھرىتان قىشتا ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كۆلگە كېلەتتى. ئىككى كۈنمۇ ئەمەس، تۆت كۈنمۇ ئەمەس، دەل ئۈچ كۈن تۇراتتى. كۆل ئەتىراپىدا

قېنىپ، راھەتلىنىپ ئىستىراھەت قىلاتتى. بېلىق، ئۆردەك گۆشى يەيتتى. بېلىق تۇتۇشـ
قىمۇ، ئۆردەك ئېتىشقىمۇ ئۆزى بىۋاستە ئىشتىراك قىلاتتى. كۆلدىكى زۇمرەت مۇز ئۈسـ
تىدە ئۇنىڭ قاقاقلىغان كۈلكىسى جاراڭلايتتى. ئارقىدىن بېلىق پىشۇرۇش، ئۆردەك كاۋىپى
تەييارلاشقا يەنە ئۆزى قول سالاتتى. دورا-دەرمەكلەرنى ئۆزى تەييارلايتتى. بېلىقنى
دورا-دەرمەكلەر بىلەن ياغدا قورۇيتتى. ئۆردەكنى بولسا ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېقىلغان گۇلـ
خانىغا قاقلاپ پىشۇراتتى. ئۆزىنىڭ قورۇمىلارنى تەييارلاشقا، تاماق ئېتىشكە ئۇستىلىقى
بىلەن ماختىناتتى. قورۇما، كاۋاپلار تەييار بولغاندىن كېيىن، پىكاپقا سېلىپ ئاتايىتەن
ئېلىپ كەلگەن دۇتارنى ئاتىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزاتتى.
ئۆزى بولسا رومكا بىلەن ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، بىرىنچى رومكىنى ئاتىنىڭ سالامەتلىكى،
شاد-خۇراملىقى ئۈچۈن تەقدىم قىلاتتى. ئەلۋەتتە باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئاتىنىڭ بىر
يىللىق ئەمگىكىنى، جاپاغا چىداپ چۆلدە ئىشلەشتەك روھىنى، تۆھپە-نەتىجىلىرىنى
تەقدىرلەشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى.

سالام بۇ كىشىنىڭ مەخسۇس بېلىق، ئۆردەك يېيىش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى ياكى
ئاتىنىڭ بوم ئاۋازدا ئېيتىدىغان ئاجايىپ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشقا كېلىدىغانلىقىنى ئايرىيالـ
مايتتى. بەلكىم ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ. بەلكىم بىر يىللىق خىزمەتتىن چارـ
چىغان نېرۋىلىرىنى ئارام ئالدۇرۇپ ئىستىراھەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ ۋە بەلكىم
كۆلنى، ئاتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ ... قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ كىشى
ھەر قېتىم كېلىپ كەتكەندە كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى ساپ ھاۋا بىرقانچە كۈنلەرگىچە پۇرۇخ
پۇرايتتى. ئۆيىنىڭ ئىچى-تېشىنى ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى قاپلاپ كېتەتتى ...

باشلىق كۆلگە ھەر قېتىم كەلگەندە سالامنىڭ ئاتىسى باشقىچە ئادەمگە ئايلىناتتى.
كۆزلىرىدىن غەم ۋە مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاتا رومكىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن
كۆزلىرىدىن شوخ ئۇچقۇنلار چاچرايتتى. تىلىدىن ئەڭ كۈلكىلىك لەتىپە، چاقچاقلار تۆكۈـ
لەتتى، 20 يىلدىن بۇرۇنقى ياشلىقىغا قايتقاندەك بولۇپ قالاتتى. سالامنىڭ كۆزىگە ئاتىسى
راستىنلا ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. لېكىن دۇتارنى قولىغا ئالغاندا بولسا،
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يەنە غەم-ئەندىشە، مۇڭ-ھەسرەت كۆلەڭگە چۈشۈرەتتى. بوم، مۇڭلۇق
ئاۋاز ئۇنتۇلغان ئۆتمۈشنى، يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇنغان ھەسرەت-نادا-
مەتنى كۈيلەيتتى. ئاتا ئاللىقانداق گۇناھلىرى ئۈچۈن ئەپۇ-كەچۈرۈم سوراۋاتقان بىچا-
رىغا، پۇشايمان-نادامەتلىرى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىۋاتقان دەردمەنگە، ۋاپا ئىزدەپ جاپا
چەككەن، تىلەك تىلەپ ئارمانىغا يېتەلمىگەن، ئاھ ئۇرۇپ كۆككە تەلمۈرگەن غەمخانىغا
ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇ راستىنمۇ شوخ، خۇشال ناخشىلارنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە
ئۇنداق ناخشىلار يوق ئىدى. بولسىمۇ ئېيتمايتتى. پەقەت، غەملىك، مۇڭلۇق ناخشىلارنىلا
ئېيتاتتى. ناخشىنىڭ ئاخىرىدا ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قوياتتى. ئۇنىڭ
ناخشىسى تۈگىگەندە ناخشا ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان تۈگمەنىنىڭ يوغان
تېشى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىكلىشىپ قالاتتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا ئاشۇنداق
ناخشىلارغا ئاشىق ئىدى. ئاشۇ مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ھالەتتىن ئاللىقانداق ئىچكى لەززەتكە

ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغاندەك، ئاشۇ مۇڭ - ھەسرەت ئارقىلىق سېغىنغان، ئارمان قىلغان يىراق مەنزىلنى كۆرۈشنى ئىستىگەندەك ئۇنىڭغا يېپىشاتتى. ياشاپ كەت، مۇڭ، مۇڭ، دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئارقىدىنلا يەنە ئەڭ گۈزەل تىلەكلەرنى قوشۇپ ئاتىنىڭ قولىغا رومكىنى تۇتقۇزاتتى. رومكىدىن كېيىن: قېنى، يەنە بىر پەردە مۇڭ قىلايلى، دەپ تەلەپ قىلىشاتتى. ئاتىنىڭ مۇڭلۇق بارماقلىرى دۇتارنىڭ مۇڭلۇق تارلىرىغا مۇڭ بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلايتتى ...

ئاشۇ باشلىق بۈگۈن يەنە كەپتۇ. ئۇنىڭ بۈگۈن — تەتىلنىڭ تۇنجى كۈنى كېلىشى، ئۆتكەن يىللىقىدەك كونا پىكاپتا ئەمەس، ئىمپورت قىلىنغان ئاق رەڭلىك يېڭى پىكاپتا كېلىشى سالامغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى.

مېھمانلار بىردەمدىلا ئۆي ئىچىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكە - چاقچاققا تولدۇرۇۋەتتى، خۇددى ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكە - چاقچاقلىرىدىن ئىس - تۈتۈن چىقىدىغاندەك ئۆي ئىچى ئىس - تۈتەككىمۇ تولۇپ كەتتى.

چايدىن كېيىن مېھمانلار ئوۋغا تەرەددۇت قىلدى. ئۇلار ئىككى مىلتىق — بىر دانە قوش ستۋوللۇق ئوۋ مىلتىقى، بىر دانە يېرىم ئاپتوماتىك ھەربىي مىلتىق ئېلىپ كەلگەنىدى. ئاتىنىڭ مونوپولكىسى بىلەن ئۈچ مىلتىق بولدى. باشلىق ھەر يىللىقىدەك مونوپولكىنى تاللىۋالدى.

— جۈيجاڭ، ئاق قۇلارغا ئوق تېگىپ كەتمىسۇن. ئۇلار قوغدىلىدىغان قۇش. ئۆزلىرى بىلىدىغۇ، ئاشۇنداق قانۇن بار، — دېدى ئاتا.

— ئەلۋەتتە، ئاق قۇلارنى ئاتمايمىز، — باشلىق ھەمراھلىرىغا كۆز قىستى، — ياۋا غاز بىلەن ئاق قۇلارنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويساق، ئۇ چاغدا باشقا گەپ، خوجايىنىمۇ بىزدىن ئاغرىنمايدۇ، ھا، ھا، ھا ...

— قانداقچە ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ؟ ئۇلار ئېنىق پەرقلىنىدۇغۇ، جۈيجاڭ ...

— خاتىرجەم بولسىلا خوجايىن، ئاق قۇلارنى ئاتمايمىز دېدىمغۇ، ئاتمايمىز، ھۆججەت يېزىپ بېرەمدىم - يا؟

باشلىق يەنە ھەمراھلىرىغا كۆز قىستى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ، كۆلنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ يۇقىرىغا يۈرۈپ كەتتى. يېرىم ئاپتوماتىك ھەربىي مىلتىقنى كۆتۈرگەن ئاۋاق يەنە بىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاياغدىكى ئۆستەڭگە كەتتى. چاچما ئوقلۇق، قوش ستۋوللۇق مىلتىق بىلەن قوراللانغان بىرى ئاتىنى باشلاپ كۆلگە — مۇز ئۈستىگە چۈشتى - دە، كىچىك قېيىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى. ئاتا قېيىقنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىيرىلدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. قېيىق مۇز ئۈستىدە چانىدەك يېنىك تېيىلاتتى.

ئاتا دامبىغا ئون - ئونبەش مېتىرچە كېلىدىغان جايدىن ئۈچ كاچكۇل ئېچىپ قويغانىدى. ھەر كۈنى كېچىسى كاچكۇللار نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۇتاتتى. سالام مانا شۇ يەرگە كېلىپ، تۆمۈر ئارا بىلەن ئازراق چوقۇپلا كاچكۇللارنى تەشتى. ئارا بىلەن مۇز پارچىلىرىنى سۈزۈپ ئېلىۋەتتى. قارماققا قوناق دانچىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ كاچكۇلغا تاشلىدى. ئۈچ كاچكۇلغا قارماق تاشلاپ بولغىچە يېرىم سائەتتەك ئۆتتى. ئۇ قارماق خادىلىرىنى قېلىن مۇز

www.uyghurkitap.com

پارچىلىرى بىلەن تىرەپ قويۇپ بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدا، قېيىمقىنى ئىتتىرگەن ئاتا خىيالىلا ئۈزاپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋە قېيىق كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە قارا نۇقتا بولۇپ كېتىپ باراتتى. سالام ئاشۇ ياقىقا قاراپ تۇرۇپ ئاق قۇلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئەگەر ئۇلار ئاتقان ئوق ئۇقۇشماستىن ئۇنىڭ چۆجىلىرىگە تېگىپ كەتسە، ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟ پەرىشتىدەك ئاق ماموقتەك يۇمشاق، سۈرەتتىكىدەك گۈزەل ئاق قۇ چۆجىلىرى قىپقىزىل قانغا مىلىنىسە. ھە. ئۇلارنىڭ چىرايلىق، يۇملاق كۆزلىرى مەڭگۈلۈككە يۇمۇلسا – ھە. ۋاي خۇدايىمەي ... سالامنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىزلىك قاپلىدى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. لېكىن ئامال يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئامراق چۆجىلىرىنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئىزدەپ بېرىشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى ... قارماقنىڭ خادىسى مىدىرلاپ كەتتى. سالامنىڭ پىكىرلىرى بۆلۈندى. ئۇ قارماق خادىسىنى قولىغا ئېلىپ ئاستا – ئاستا كۆتۈردى. پولتاي كۆز ئاق بېلىق كاچكۇلدا كۆرۈنگەن چاغدا، يىراقتىن مىلتىقنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەكس سادا كۆل ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ياڭراپ تۇردى.

كۆل تاماشىسى — زىياپەت ئۆتكەن يىلدىكىگە ئوخشاشلا تولىمۇ كەچ باشلاندى. بېلىقلارنى تازىلاپ قورۇش، ئۆردەكلەرنى يۇڭداپ كاۋاپ قىلىش كۆپ ۋاقىتنى ئالغانىدى. ئاتىنىڭ دۇتار تەڭكەش قىلىنغان مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراشقا باشلىغان چاغدا، سائەت ئاللىقاچان ئوندىن ئاشقانىدى. چۆلمۇ، كۆلمۇ ئۇيقۇغا چۆككەن، كۆلدىن غاز – ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىشى ئاڭلانمايتتى. يېرىم كۈن گۈمبۈرلىگەن مىلتىق ئاۋازى ئۇلارنى يىراقلارغا قوغلىۋەتكەنىدى.

سالام بۈگۈن كەچكى شەپەقنىڭ مۇز ئىچىدە ئولتۇرۇشىنىمۇ تاماشا قىلالمىدى. ئاق قۇلىرىنىمۇ كۈتۈۋالالمىدى. ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەن – كەلمىگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. زىياپەتتە كېرەكلىك ھەممە نەرسە تەييار بولۇپ، باشلىق بىرىنچى رومكىنى ئەڭ ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئاتىنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزغاندىلا، ئاندىن سالامنىڭ قولى بوشىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى تاپشۇرۇق — مەشكە كۆمۈر سېلىش — نى ئورۇنداپ بولۇپ سىرتقا چىقتى. ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئاي ئاسماندىمۇ، كۆلدىمۇ، مۇزنىڭ تېگىدىمۇ ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئاي خۇددى مۇڭلۇق ناخشىنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن مۈگدەۋاتقاندەك، ئاللىقانداق مۇڭلۇق خىياللارغا پاتقاندەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. سالام چۆجىلىرىنىڭ كاتىكىگە قارىدى، ئۇلار يوق ئىدى. قومۇشلۇققا تىكىلدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە نەزەر سالدى. ئۇنىڭ ئاھۇ ئانىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم كەلمىگەندۇ. مىلتىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان بولسا ئۈركۈپ يىراقلارغا كەتكەندۇ. بۈپتۇ، بۈگۈن كەلمىسۇن. ئەگەر مۇنۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا، نېمە ۋەقە يۈز بېرىشىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇلاردا شەپقەت يوق. ئوۋچىدىن – قانغا خۇمار بولۇپ كەتكەن ئوۋچىدىن شەپقەت كۈتكىلى بولمايدۇ. مەيلى بۈگۈن كەلمىسۇن، ئەتە كەلسۇن، ياق مۇنۇ ئوۋچىلار كەتكەندىن كېيىن. ئۈزۈم ئىزدەپ تاپىمەن. ئېگىز قۇم بارخىنى ئۈستىگە چىقىپ ئىسكىرىپكامنى چالىمەن، ئۇ ئاڭلايدۇ. يىراقتا بولسىمۇ ئاڭلايدۇ، ئاڭلىسىلا چوقۇم كېلىدۇ. شۇ

چاغدا ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلايمەن. ياقۇت كۆزلىرىگە سۆيۈمەن ...

تالا سوغۇق ئىدى. سالام ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئىچكىرىدىكى خۇش - خۇش دېگەن ۋارقىراشلارغا، ئىس - تۈتەككە، ھاراقنىڭ سېسىق ھىدىغا تولغان ئۆيگە كىرىشنى خالىمىدى. سىرتقى ئۆيدىكى كارىۋاتتا يېشىنمەستىنلا ئاتىسىنىڭ جۇۋىسىغا يۆگىنىپ ياتتى. ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئاتىسىنىڭ بوم، مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. قەلبىنى ئېغىر بىر دەرد قاماللىۋالغاندەك بولدى. ناخشىدىكى مۇڭ ياش، گۈزەل، ساغلام بىر جاننىڭ قېرىپ ھالدىن كەتكەنلىكىنى، كۆزلىرىدىن ھايات ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئۆچكەنلىكىنى، ئېغىر نەپەس ئېلىپ نامەلۇم بىر مەنزىلگە قاراپ سۆرۈلۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئەسلەتتى. سالام تەكلىماكاننى — ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇشۇ چۆلنى، قۇم - بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇۋزاقلىرى چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن قېرى توغراقنى، قۇرۇپ قاخشال بولۇپ كەتكەن بەقەم يۇلغۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇلار ئاتىسى ئېيتىۋاتقان ئاشۇ ناخشىغا، ئاشۇ ناخشىدىكى قەدىمىي مۇڭغا، ئاشۇ ناخشىدا كۈيلەنگەن قېرى جانغا ئوخشايتتى. بۇ ناخشا سالامنىڭ قۇلاقلىرىغا خۇددى ئاشۇ چۆللەرنىڭ، قېرى توغراقنىڭ، ئېگىلىپ يەرگە تېگەيلا دەپ قالغان يۇلغۇننىڭ سىرلىرىدەك، ئاشۇ ناخشىدىكى مۇڭ قېرى تەكلىماكاننى تەسۋىرلەپ - سۆرەتلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئاھۇ ئانىسىنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدىمۇ ئاشۇ ناخشىدىكى مۇڭ بار ئىدى. ئۇ كۈيلىمەيتتى، سۈكۈت بىلەن قاراشلىرىدىن ئىختىيارسىز كۈي تۆكۈلەتتى. ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان جۈپتىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى ئەسلەۋاتقاندەك مۇڭلىناتتى. ئۇمۇ قېرىدىمىكىن؟ مىڭ يىللاردىن بېرى مۇشۇ ئانا چۆلگە ئىپار چېچىپ چارچىدىمىكىن؟ يېتەلمىگەن ئارمانلىرى ئۈچۈن، جۇدا بولغان جۈپتى ئۈچۈن، تۈگىمەس ھەسرەتلىرى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇۋاتامدىكىن؟ ...

ئاھۇ ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن قانلىق ياش تارام - تارام بولۇپ ئاقتى. شىرىلداپ، شۇقىراپ ئېقىۋاتقان قىپقىزىل قان كەچكى شەپەققە، بىر پارچە قىزىل رەختكە ئوخشاش يېيىلاتتى. ئانا ئاھۇ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، «سالام، سالام، مېنىڭ ئوغلۇم» دەپ ۋارقىرىدى. سالام ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. يۈگۈرەلمىدى، پۇتلىرى قولاشمايتتى. يەردە ئۆمىلەپ ئاھۇغا قاراپ تىرماشتى. ئاھۇنىڭ بېشى ئۇنىڭ ئالدىغا دومىلاپ كەلدى. ئوغلىغا قانلىق ياش ئېقىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ، مۇڭلىنىپ قارىدى. سالام ئۇنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ بوينىدىن، ئىسسىق گەۋدىسىدىن قۇچاقلىدى. ئاھ خۇدا، ئانىنىڭ بوينىمۇ قان ئىدى. سالامنىڭ قۇچىقىدا ئۇنىڭ بېشى، بوينىلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق باغرى، ئىسسىق گەۋدىسى نەگە كەتتى؟ ئانا سەن نېمە بولدۇڭ؟ گەۋدەڭ، ئىسسىق باغرىڭ قېنى؟ ئانا، ئانا... سالامنىڭ قۇچاقلىرىدىن ئاھۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. باش خۇددى يۇمىلاق توپقا ئوخشاش قۇم بارخىنى ئۈستىدىن پەسكە دومىلىدى. ئانا، ئانا، مېنىڭ ئاھۇ ئانام. ساڭا نېمە بولدى؟ سالام يۇمىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان باشنىڭ كەينىدىن ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولاتتى. لېكىن ئۆزىنى توختىتىۋالالماي چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. تەگسىز، مۇدھىش قاراڭغۇلۇققا موللاقلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قورقتى، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. ۋارقىرىماقچى، تۇۋلىماقچى بولدى. لېكىن ئاۋازى چىقمىدى: ئا ... ئا ... ئا ...

سالام كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ ھاسىرايتتى. خۇددى ئۇزۇن يوللاردىن يۈگۈرۈپ كەلگەندەك ھېرىپ ـ تەرلەپ كەتكەن، دېمى كېسىلىپ، تىلى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئەتراپىغا نەزەر سالدى. ئىچكىرىدىكى ئۆينىڭ ئىشىك يوچۇقلىرىدىن چىراغنىڭ تارام ـ تارام نۇرلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئاتىسىنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سالام ئويغانغانلىقىنى، چۈش كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە قارا بېسىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. قورقۇنچلۇق چۈش ئۇنىڭ يادىدا ساقلىنىپ قالغان. خۇددى ئوڭىدا يۈز بەرگەندەك، ھېلىلا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىشتەك ھەممىسى ئېنىق ئېسىدە ئىدى. ئۇ قورقۇپ كەتتى. قەلبىنى قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمە، ئەنسىزلىك قۇچىقىغا ئالدى.

سالام سىرتقا چىقتى. ئاي غەربكە قىسايغان، ئۆينىڭ، كۆل بويىدىكى سۆگەتلەرنىڭ سايىسى شەرققە يۆتكەلگەنىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھېلىلا كۆرگەن چۈش كېزەتتى. ئۇ قومۇشلۇققا تىكىلدى. دەرھال ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قۇم بارخىنىغا بۇرۇلدى. بۇرۇلدى ـ يۇ، يۈرىكى بىردىن دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى. قۇم بارخىنى ئۈستىدە ئۇنىڭ ئاھۇ ئانىسى خۇددى ھەيكەلدەك، ئاي نۇرىدىن ياسالغان ئاھۇ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى. سالام ئۆشنىسىگە يېپىنىۋالغان جۇۋىنى سېلىپ تاشلاپ بارخانغا يۈگۈردى.



— پاڭ!

يېقىندىلا ياڭرىغان مىلتىق ئاۋازى سالامنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئاھۇ ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا مەرەپ بارخان ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى.

— ئانا، مېنىڭ ئانام!

سالام ئاھۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئۇنى بار كۈچى بىلەن قۇچاقلىدى، ئۇ توختىماي ۋارقىرايتتى.

— ئانام، مېنىڭ ئاھۇ ئانام، مېنىڭ ئاھۇ ئانام!

ئۆي ئىچىدىكىلەر مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقىشتى. سالامنىڭ ئاتىسى ئوغلىنى ئاھۇنىڭ ئۈستىدىن ئاجرىتىشقا تىرىشاتتى. ھېلىقى ئاۋاق سۆزلىمەكتە ئىدى:

— سىرتقا چىققانىدىم، قارىسام بارخان ئۈستىدە خۇددى مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك

قاراپ تۇرمامدۇ. ئۆچكىمكىن دەپتىمەن. سىنچىلاپ قارىسام كىيىك ئىكەن. مىلتىقنى ئېلىپ چىقتىم، قارىغا ئالدىم، ئەمدى كۆرشۈكنى باساي دېگىنىمدە مۇنۇ بالا بارخانغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتىدۇ. قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. دەرھال كۆرشۈكنى باستىم. ۋاھ، دەل كۆكسىگە تەگدى ... ھەقىقىي ئۇۋچى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، كېچىدىمۇ دەل تەگكۈزەلەيدۇ ...

— ھاي، ئاغىنىلەر، ئەمدى كىيىك گۆشى يەيدىكەنمىز - دە. كىيىك گۆشى. بۇ يىلقى مۇز تاماشاسى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ياخشى بولىدىغان بولدى - دە، ۋاھ، ۋاھ ...

سالام يىغلايتتى، ۋارقىرايتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئاھۇنىڭ ئۈستىگە تارام - تارام بولۇپ چۈشەتتى. ئاتا ئۇنى بەزلەيتتى.

— يىغلىما، ئوغلۇم، بولغۇلۇق بوپتۇ. ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. يىغلىما ...

— كىيىك ئۆلسە بۇ نېمىشقا يىغلايدۇ؟ قورقۇپ كېتىپتىمۇ - يا، ھەي بالا، كەل، يۈرىكىڭگە تۈكۈرۈپ قوياي. قورقۇنچنى باسىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەنمۇ قورقۇنچاق بولامدۇ؟ چۆل يىگىتى دېگەنمۇ مىلتىق ئاۋازىدىن قورقامدۇ؟ كەل، يۈرىكىڭگە ...

— ياق، سالام قورقۇپ يىغلاۋاتقىنى يوق. سىلەر ئۇنىڭ ئانىسىنى ئېتىۋېتىپسىلەر، ئاھۇ ئۇنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭغا سۈت بېرىپ باققان ئانىسى ئىدى ...

— ئانىسى؟ كىيىك ئۇنىڭ ئانىسى؟

— ھەئە، كىيىك ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى ... بولغۇلۇق بوپتۇ. ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. يىغلىما بالام. يىغلىما ...

— كىيىك ئادەم بالىسىنىڭ ئانىسى دېگەن قانداق گەپ؟ نېمانداق باش - ئاخىرى يوق گەپ بۇ، ھېچنېمىنى ئۇققىلى بولمىدىيا ...

— قېنى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى. ھەممە ئىشنى باشتىن سۆزلەپ بېرەي. بۇ تولىمۇ ئۇزۇن ھېكايە ...

ئۆلگەن، خۇددى يىلتىزىدىن ئايرىلغان گۈلدەك سولاشقان ئاھۇنى تاشقىرقى ئۆيگە ئەكىرىپ تاشلاشتى. شامنىڭ يورۇقىدا ئاتىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر دۇنيا ئېچىنىش، باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن بولسا ھەيرانلىق چېچىلىپ تۇراتتى. ئاھۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە ئوچۇق ئىدى. ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالغان چوغدەك قىپقىزىل نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇنى ئاتقان ئاۋاقنىڭ ئۇۋچىلىقتىن ئۇبدانلا خەۋرى بار ئىكەن. خۇددى قەدىمىي ئۇۋچىلارغا ئوخشاش يەرگە تىزلىنىپ، بىر چاڭگال مۇزدەك تۇپراقنى ئالدى - دە، ئاھۇنىڭ كۆزلىرىگە چاچتى. ياقۇت كۆزلەر كۆمۈلدى. ئەڭ ئاخىرقى نۇرلار ئۆچتى ...

— ئاھۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۇنى ھەرگىز ئاتالمايدۇ. ئىككىنچىلەپ ئۇنى ھەرگىز ئاتقۇسى كەلمەيدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئۇۋچىلار ئۇنى يېقىتقان ھامان ئالدى بىلەن كۆزلىرىگە توپا چېچىشنى ئادەت قىلغان. ئۇنداق بولمىسا، ئۇلار ئىككىنچى ئوۋغا چىقالمايدۇ. ئۇنى نېمىشقا ئاتقان بولغىيتتىم، دەپ پۇشايماندا قالىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە توپا چاچتىم ... — ئاۋاقنىڭ ئاۋازىدا كۆرەڭلىك جاراڭلاپ تۇراتتى. ئاھۇنى ئاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئاھۇ ھەققىدىكى مۇشۇ بىلىمىدىن خەۋرى بارلىقى ئۈچۈنمۇ كۆرەڭلەيتتى.

www.uyghurkitap.com

ئاتا دۇتارنى قولىغا ئالدى، مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك، سىرلىق بىر ھېكايىنى — «چۆل بىلەن چۆل گۈزىلى، ئىپار ئاھۇسى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى» ھەققىدىكى ھېكايىنى داستان قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ مۇڭلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسىدا مىڭ يىللاردىن بېرى تەكلىماكاندا ياشىغان ئىپار ئاھۇسى، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كەچمىشلەر، ھەسرەت - نادامەتلەر، مۇڭ - زارلار بايان قىلىناتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىپار ئاھۇسى بىلەن ۋىدالىشىش كۈيلىنەتتى.

سالام سىرتقى ئۆيدە، سوزۇلۇپ ياتقان ئاھۇنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى، كۆز ياشلىرى توختىماي سىرغىپ چۈشەتتى. ئاھ خۇدا، نېمىشقا بىر مىنۇت بۇرۇن ئويغانمىدىم؟ سىرتقا بىر مىنۇت بۇرۇنراق چىقمىدىم؟ بىر مىنۇت، پەقەت بىر مىنۇت! مەن ئۇنى بىر مىنۇت بۇرۇنراق، ياق، بىر سېكۇنت بۇرۇنراق ئۈركىتىۋەتكەن بولسام، ئۇ ئامان قالغان بولاتتى. مۇشۇ پاجىئە چۈشۈمدە ئايان بولغان. ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەنلىكىنى، كۆزلىرىدىن قانلىق ياش ئاققانلىقىنى چۈشۈمدە كۆرگەن. مەن ئۇنى قۇتقۇزالمىدىم، ئانامنى قۇتقۇزالمىدىم...

سالامنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ توختىماي سىرغىپ چۈشەتتى. ياش تامچىلىرى ئاھۇنىڭ يۇمشاق، مەيىن تۈۋىتلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئانا ئاھۇنىڭ سوۋۇشقا باشلىغان تېنى ئاشۇ ئىسسىق كۆز ياشلاردىن قايتا ئىسسىقلىق ئالالامسىكىن؟ ئۇنىڭ قۇرۇشقا باشلىغان جېنى ئاشۇ ئىسسىق كۆز ياشلاردىن قايتا ياشارماسمىكىن!؟ ئاھ، ئانا ئوغلىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن قايتا قۇۋۋەت - جان ئالسا - ھە، ئاھ... سالام قولىنى ئاھۇنىڭ كۆكسىگە قويدى. ئۇ سوۋۇشقا باشلىغانىدى. يۈرىكىنىڭ رىتىملىق دۈپۈلدىشىمۇ ئۆچكەن، ئەزەلدىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ باقمىغان يۈرەكتەك جىمىپ كەتكەنىدى. ياق، ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا ئىسسىق ئىدى. سالام ئاشۇ ئىسسىق گەۋدىنى قۇچاقلىغان، ھاياجان بىلەن سوققان يۈرەكنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ مېھرىنى، ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنى ھېس قىلغان... مانا ئەمدى سوۋۇشقا باشلاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇشىمۇ مەڭگۈ ئاڭلانمايدۇ. كۆزلىرىمۇ مۇڭلۇق چاقنىمايدۇ. ئاھ، ھايات نېمىدېگەن نازۇك، خۇددى نېپىز ئەينەك پارچىسىدەك، بىر پارچە سۈزۈك مۇزدەك بىر زەربىدىلا كۇكۇم - تالقان بولسا - ھە؟ ئاشۇنداق بىر دەقىقە ئىچىدىلا تۈگەپ كەتسە - ھە. ئاشۇ ئوتلۇق ياقۇت كۆزلەرنىڭ ئۆچكىنى راستمىكىن؟ ... سالام تەكچىدىن شامنى ئېلىپ ئاھۇنىڭ كۆزلىرىگە يېقىن ئەكەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، سىرغىپ چىققان ئاخىرقى ياش تامچىلىرى ھېلىقى ئاۋاق ئۇۋۇچى چاچقان توپا - تۇماننى مەڭزىگە ئېقىتىپ چۈشكەن، يۈزى — گۈزەل، سۆيۈملۈك جامالى بۇلغانغانىدى... ئانىنىڭ كۆز نۇرلىرى ئۆچۈپتۇ. ئۇنىڭ ھايات چىرىغى مەڭگۈلۈككە ئۆچۈپتۇ. ياق، ئەمدى ئۇ شامغا ئوخشاش قايتا پارلىمايدۇ. كەچتە ئولتۇرۇپ، تاڭدا كۆتۈرۈلىدىغان قۇياشقا ئوخشاش قايتا نۇر چاچمايدۇ. تۈن ئاسمىنىدىكى ئايغا ئوخشاش كۆكتىن مۇڭلىنىپمۇ قارىمايدۇ...

سالامنىڭ پۇتلىرى ئويۇشۇپ كەتكەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلىغانىدى. بەدىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە قولاق سالدى. ئاتىنىڭ مۇڭلۇق ھېكايىسى

ئالدىقاچان تۈگىگەن. ئىچىشۋازلىق قايتا باشلانغانىدى. خوشە، خوش! دېگەن ئاۋاز ياڭرايتتى. كىمدۇر بىرى قەي قىلىپ ياندۇرۇۋاتاتتى. سالامنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. قەلبىدە سەسكىنىش، نەپرەت باش كۆتۈردى، نەپرەت بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى، ئاخىرى قەھىرلىك بىر تۇيغۇغا ئايلاندى.

ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. شامنى جايىغا قويدى، ۋۇجۇدى تىترەيتتى. كۈچلۈك غەزەپ يۈرىكىنى، ۋۇجۇدىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى بىردىن گىرانىت تاشتەك قاتۇردى. بۇ سالامنىڭ سەبىي قەلبىدە پەيدا بولغان قارشىلىشىش تۇيغۇسى — ئېچىنىش ۋە يىغا - زار، نەپرەت ۋە سەسكىنىش، شۇنداقلا ئاشۇلاردىن ھاسىل بولغان غەزەپنىڭ مۇقەررەر داۋامى — گۈلخاندەك لاۋىلدىغان ئۆچ ئېلىش ئىستىكى ئىدى. ئۇنىڭ قول - پۇتلىرى ئاچچىق ھاياجاندىن لاغىلداپ تىترەيتتى. بىر - بىرىگە كىرىشكەن چىشلىرى ئارىسىدىن كارسىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. بارماقلىرى ئالقىنىغا خۇددى ئۇنى تېشىۋەتكۈدەك دەرىجىدە پېتىپ، مۇشتلىرى پولات بازغاندەك تۈگۈلگەنىدى ... ئۇ كاردىۋاتقا يۆلەپ قويۇلغان مىلتىقنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئاھۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئاشۇ يېرىم ئاپتوماتىك ھەربىي مىلتىق ئىدى. مۇزلاپ كەتكەن مىلتىق ستىۋولى سالامنىڭ قوللىرىغا چاپلىشىپ قالدى. سوغۇق، مۇدھىش پولاتنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكى خۇددى جەھەننەمنىڭ يوچۇقىدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. سالام ئىسسىق ۋۇجۇدلارنى سوۋۇتقۇچى، قىزىل قانلارنى ئېقىتقۇچى، نۇرلۇق كۆزلەرنى يۇمدۇرغۇچى بۇ ياۋۇز نەرسىگە نەپرەت بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭدا ئوق بارمىكىن؟ ئاھۇنىڭ جېنىنى ئالغان ئەجەل ئوقىدىن يەنە بارمىكىن؟ ... سالام زاتۋورنى قايرىپ ستىۋولنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئەھۋال مىڭ يىللىق تارىختىكىگە ئوخشاش ئىدى: ياۋۇزلارنىڭ قولىدا گۈمبۈرلەپ سايراپ ئەجەل چاچىدىغان ئوق ئىنتىقام، ئۆچ ئالغۇچىلارغا نۆۋەت كەلگەندە يوق بولۇپ قالاتتى. ستىۋولنىڭ ئىچى قۇرۇق ئىدى. جەھەننەمنىڭ تۆشۈكىدەك قارىيىپ تۇراتتى.

9

غەۋغا كۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا كۆتۈرۈلدى. چۈشكىچە ئۇخلىغان، ئاھۇنىڭ ئېزىلىپ پىشقان گۆشىدىن ئانچە - مۇنچە يەپ، قىزىلمۇچ، قارىمۇچ بىلەن تەڭشەلگەن شورپىدىن ئىچىپ، ھاراقنىڭ بەدبۇي ھىدىنى ئۆزىدىن ھەيدىگەن مېھمانلار يەنە ئۆردەك ئوۋلاشقا چىقماقچى بولۇشتى. ئۇلار قوللىرىنى مىلتىق قويغان يەرگە ئۇزاتقان پېتى تۇرۇپ قېلىشتى. مىلتىقلار يوق ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى، كاردىۋاتنىڭ ئاستى، ئېغىل - قوتانلارنى ئىزدەشتى، تېپىلمىدى.

غەۋغا كۆتۈرۈلدى. قوش ستىۋوللۇق ئوۋ مىلتىقى يوقالسىغۇ چوڭ گەپ يوق، يېرىم ئاپتوماتىك ھەربىي مىلتىق يوقالسا قانداق بولىدۇ؟ قورالىلىق بۆلۈمدىكىلەرگە نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك؟ تۆت جۈپ كۆز ئالىيىپ كەتتى. ئاتىمنىڭ كۆزلىرىمۇ ئالايدى. ھېچكىم كەلمەيدىغان چۆلدە مىلتىقنى كىم ئېلىپ كېتىدۇ؟ جىن ئېلىپ كېتەمدۇ؟ ئاھۇنى ئاتقان ئاۋاقنىڭ كۆزى ئاستا - ئاستا سالامغا تىكىلدى. قالغان ئۈچ جۈپ كۆزمۇ

سالامغا قادالدى. تونۇگۈنكى يەللىق چىرايلارنى مۇز، يېقىملىق كۆزلەرنى ياۋۇزلۇق قاپلىۋالدى. ئوۋ ئوۋلاپ، قان تۆكۈپ ئادەتلەنگەن ئاشۇ كىشلەرنىڭ قىياپىتىدىن رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئاھۇمۇ، ئۆردەكمۇ، ئادەممۇ، ھايۋانمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئوخشاش ئىدى. رەھىمسىزلىك نىشان تاللاپ ئولتۇرمايتتى. تۆت جۈپ كۆز سالامغا رەھىمسىزلەرچە قادالدى. كېچچە سىرتتىكى ئۆيدە ياتقان سەن، مىلتىقلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سەن بىلىسەن. ۋاي ئەخمەق، ئۆزەڭچە ئاھۇنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولۇپسەن ـ دە، ئاھۇ سېنىڭمىدى؟ بىز ئاتساق چۆلدىكى ئاھۇنى ئاتتۇق، سېنىڭ ئېغىلىڭدىكى قوي ـ كالاڭنى ئاتمىدۇق. چۆلدىكى ئاھۇ ــ كىمنىڭ دېگەن ئىگىسىز مال. كىم ئاتسا شۇنىڭ، كىم تۇتسا ئىگىسى شۇ. نېمە بالا، ئۆزۈڭچە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەتتىڭ؟ ئاشۇ بىر ئۆلۈمتۈك كىيىكنى دەپ مىلتىقنى ئوغرىلىدىڭمۇ؟ داداڭنىڭ مونوپولكىسى يوقالماي، بىزنىڭ مىلتىقلىرىمىز يوقالسا، بىز ئۇنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلمەيتتۇقمۇ؟ ۋاي ئەخمەقەي...

ــ مىلتىق قېنى؟ ــ ئاۋاقنىڭ كىچىككىنە كۆزلىرى سالامغا ياۋۇزلارچە قادالدى.

ــ قېنى ئېيت، مىلتىقلارنى نەگە يوشۇردۇڭ؟ ــ تۆت ئېغىزدىن بىراقلا ئېتىلىپ چىققان مۇدھىش ئاۋاز سالامنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۇرۇلدى.



سالام دامبىنىڭ قىرغىقىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يۆلىنىپ ئوۋچىلارغا پەرۋاسىزلارچە قاراپ تۇراتتى. مولۇندەك ھومىيىپ تىكىلىشلەرمۇ، بۆرىدەك ھۇۋلاپ ـ خىرقىراپ ۋارقىراشلارمۇ ئۇنى قورقۇتالمىدى. ئۇ گويا ئاھۇنىڭ ئۆلۈمىگە ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك، ئاھۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەمدى بۇ جاھاندا ئەنسىرىگۈدەك ھېچنېمە قالمىغانلىقىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك، جاھاننىڭ مەنىسىزلىكىنى چۈشىنىۋاتقاندەك پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى. ئاتا سالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى. ئاتىنىڭ ئاشۇ ھەرىكىتىلىرىدە «قورقما ئوغلۇم، قورقما، يېنىڭدا مەن بار...» دېگەندەك بىر ئىپادە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئەمدى تۆت جۈپ كۆز ئاتا ـ بالىغا قادالدى.

ــ ئېيت، مىلتىقلار قېنى؟ ھەي شۇمتەك، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. گەپ قىل، ھېلى بىكار بوينىڭنى چۈجىنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىمەن! ــ سالامنىڭ

ياقسىغا سوزۇلغان يىلتىزدەك ئۇزۇن قوللارنى ئاتىسىنىڭ گەۋدىسى توسۇپ قالدى. ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىمۇ غەزەپتىن ئالايدى. ئالايغان ئىككى جۇپ كۆزدىن چېچىلغان نۇرلار بىر-بىرىگە نەيزە بولۇپ ئۇرۇلدى.

— بالىنى قورقۇتماڭ، نېمىشقا ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىسىز؟ بەلكىم ئاخشام ئاھۇنى ئاتقان خۇشاللىقتا مىلتىقنى يەرگە تاشلىۋەتكەنسىز، قوغىغا كۆمۈلۈپ كەتكەندۇ. يەنە ئىزدەپ باقمايلىمۇ؟ بالىنى قورقۇتۇشقا ھەققىڭىز يوق...

— ۋاي سارالاڭ، چۆل سارىڭى، مەن ئاھۇنى ئىككى مىلتىقتا ئاتاتتىممۇ؟ يەنە بىر مىلتىقمۇ يوق تۇرامدۇ؟ ئاھۇنى ئاتقاندىن كېيىن، قالغان ئوقلارنى چىقىرىۋېلىپ كارىدورنى ئەمگەن يېتىم ئوغلاق ئاھۇنىڭ قىسانى ئالمەن دەپ شۇنداق قىلغان-دە. بىز ئۇنىڭ ئۇنچىلىكنى بىلمەيتتۇقمۇ؟ چوققۇم مۇشۇ شۇم ئوغرىلىغان گەپ...

گەپكە باشلىق ئارىلاشتى.

— ھەربىي مىلتىقنى ئوغرىلاشنىڭ قانداق جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ھەربىي مىلتىق ئوغرىلىغانلار تۈرمىدە سېسىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە سىز بىلەن ئوغلىڭىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. مىلتىق تېپىلمىسۇنچۇ قېنى، مەن سىزنى دەرھال ئېشتىن ھەيدەيمەن. ئۆز قولۇم بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ بېرىمەن. سىزمۇ، ئوغلىڭىزمۇ تۈرمىدە چىرىپ كېتىسىلەر...

ئاتا سالامنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. سالامنىڭ كۆزلىرىدە ئەنسىزلىك ئۇچقۇنلىرى يىلىلداپ قالغان، خۇددى راستتىنلا دادامنى تۈرمىگە تاشلىشارمۇ؟ دادام تۈرمىدە چىرىپ كېتەرمۇ؟ دەپ ئويلاۋاتقانغا ئوخشايتتى. ئاتا ئىككى قولىنى سالامنىڭ ئىككى دولىسىغا قويدى:

— ئېيت ئوغلۇم، قورقما، مىلتىقلارنى سەن تىقىپ قويدۇڭمۇ؟ نەگە تىقىپ قويدۇڭ؟ كۆردۈڭمۇ بۇلارنى، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. بۇلاردىن قۇتۇلماق تەس. ئېيت ئوغلۇم، بىز ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرەيلى. ئۇلار كەتسۇن، بىز ئۇلاردىن تېزرەك قۇتۇلايلى...

سالام ئۈنسىز قاراپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇلار ئالاھەزەل بىرەر مىنۇت تىكىلىشىپ تۇرۇشتى.

— ئېيتماسەن ئوغلۇم، مەيلى، ئېيتمىساڭ ئېيتما. مەن بىلدىم، بىلىپ بولدۇم. سەن مىلتىقلارنى كاچكۇلغا تاشلىۋېتىپسەن، مىلتىقتا نېمە گۇناھ؟ ئۇنى تاشلىۋەتكەن بىلەن ئاھۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىلى بولاتتىمۇ؟ ... بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. مەن بېرىپ مىلتىقلارنى سۈزۈپ چىقاي ...

ئاتا ئۆيىنىڭ ئالدىدىن پالتىنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۈن-تىنسىز كۆلگە چۈشۈپ كاچكۇلنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. تۆت ئېغىزدىن ئەپسانىۋى ھاقارەتلەر ياغاتتى.

— ھۇ، ھارامىلىق...

— ھارامدىن بولغان شۇمتەكنىڭ قىلغان ئىشىنى قاراڭلار...

سالامنىڭ كۆزلىرى تېخىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى.

سۆگەتكە يۆلەنگەن پېتى تۇرۇۋەردى. ئۇ گويا بۇلار بىلەن گەپ تالاشقانلىقى ھاجىتى يوق، دەپ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئاتا مۇزنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ چېقىشقا، كاچكۇلنى چوڭايتىشقا باشلىدى. ئاشۇ چاغدا سالام دامبىسىدىن كاچكۇلنىڭ يېنىغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن بىرىنچى قېتىم سادا چىقتى.

ــ بۇنىڭدا ئەمەس، ئۇ ياقتىكى كاچكۇلدا.

ئاتا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ پالتىنى كۆتۈرۈپ سالام كۆرسەتكەن كاچكۇلنىڭ يېنىغا كەلدى. نېمىگىدۇر ئاچچىقى كەلگەندەك پالتىنى مۇزغا غەزەب بىلەن ئۇردى. ئۇنىڭ سالامغا ياكى ئاھۇنى ئاتقان ئاشۇ قانخورلارغا ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى... ئىش ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ئاتا مۇزنى چېقىپ كاچكۇلنى كېڭەيتىپ ئورنىتىشنى كېڭەيتتى. تۆمۈر ئارا بىلەن مۇزلارنى سۈزۈپ ئېلىۋەتتى. زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇقۇياش نۇرىدا جىمىرلايتتى. ھاۋا بەكمۇ سوغۇق ئىدى. نەشتەردەك ئاچچىق غەرب شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. كەيپى قاچقان ئۆۋچىلار كاچكۇلنىڭ ئەتراپىدا شۈمشىيىپ، تاماكىلىرىدىن توختىماي ئىس چىقىرىشىپ تۇرۇشاتتى. ئاتا كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىدى. سۇغا چۈشۈپ بولغىچە جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ چىداپ تۇرۇپ سۇغا چۈشتى. چۈشمەي بولاتتىمۇ؟ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان مۇنۇ مۇتىھەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئادەمدىن ئەۋزەل بولغان مىلتىقنى سۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئاشۇ مۇز قېتىشقا تەييار تۇرغان كاچكۇلغا چۈشمىسە بولمايتتى. ئاتا سۇغا شۇڭغىدى. سۇنىڭ يۈزىگە ھاۋا كۆپۈكچىلىرى توختاۋسىز لەيلەپ چىقاتتى. سالامغا ئاتىسى سۇ ئىچىدە بەكمۇ ئۇزۇن شۇڭغۇپ تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ قەلبىنى دەھشەتلىك ئەندىشىلىك ئىسكەنجىگە ئالغاندا، سۇ يۈزىدە مىلتىقنىڭ مۇدھىش ئاغزى كۆرۈندى. ئاتا ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى. ئۇ مىلتىقنى ئاۋاقا سۇنۇپ بېرىپ، ئۈچ - تۆت قېتىم قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى - دە، يەنە شۇڭغىدى. سۇ يۈزى داۋالغۇپ كەتتى. قاتار - قاتار مەركەزداش چەمبەرلەر كاچكۇلنىڭ قىرغاقلىرىغا نۆۋەت بىلەن كېلىپ ئۇرۇلدى. سالامغا ئاتىسىنىڭ شۇڭغۇپ تۇرۇش ۋاقتى ئالدىنقى قېتىمدىكىدىنمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىندى. يەنە بىر مىلتىقنى تاپالمايۋاتامدىكىنە؟ ھەر ئىككىلىسىنى بىراقلا تاشلىغاندىمۇ؟ بىرسى تېپىلىپ، يەنە بىرسى تېپىلمايۋاتامدىكىنە؟ ئاھ خۇدا، دادام تۇنجۇقۇپمۇ قالمىغاندۇ، دادامغا بىرەر پېشكەللىك كەلمىسە بولاتتىغۇ، پېيى تارتىشىپقۇ قالمىغاندۇ - ھە... سۇ يۈزى داۋالغۇدى. ئاتىسىنىڭ بېشى سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئۇ بىرھازا ھاسىراپ نەپەس ئالدى. سالامنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئاتىسىنىڭ بۇ قېتىم سۈزۈپ چىققىنى ئاھۇ ئانىنىڭ جېنىنى ئالغان ئاشۇ يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق ئىدى. سالام دۈشمىنىگە قارىغاندەك ھومىيىپ قارىدى.

مىلتىقنى ئاتىسىنىڭ قولىدىن يەنىلا ئاۋاق سۇنۇۋالدى. گويا مىلتىقنىڭ بىرەر يېرى بۇزۇلمىغاندۇ - ھە؟ دېگەندەك دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى.

ــ داتلىشىپ قالماس - ھە؟

ــ پاكىز سۈرتۈپ مايلىۋەتسەك داتلاشمايدۇ.

ئاتا كاچكۇلنىڭ لېۋىگە — مۇزغا ئېسىلاتتى. يامشاتتى، ئۇنى سۇدىن تارتىۋېلىش، ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىش، ئۇنىڭ مۇز ئۈستىگە چىقىۋېلىشىغا ياردەملىشىش ئۈۋچىلارنىڭ ئېسىدىن چىققانىدى، ئۇلار خۇددى ئۆز يېنىدىكى كاچكۇلنىڭ ئىچىدە جان تالىشىپ ئىركەشۋاتقان بىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. سالام قوللىرىنى ئۇزىتىپ كاچكۇلنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كەلمە، تېيىلىپ چۈشۈپ كېتىسەن بالام. يېقىن كەلمە، — ئاتىسىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ گەپكە قولاشمايتتى. سالامغا ئاتىسىنىڭ چىشلىرىنىڭ بىر - بىرىگە كاسىلداپ ئۇرۇلۇشلىرى ئاڭلاندى... ئاتا بىرھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن سۇ ئۈستىگە يامشىپ چىقتى. سوغۇقتىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. مۇز يېرىۋەتكەن بېقىنىدىن قان ئاقاتتى. كۆپكۆك مۇز قانغا بويالدى. ئاتىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى — مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىدىغان لەۋلىرى، دۇتار - ئىسكىرىپكا پەدىلىرى ئۈستىدە ئوينايدىغان قوللىرى تىترەيتتى. سالام ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە جۇۋىسىنى ياپتى. ئۇنى مۇز ئۈستىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۆتۈكىنى قوڭالتاقلا كەيگۈزۈپ ئۆيگە يۆلەپ ئېلىپ كەلدى.

ئۈۋچى مېھمانلار كەتتى. ئۇلارنى ھېچكىم ئۇزىتىپ قويمىدى. ئۇلارمۇ ھېچكىمگە خوش دېمىدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ملتىقلىرىنى ساق ئېلىپ كەتتى. يەنە ئاخشامقى زىياپەتتىن ئاشقان ئۆردەكلەرنى، بېلىقلارنى، ئاھۇنىڭ گۆشىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەر ئىچىدە ئۇلار تونۇگۇن ئاتقان، لېكىن يوشۇرۇپ سومكىلىرىغا تىقىپ قويغان ئىككى ئاق قۇمۇ بار ئىدى. بۇ تەھقىقكى سالامنىڭ چۈجىلىرى ئىدى...

سالام ئاتىسىنىڭ يېنىدا پايپېتەك بولدى. ئاتىسىنى يوتقان - جۇۋىلار بىلەن چۈمكىدى. ئىسسىق چاي ئىچكۈزدى. مەشكە ئوت ياقتى، ئۇ ئاتىسىنى ئىسسىتماقچى، ئۇنىڭ كۆكىرىپ، ئۈيۈشۈپ كەتكەن بەدەنلىرىنى يەللىتماقچى بولاتتى... كەچكە يېقىن ئاتا قاتتىق ئىسسىتمىداپ كەتتى. سالام قولىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگكۈزگەنىدە خۇددى ئوتتەك بىلىندى. لېكىن ئاتا «توڭدۇم، توڭۇپ كەتتىم...» دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى. تاڭغا يېقىن ھوشىدىن كەتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ توختىماي جۆيلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاھۇنىڭ، ئانىنىڭ، ئوغلىنىڭ يەنە ئاللىقانداق نېمىلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ جۆيلۈيتتى. ئاتا بىر كېچە - كۈندۈز توختىماي جۆيلىگەندىن كېيىن جىمىپ قالدى. سالام ئۇنىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويدى. قولىنى ئاتىسىنىڭ قويىنىغا تىقىپ يۈرىكىنى تۇتۇپ باقتى. ئاتىسىنىڭ بەدىنى خۇددى ئالدىنقى كۈنى ئۆلگەن ئاھۇنىڭ بەدىنىدەك مۇزلاپ كەتكەنىدى...

سالام بىردىنلا ئادەم بالىسى ئاڭلىسا پۈتۈن ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ كەتكۈدەك ئېچىنىشلىق ئاۋازدا چىرقىرىۋەتتى. ئاتىنى قۇچاقلاپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇردى. ياقىسىنى يىرتىپ، كىيىملىرىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرقىرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازى كۆلدىكى مۇز ئۈستىدە ئەكس سادا چىقاردى. كۆلنىڭ نەم ھاۋاسى تىترەپ كەتتى. بىپايان چۆل — مۇشۇ ئۇلۇغ تەكلىماكان ئۆزۈندىن بېرى بۇنداق دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

سالام جىم بولۇپ قالدى. ئۇ تولا يىغلاپ چارچىغان، ھالىدىن كەتكەنىدى. دادىسىنىڭ جەسىتىگە تىكىلگىنىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بويىنىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان ئىپار ئاھۇسىنىڭ چىرايلىق بېشىمۇ بار ئىدى. ھېلىقى ئۇۋچىلار ئاھۇنىڭ گۆشىنى ئېلىپ كەتكەن، لېكىن بېشىنى كېسىپ تاشلاپ قويغانىدى. ئاھۇنىڭ يېرىم ئوچۇق قالغان كۆزلىرىدە ئەمدى ياقۇت پارلىمايتتى، قىپقىزىل چوغمۇ پىلىلدىمايتتى. ئۇنىڭ چاناقلىرىدا ھېلىقى ئاۋاق ئۇۋچى چاچقان توپا-تۇمان تولۇپ تۇراتتى... ئوغۇل ئاشۇلارغا قاراپ ماتەملىك سۈكۈناتقا چۆكتى. ئۇنىڭ سۈكۈناتى مۇشۇ تەكلىماكاننىڭ، ئۇلۇغ ئانا چۆلنىڭ مەڭگۈلۈك سۈكۈناتىغا ئوخشايتتى. سالامنىڭ مېڭىسىمۇ سۈكۈناتقا چۆمگەنىدەك ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتى، خىيالىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى، ھېچنېمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. شۇ كۈنى ئۇ ھېچنېمە يېمىدى، ئەتىسىمۇ ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىدى. قورسىقىنىڭ ئاچقان-ئاچمىغانلىقىنى بىلەلمەيتتى. تاماق يېيىش كېرەكلىكىمۇ ئېسىگە كەلمەيتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ جەسىتىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. چۆل شاماللىرى، چۆل ئاپتىپى بىلىنەر-بىلىنمەس ئىز سېلىپ ئۆتكەن بوغداي ئۆڭ چىرايىدا چەكسىز بىر مۇڭ، دەرد-ھەسرەت بەلگىلىرى قېتىپ قالغانىدى.

ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدا، ئۇنىڭ خىيالىدا لىپپىدە بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. ئەنە، كەڭ تاشيولدا ھەيۋەتلىك مەخلۇق — ئاپتوبۇس گۈركىرەپ ۋە قويۇق چاڭ-تۇزان تۇزۇتۇپ كەلمەكتە. ئۇ غىچىلداپ ۋە پۇشۇلداپ يولنىڭ لېۋىدە توختىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى يەرگە سەكرەپ چۈشتى ۋە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە «ھەي پەخسىق، ئاران ئىككى تال بېلىق ئەكەلدىڭمۇ؟» دېدى. بۇ كىم بولغىيدى؟ ھە، شوپۇر، ئاتىسىنىڭ شوپۇر ئاغىنىسى. سالام بۇ خىيالى مەنزىرىدىن ئەقىل تاپقاندەك بولدى.

سالام ئورنىدىن تۇردى. ئاتىسىنىڭ جەسىتىگە تىكىلدى. ئاتىسىغا ئۈنسىز ھالدا خىتاب قىلدى: جېنىم دادا، مېنى كەچۈر، سېنى يالغۇز قالدۇرىدىغان بولدۇم. مەن تېزلا قايتىمەن، شوپۇر تاغامنى، سېنىڭ دوستۇڭنى باشلاپ كېلىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن بىز يەنە بىللە بولىمىز. ھەر دائىم بىللە بولىمىز...

سالام ئارقىسىغا يۈرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بوغىزىغا نېمىدۇر تىقىلغاندەك بولۇپ، كۆزىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى.

شەرق تەرەپتىكى ئۇپۇق قىزارغانىدى. ئۇ خۇددى ئانا ئاھۇنىڭ قېنىغا، ئاتىسىنىڭ مۇز ئۇستىگە تامغان قېنىغا ئوخشاش قىزارغانىدى. (تۈگىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئابدۇغوپۇر ئابدۇراخمان

# ئىككى ھېكايە

## ئازاب

قابىل دالاننىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ، دادىسىنىڭ قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە دەرۋازىدىن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— دادام كىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ دەرھال ئاپىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

— ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەت، سېنى ئۇرۇپ قويمىسۇن، — دېدى ئاپىسى.

ئۇ دەرھال ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئۈستىگە ئورۇن - كۆرپىلەر تىزىلغان سىم كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋالدى.

ھايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاۋۋال ئۆي ئىشىكىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى، ئاندىن دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ پارىڭى ئاڭلاندى:

— قابىل كىردىمۇ؟

— كىردى.

— قېنى ئۇ ھارامزادە؟

— ھېلىراقتا مۇشۇ ئۆيدە بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى.

— قارىمامسەن، ئۇ بەدقىلىقنىڭ سەۋەبىدىن رەجەپكامىلارنىڭ تويىدا بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىك بولدى.

— مەنمۇ ئاڭلىدىم، ھەممىنى قابىل ماڭا ئۆزى ئېيتىپ بەردى، — دېدى ئاپىسى ئاستا ئاۋازدا.

— ھە، مۇنداق دە، ئەتىگەن قودۇق بېشىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى ئۇققاندىن كېيىن ئوبدان بىر ئۇچۇغداپ قوياي، دەپ قارىسام ھېچنەدە يوق. ئەسلىدە ئۇ يەردە بولغان ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋېلىپ قېچىپتىكەن - دە، ئۇ.

— بولدى، خاپا بولماڭ، — دېدى ئاپىسى قابىلغا يان بېسىپ، — ئۇمۇ قىلغان ئىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. سىزدىن قورقۇپ ھەم خىجىللىقتا ئۆزىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي يۈرىدۇ. مەنمۇ بىرمۇنچە گەپ قىلدىم. شۇمۇ يېتەرلىك، تېخى كىچىك ئەمەسمۇ، بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان چېغى.

— ھازىر چوڭ كىشىلەرگە ئاشۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلغىلى تۇرسا، بۇندىن

كېيىن قانداق بولماقچى؟ — دېدى دادىسى خاپا بولۇپ.

قابىلنىڭ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى، چۈنكى دادىسىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتتى. ئۇ قاتتىق غەزەبلەنگەندە ئاۋازى تىترەيدىغانلىقىنى قابىل بىلەتتى.

قابىل قورقۇنچ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغاندا، سىرتتىن بىرەيلەننىڭ ئۇنىڭ دادىسىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. دادىسى سۆزىنى توختىتىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. هويلىدىن:

— رەجەپكام سىزگە قاراپ قالدى. مەسلىھەتلىشىدىغان جىددىي ئىش چىقىپ قاپتۇ. چاپسان چاقىرىپ كەل، دەپ مېنى ئەۋەتكەنتى، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

سىرتتا دەرۋازىنىڭ قاتتىق جالاقلاپ يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قابىل، ماياققا چىقىپ ئولتۇر، بالام، — دېدى ئۇنىڭ ئانىسى، — مەنمۇ چىقىپ رەجەپكامنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەي. سەن قورقماي ئولتۇرۇۋەر، مەن ئۇ يەردە داداڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرىمەن، ئۇ ئۆيگە قايتقاندا مەنمۇ بىللە قايتىمەن.

ئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قابىل دالاندىكى سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە خۇددى قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك جىمىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇكىسى قابىلغا نېمىلەرنىدۇر سۆزلەۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى قابىلنىڭ قۇلىقىغا كىرگىنى يوق. چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۈگۈن يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ۋەقە كېلىۋاتاتتى.

بۈگۈن دادىسى ئۇنى بەك سەهەر ئويغاتتى:

— بۈگۈن يەكشەنبە بولغانلىقى سەن مەكتەپكە بارمايسىلەرغۇ‌ھە. ئورنۇڭدىن تۇرە، چىقىپ رەجەپكامنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە ياردەملەش. قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە توي بولۇۋاتسا ياردەملەشمىسەك سەت بولىدۇ.

دېگەندەك، بۈگۈن ئۇلارنىڭ قوشنىسى رەجەپ بوۋاي ئوتتۇرانچى قىزى جۇهەر بۇۋىنىڭ تويىنى قىلماقچىدى.

ئۇ ئەتىگەنلىك چايىنى چالا - بۇلا ئىچىپلا رەجەپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىردى. تويدا خىزمەت قىلىدىغانلار ئالدىراش ھەرىكەت قىلماقتا. قابىلنىڭ دادىسى بىردەم ئۇ كىشىنى، بىردەم بۇ كىشىنى چاقىردۇۋېلىپ، نېمىلەرنىدۇر جىكىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى مەھەللىدە بولىدىغان توي-تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. قابىلغا باشقا بىر-مۇنچە بالىلار بىلەن بىللە هويلىدىكى باسما قۇدۇقتىن سۇ تارتىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى.

تويغا ئەڭ بىرىنچى بولۇپ مەسچىتتىن يانغان بىر توپ جامائەت كىردى. ئۇلاردىن كېيىن بىردىن - ئىككىدىن كېلىۋاتقان مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قابىل بولسا ھەممىنى ئۇنتۇپ، باسما قۇدۇقنىڭ تۆمۈر تۇتقۇچىنى كۈچ بىلەن ھەرىكەتلەندۈرمەكتە ئىدى. تۇرۇبىدىن چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ يەردىكى چېلەككە ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز قابىلنىڭ يېنىدا تۇرغان ساۋاقدىشى ھەمدۇل ئۇنىڭ بېقىنىغا نوقۇدى.

— توختاپ تۇرە، ئاۋۇ ياقتا بولۇۋاتقان گەپنى ئاڭلايلى.

قابىل ھەرىكەتتىن توختىدى. بۇ ۋاقىتتا هويلىدىكى ۋاڭ - چۇڭلار، كۈلكە - چۇقانلار بېسىلغان بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ



كۆزى پېشايۋاننىڭ سۇپىسى يېنىدا تۇرغان تۇي ئىگىسى رەجەپ بوۋاي بىلەن مۇشۇ مەھەللىنىڭ قادىر بوۋايغا تىكىلگەنىدى.

— قادىركام ئاجايىپلا ئادەمكەنغۇ، — دېدى ھەمدۇل كۆزىنى ئۇلاردىن ئۈزمەي تۇرۇپ، — ئۇ ھويلىغا كىرگەندە رەجەپكام ئالدىغا بېرىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن كۆرۈشۈشكە قولىنى ئۇزاتقانتى، قادىركام قولىنى بەرمىدى. رەجەپكامغا ئالىيىپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دەپكەتتى. نېمە دېگىنىنى ئاڭلىيالمىدىم.

قابىلمۇ نېمە بولغانلىقىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قارىدى. قادىر بوۋايىنىڭ سەپكۈنلۈك يۈزى تاتىرىپ كەتكەن، بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئۆزلۈكسىز لىپىلداپ تۇراتتى. رەجەپ بوۋاينىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىق، گاڭگىراش ئىپادىسى؛ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ئاداش، ئاۋۋال ئۆيگە كىر، — دېدى رەجەپ بوۋاي قادىر بوۋايغا ئېگىلىپ تۇرۇپ، — ھەر قانداق گەپ بولسىمۇ كېيىن قىلىشايلى، ئۇرساڭمۇ، تىللىساڭمۇ مەيلى.

— كىرمەيمەن، — قادىر بوۋاي غەزەبلىك ۋارقىرىدى، — مەندەك تەخەي سەندەك ھۆرمەتلىك ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرسە قاملاشمايدۇ.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، مەن ھېچنېمىنى...

قادىر بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى پەشمىتىنىڭ تۆش يانچۇقىغا تىقىپ، بىر تال قىزىل باغاقنى چىقاردى-دە، رەجەپ بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئالە بۇ نېمەڭنى، چېكەڭگە تاڭ، — دەپ ۋارقىراپ باغاقنى رەجەپ بوۋايغا قارىتىپ ئاتتى، — ھەر كۈنى ئاغزىڭدا دېيىشمۇ ئاتقىنىڭ يەتمىگەندەك باغاقمۇ يېزىشقىلى تۇردۇڭمۇ ئەمدى. قېرىغان ئادەمگە ئېغىر كېلەر، دەپ ئويلاشمىدىڭمۇ؟!

قادىر بوۋايىنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىققان باغاق رەجەپ بوۋاينىڭ يۈزىگە تېگىپ، ئاستا لەيلەپ يەرگە چۈشتى. رەجەپ بوۋاي ئېڭىشىپ يەردىن باغاقنى ئېلىپ كۆزدىن يىراق تۇتۇپ قارىدى-دە، قېلىن قاشلىرى سەكرەپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا بىرەيلەن كېلىپ رەجەپ بوۋاينىڭ قولىدىن باغاقنى ئېلىپ مېھمانلار بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇ ھامان ھويلىدا قابىلنىڭ دادىسى پەيدا بولدى. ھېلىقى باغاق ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ قادىر بوۋاينىڭ قولىدىن تارتتى:

— قادىركا، ماياقتا كەلگىنە، ساڭا گېپىم بار.

— ياق ئۇكا، بۈگۈن سەن ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا، ئاندىن سېنىڭ گېپىڭنى مەن ئاڭلايمەن، — قادىر بوۋاي ئورنىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوزغالماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— قادىركا، بۇ ئىشنى رەجەپكامدىن كۆرمە، باغاقنى باشقىلار يازغان، — دېدى قابىلنىڭ دادىسى يىغلىنىپ.

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، توي ئىگىسى بولغاندىكىن بۇ ئىشقا ئۇ ئۆزى جاۋاپ بېرىدۇ، — قادىر بوۋاي قابىلنىڭ دادىسىغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ رەجەپ بوۋايغا بۇرۇلۇپ دېدى، — بىزنىڭ ئۆيدىن سوراپ ئەپچىققان داستىخان، چىنە-قاچا، لېگەنلىرىمنى هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەپچىقىپ بەر. ئېلىپ كېتىمەن. تەخەينىڭ نەرسىلىرى سېنىڭ تويۇڭدا ئىشلىتىشكە يارىمايدۇ. چىدىماسكەن دېيىشسەڭمۇ مەيلى، پەرۋايىم پەلەك.

قابىلنى قورقۇنچ بېسىپ، پۇت-قولىدا جان قالمىدى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ ۋەقەنىڭ تېپتىنچ بېسىلىپ قېلىشىنى تىلىمەكتە ئىدى.

قابىلنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز دادىسىغا تىكىلدى. ئۇ باغاققا قايتا-قايتا قارايتتى، بارغانسېرى قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپمەكتە ئىدى.

قابىلنىڭ دادىسى ئۇياق بۇياققا بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن بىردەم ئويلىنىپ تۇردى-دە، ئاخىرى رەجەپ بوۋايدىن سورىدى.

— قادىركاملارنىڭ كوچىسىنىڭ باغىقىنى كىم يازغان؟

— بۇ كوچىنىڭ باغىقىنى... — رەجەپ بوۋاي قابىلنىڭ دادىسىنىڭ چىرايىغا لەپپىدە قارىدى-دە، دەرهال سۆزدىن توختىۋېلىپ، بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى. كېيىن جىگەررەڭ مانچىستىر دوپپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ، ئاقىرىپ كەتكەن بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى: — كىم يازغانلىقى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئىش قىلىپ شۇ كۈنى باغاق يېزىشقا خېلى جىق ئادەم قاتناشقان. بولدى قوي، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىسەن.

— بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرمىسەك بولمايدۇ، رەجەپكا، — دېدى قابىلنىڭ دادىسى ۋە هويلىدىكى كىشىلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— بۇ تويىنىڭ باغىقىنى يازغانلار ئاشخانا ئۆيگە كىرىڭلار! — باغاق يازغانلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك بۇ يەردە بار ئىدى. ئۇلار بىر-بىرلەپ ئاشخانا ئۆيگە مېڭىشتى.

ئىش يامان تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. مانا بىر دەمدىن كېيىنلا دادىسى باغاقنى قابىلنىڭ يازغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا كېلىدىغان جازا يېنىك بولمايدۇ. بۇنداق بولىدىغانلىقى دادىسىنىڭ ئەلپازىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ! قابىلنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ بۇ توغرىلىق ئويلاۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي، هويلىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. دەرهال ئۆيگە كىرىپ ئاپامنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىشىم كېرەك. مېنى پەقەت ئاپاملا دادامنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئۇ هاسىراپ-هۆمۈدەپ ئۆيگە كىرگەندە ئۇنى كۆرۈپ ئاپىسىنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى.

— نېمە بولدۇڭ، چىرايىڭ بىر قىسمىلا بوپ كېتىپتىغۇ، — دېدى ئاپىسى ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— مەن باغاق يازغاندا... باغاق يازغاندا... — قابىل ئۆپكىسى ئاغرىغا تىقىلىپ گەپ قىلالماي قالدى.

— ئالدىرىماي ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ گەپ قىلغىنا، — ئاپىسى مەدەتلەندۇرۇش نەزەرىدە ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئۇ تەستە ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇپ، بولغان ئىشلارنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بەردى.

— سەن نېمىدەپ باغاق يېزىشقا ئارىلىشىپ قالغانسەن، بالام، — دېدى ئاپىسى سەل ھەيران بولۇپ.

— رەجەپكام ئۆزى يېزىپ بەر دېگەنىتى.

ھەقىقەتەن قابىلنى باغاق يېزىپ بېرىشكە رەجەپ بوۋاي ئۆزى تەكلىپ قىلغانىدى.

بۇندىن ئىككى كۈن بۇرۇن كەچتە قابىل مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، رەجەپ بوۋاي قابىلنى باغاق يېزىشقا ياردەملەشتۈرگەنىدى، ئۇ رەجەپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ باغاق يېزىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ يان كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆي رېتى بويىچە بىر باشتىن باغاققا يېزىپ كېلىپ، قادىر بوۋايغا كەلگەندە، بىردىنلا ئۇنىڭ «تەخەي» دېگەن لەقىمى ئېسىگە چۈشۈپ قالدى. (بۇ لەقەم ئۇنىڭغا قاچان ۋە نېمە سەۋەبتىن قويۇلغانلىقىنى قابىل بىلمەيتتى.) شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شەيتانلىقى تۇتتى - دە، لەقىمى بىلەن قوشۇپ يېزىپ قويدى. ئۇ باغاقنى يېزىۋاتقاندا تويى كۈنى بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى...

قابىل دالاندىكى سۇپىنىڭ كىرۋىكىدە — باياتىنقى ئورنىدا يەنە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ يامان ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. رەجەپ بوۋاينىڭ تەڭقىسلىق ئىچىدە قېيىنىلىپ تۇرغان ھالىتى، قادىر بوۋاينىڭ دىلى ئازار يېگەن كىشىلەرگە خاس بىئارام قىياپىتى، دادىسىنىڭ تىت - تىتلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان چىرايى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلمەكتە ئىدى. ھەتتا ئۇنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق خاپا بولۇپ: «بەك ئەدەپسىزلىك قىپسەن بالام، بىچارە رەجەپكام ساڭا ئىشەنچ قىلىپ شۇنداق بىر مۇھىم ئىشنى تاپشۇرسا، سەن ئۇنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويۇپسەن» دېدى. بىچارە رەجەپ بوۋاي شۇنچە تەڭقىسلىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ دادىسى باغاقنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقارمىدى. ئۇنى ئايىدى. بولمىسا رەجەپ بوۋاينىڭ ھېلىقى باغاقنى ئۇنىڭ يازغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قابىل مۇشۇلارنى ئويلاپ، ۋۇجۇدىنى غايەت ئېغىر بىر نەرسە بېسىپ تۇرغاندەك، يۈرىكىنى قانداقتۇ بىر يىرتقۇچ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويۇش، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى رەنجىتىش نېمىدېگەن ئازاب - ھە! ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى.

# كۆز يېشى

كەڭ يولدا ھەممىمىز يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمىز. ئارقامدا ناھايىتى كۆپ بالىلارنىڭ پاقىلداپ قەدەم تاشلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. كىملەردۇر ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئالدىمدا پەقەتلا ئۈچ بالا جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئارقامدىكىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈۋالالمىسا، مۇشۇ ھالەتتە يۈگۈرۈپ كېتىۋەرسەك، مەن بەلگىلەنگەن جايغا تۆتىنچى بولۇپ يېتىپ بېرىپ مۇكاپات ئالالايمەن. مۇئەللىم «بۇ قېتىمقى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىدىن تارتىپ ئونىنچى بولغانلارغىچە مۇكاپات بېرىلىدۇ» دېگەن. بولتۇر يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىدىن سەككىزىنچى بولغانلارغىچە مۇكاپات بېرىلگەن. بولتۇر مەن ئاغرىپ قېلىپ قاتنىشالمىغان. بالىلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇلارغا دەپتەر، قەلەم مۇكاپات بېرىپتىكەن. تۆتىنچى بولغانلارغا قانچە دەپتەر بېرىۋېتىدىكىن، بۇ يىل ماڭا پەقەت ئىككى دەپتەر بەرسىلا بولاتتى. ئىككى تاپشۇرۇق دەپتىرىم كەم. تاپشۇرۇقلارنى باشقا بالىلار دەپتەرگە ئىشلەپ مۇئەللىمگە تاپشۇرىدۇ. مەن بەزىدە باشقا دەپتىرىمنىڭ ۋاراقلىرىنى يىرتىپ، بەزىدە بالىلاردىن قەغەز سوراپ ئىشلەپ تاپشۇرىمەن. دەپتەرنى يىرتىۋەرسە بولمايدىكەن. تاپشۇرۇقنى ھەر قېتىم بىر ۋاراق قەغەزگە ئىشلەپ تاپشۇرغىنىمدا مۇئەللىم رەنجىپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلساڭ دەرسنى ياخشى ئۆگىنەلمەيسەن، دەيدۇ. مەن «تاپشۇرۇق دەپتىرىم يىتىپ كەتتى، بۇندىن كېيىن دەپتەرگە ئىشلەيمەن» دەپ يالغان سۆزلەيمەن. بۇنداق يالغان گەپلەرنى قىلغاندا بەك ئىزا تارتىپ كېتىمەن. بىر كۈنى مۇئەللىمگە مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغان چېغىمدا مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىۋاتقان ئابلەت دېگەن بالا «يۈزۈڭ تەرلەپ سۇ بولۇپ كېتىپتىغۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ قويۇپ تەتۈر قارىۋالدىم.

ئۆتكەن يىلى دادام ئۆلۈپ قالغاندا بەك يىغلىدىم. شۇ چاغدا ھېكىماخۇن كىچىك دادام يېنىمغا كېلىپ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «يىغلىما، مەن بار. داداڭنىڭ ئورنىدا سىلەرگە قارايمەن» دېگەنىدى. شۇ چاغدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمىشقىدۇر تېخىمۇ بەك يىغلاپ كەتكەنىدىم. كېيىن ئۇ، شۇ كەتكەنچە بىزنىڭ ئۆيگە ئۇزۇنغىچە كەلمىدى. پەقەت ئاپام دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا بىر قېتىملا كېلىپ قويۇپ، ھازىرغىچە يەنە كەلمىدى. ئۇ كەلسە ئىككى دەپتەر ئالغۇزاتتىم.

ئۆتكەندە مەھەللىمىزگە ئۇستىخان سېتىۋالىدىغان ئادەم كەپتىكەن. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇستىخان يىغىپ قويماپتىمەن. ئۇستىخاننى پۇلغا ئالىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىرمۇنچە ئۇستىخان يىغىپ تامنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەپ قويدۇم. ھەر كۈنى يولغا قارايمەن. لېكىن ئۇستىخان ئالىدىغان ئادەم نېمىشقىدۇر تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ...

ئارقامدىن پاقىلدىغان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. قايسىدۇر بىر بالا مەندىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان

ئوخشايدۇ. مەن ئارقامغا قارىدىم. جۇرئەت
دېگەن بالا مەندىن پەقەت ئىككى قەدەملا
يىراقتا كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزى-
رىپ ئىسسىپ كېتىپتۇ. پۈتۈن گەۋدىسىنى
ئالدىغا تاشلاپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، كۈ-
چىنىڭ بارىچە يۈگۈرەۋاتىدۇ. يەنىمۇ قات-
تىق يۈگۈرەي. ئۇ ئالدىمغا ئۆتۈۋالسا
بولمايدۇ.

ئاپلا، چاتاق بولدى! ئىشتىنىمنىڭ
تاسمىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەمدى قانداق
قىلارمەن. يۈگۈرۈۋەرسەم ئىشتىنىم چۈشۈپ
كېتىدۇ. بالىلارنىڭ، مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىدا
ئىزاغا قالىمەن. يۈگۈرمىسەم مۇكاپاتتىن
قۇرۇق قالىمەن. تاپشۇرۇق دەپتىرىم يەنە
كەم پېتى تۇرۇۋېرىدۇ.

بۇ تاسمىنى رەھمەتلىك دادام ئېلىپ
بەرگەن. ئۆتكەن ھەپتە مەكتەپتىن كېلى-
ۋاتسام، يولدا ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى، بالى-
لارغا چاندۇرماي بىر قولۇم بىلەن ئىشتىنىم-
نى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆيگە بېرىۋالدىم. ئاغ-
رىق ياتقان ئاپام ئورۇن - كۆرپىلەرگە يۆ-
لىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇلاپ بەرگەنىدى. ھازىر
ئاشۇ ئۇلىغان جايىدىن ئۈزۈلۈپتۇ.

مەن بىر قولۇم بىلەن چۈشۈپ كېتەي
دەۋاتقان ئىشتىنىمنى يۇقىرىغا تارتىپ تۇرۇپ
يۈگۈرۈۋەردىم. ئېمىشقىدۇر پۇتلىرىم ئەپ-
سىزلىنىشۋاتاتتى.

ئاھ، يامان بولدى. نېمە بولغانلىقىنى
بىلمەيلا قالدىم. بىردىنلا ئىشتىنىمنى يۇ-
قىرىغا كۆتۈرۈۋالغان قولۇم بوشىشىپ، ئىش-
تىنىم تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئىككى پۇ-
تۇم باغلاپ قويۇلغاندەك بولۇپ، يەرگە دو-
مىلاپ يىقىلدىم. شۇ ئارىلىقتا يېنىمدىن
پاقىلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياغ ئاۋاز-
لىرى، ھاسىراشلار ئاڭلاندى. كۆزۈمگە
ئاچچىق ياش كەلدى. ئەمدى مەن پەللىگە
20 - ، ھەتتا 30 - بولۇپ ياكى ئەڭ ئاخى-
رىدا يېتىپ بارىدىغان ئوخشايمەن. مۇكا-
پاتمۇ يوق بولدى.



تۇيۇقسىز بىرەيلەن مېنى كۆتۈرۈپ
ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى.

— قاتتىق چۈشتۈڭمۇ؟ — بۇ بىزنىڭ مەك-
تەپ مۇدىرىمىزنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئۇستۇم-
دىكى توپىلارنى قېقىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى. —
يىغلاۋاتىسەنغۇ، بىر يېرىڭ ئاغرىپ كەتتىمۇ؟
بولدى، يىغلىما، ماياققا قارا، — ئۇ ئېقىۋات-
قان كۆز ياشلىرىمنى ئالقىنى بىلەن سۈرتتى.

— ئىشتىنىم چۈشۈپ كېتىپ ... — مەن
يىقىلىپ چۈشۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭغا چۈ-
شەندۈرمەكچى ئىدىم، لېكىن گېپىمگە بىر
نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ سۆزۈم-
نىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدىم.

— ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم، — دېدى
مەكتەپ مۇدىرى، — مەن سىلەرنى كۆزىتىپ
يولنىڭ چېتىدە كېلىۋاتاتتىم، ماڭا قارا،

uyghurkitap.com

يەنە يىغلاۋاتسەنغۇ.

— ئەمدى مۇكاپات ئالالمايدىغان بولدۇم، ئىككى دەپتەر ...

— نېمە ئىككى دەپتەر؟ — مەكتەپ مۇدىرى ئىككى مۈرەمدىن تۇتۇپ كۆزۈمگە تىكىلدى، — دەپتىرىڭ يوقمىدى؟

— يوقتى، تاپشۇرۇق دەپتىرىم ...

— ئۆيۈڭ نەدە؟

— بەشكۆۋرۈكتە.

— ئۆيۈڭدە كىملەر بار؟

— ئاپام.

— باشقىلارچۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوقمۇ؟

— دادام ئۆلۈپ قالغان.

مەكتەپ مۇدىرى بىر قولۇمدىن تۇتۇپ ئاستا كېتىۋېتىپ، مەندىن يەنە كۆپ گەپ سورىدى. ھەممىگە جاۋاب بەردىم، مەندىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ:

— بولدى، ئەمدى يىغلىما، ساڭىمۇ مۇكاپات بېرىمىز. ياخشى يۈگۈردۈڭ، — دېدى ـ دە، ماڭا قاراپ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا قاراپ كەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايى غەلىتىلا كۆرۈنەتتى.

ئەتىسى چۈشتە مەكتەپتىن قايتىدىغان چاغدا سىنىپ مۇدىرىمىز مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى.

— مانا بۇ ئالتە دانە دەپتەر سېنىڭكى، خەت ياز، بۇ تاسمىمۇ سېنىڭ. ئىشتىنىڭغا باغلا. بۇندىن كېيىن نېمە قىيىنچىلىقىڭ بولسا ماڭا ئېيت، — دېدى ئۇ.

چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاغزىدىن مېنىڭ ئىسمىم چىقىۋاتاتتى. مەن قىزىقىپ ئىشىك يارىسىز توختاپ تىڭشىدىم.

— ئۇنىڭغا ئوخشاش قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار باشقا سىنىپلاردىمۇ بولۇشى مۇمكىن، سىنىپ مۇدىرلىرى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ، قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ ماڭا تاپشۇرۇڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئۇلارغا ياردەم بېرىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرەيلى ...

مەكتەپ مۇدىرى توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. مەن پۇتۇمنى ئاستا يۆتكەپ، دېرىزە تۈۋىدىن يىراقلاشتىم. نېمىشقىدۇر كۆزلىرىمگە يەنە ياش كەلگەنىدى. لېكىن بۇ ياش تۈنۈگۈنكى ياشلىرىمغا ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. شۇدەم توختىماي يۈگۈرۈپ، ھەر خىل قىلىقلارنى قىلغۇم، ناخشا ئېيتقۇم كېلىپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

يارمۇھەممەت تۇرسۇن

# گۆش يېمەيدىغان بالا

(ھېكايە)

نۇرغۇن باللار گۆشكە ئامراقلىقىدىن ئاتا-ئانىسىنىڭ قاچىسىدىكى گۆشلەرنى تېرىپ يەۋالىدۇ. بىراق دىلمۇرات گۆش يېمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قاچىسىغا چىققان گۆشلەرنىمۇ تېرىپ ئېلىۋېتىپ، ئاندىن تاماقنى يەيدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، مۇنداق بىر ۋەقەنى ئەلەم بىلەن ئەسكە ئالىدۇ:

بۇ، دىلمۇراتنىڭ 11 ياشقا كىرگەن مەزگىلى ئىدى، سەھرادىكى تاغىسى ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بولغان، تۈكلىرى قاپقارا، بۇدرۇققىنا بىر قوزىچاقنى ئېلىپ دىلمۇراتلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— ئوغلۇم، بۇ قوزىنى سېنى بېقىۋالسۇن دەپ ئەكەلدىم، مە، ئال، — دەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قوزىغا قاراپ تۇرغان دىلمۇراتنىڭ قولىغا قوزىنى باغلىغان تانىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. شۇ كۈندىن باشلاپ دىلمۇرات قوزىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ باقتى. ئۇنى يېنىدىن ئايرىماي، ھەتتا تاماق يېگەن ۋاقتىدىمۇ ئۇنى يېنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ تاماقنى يەيدىغان بولدى. قوزا تېزلا دىلمۇراتقا ئىجىل بولۇپ قالدى، تانىدا باغلىۋالمىسىمۇ، دىلمۇراتنىڭ ئارقىسىدىن چىقمايدىغان، ئەتىگەندە ئېغىلدىن چىقىپلا دىلمۇراتنى ئىزدەپ مەرەيدىغان، دىلمۇرات مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە دىلمۇراتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭغا بېشىنى سۈركەپ، قوللىرىنى پۇراپ كېتىدىغان بولدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قوزا چوڭىيىپ ئەت ئېلىپ، چىرايلىقلىشىپ كەتتى. دىلمۇرات ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا قوزىچاقنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆستەڭ بويىغا ئاپىرىپ بېقىپ كېلەتتى، كەچتە يۇلۇپ كەلگەن ئوتلارنى قوزىنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەپ قويۇپ، قوزىنىڭ ئوت يېيىشىگە زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، ھەتتا بەزى كۈنلىرى تاماق سېلىنغان قاچىسىنى ئېغىلغا كۆتۈرۈپ كىرىپ قوزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ تاماقنى يەيتتى.

بىر كۈنى دىلمۇرات قوزىچاقنىڭ كەچلىك ئوزۇقىنى بېرىپ بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئەمدىلا دەرسلىرىنى تەكرارلاش ئۈچۈن ئولتۇرغىنىدا دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ مۇنۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى:

— قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ، ئازىراق زىيان تارتساقمۇ سېنى يۆتكەپ ئەكىلىۋالمىساق، ئۆزۈڭمۇ بەك قىيىنلىپ كەتتىڭ، بىزمۇ ھەر كۈنى تاماقسىز قېلىۋاتىمىز، — دېدى دىلمۇراتنىڭ دادىسى. ئاپىسى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ:

uyghurkitap.com

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق نەرق-ھاۋا
قىممەت تۇرسا، ئازراقىنا پۇل بىلەن
قانداقمۇ مېھمان چاقىرارمىز. — دېدى.
دادىسى:
— ئەمسە قانداق قىلىمىز، بۇقېتىمقى
پۇرسەتنى نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق
مىڭ بىر مۇشەققەتتە توغرىلىغان تۇرسام،
بۇ پۇرسەت قولدىن چىقىپ كەتسە، سېنىڭ
يۆتكىلىش ئىشىڭ تېخىمۇ ئارقىغا سۈرۈلۈپ
كېتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۇ پۇرسەتنى قول-
دىن بەرمەيلى، — دېدى. دىلمۇراتنىڭ ئاپ-
سى ئۈن-تىنسىز بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەت-
كەندىن كېيىن:
— بوپتىلا، يەنە بولساق شۇنچىلىك
بولارمىز، بىرەر تونۇشتىن ئازراق قەرز
ئالايلى، — دېدى. دادىسى:
— قەرزمۇ قىلمايلى، گۆش ئۆيدىلا بار
ئەمەسمۇ، ھېلىقى قوزىنى... — دېدى.
— ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن،
دىلمۇرات ھازىر ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئايرى-
لالمايدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا بىرەر يەر-
گە بېرىپ كەچ قالساق، ئۆيگە كەتكۈچە
كۆزى تۆت بولۇپ كېتىدىغىنىنى سىزمۇ
بىلىسىزغۇ، — دېدى ئاپىسى. دىلمۇراتنىڭ
دادىسى بىر پەس تۇرۇۋېلىپ:
— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق كىچىك بالا
دېگەن يەنىلا بالىدە، ئۇلار بىر نەرسىگە
ئوڭايلا ئىجىل بولۇپ قالىدۇ. لېكىن بىر-
نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنتۇپ
كېتىدۇ. قوزىنى سويغان كۈنى ئۇ ئۆيدە
بولمىسىلا بولىدى. كەچتە كەلگەندە تازا
ئوبدان ئوخشىتىپ بىرنەچچە زىخ كاۋاپ
قىلىپ بەرسەڭلا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىلمۇراتنىڭ يۈ-
رىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ،
كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇ
يۈگۈرۈپ چىقىپ دادىسىنىڭ پۇتىنى چىڭ
قۇچاقلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ يېلىندى:
— ئۇنداق قىلماڭلار، قوزامنى سوي-
ماڭلار، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن،
بازاردا گۆش جىقكەنغۇ، شۇنىڭدىن ئەك-
لىپ مېھمان چاقىرساڭلار بولمامدۇ؟! مېنىڭ
قوزامنى سويماڭلار، دادا...
— ھازىر بىزدە ئۇششاق پۇل يوق،
بالام، شۇڭلاشقا سېنىڭ قوزاڭنى سويۇشقا
مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. ماقۇل دە، ئاپاڭنى
يېقىن ئىدارىگە يۆتكەپ ئەكىلىۋالساق بىزگە
ۋاقتى-ۋاقتىدا تاماق ئېتىپ بېرىدۇ، سەنمۇ
ھازىرقىدەك قۇرۇق نان يەپ يۈرمەيسەن.
ئەمەسمۇ، — دېدى دادىسى ئۇنىڭغا چۈشەن-
دۈرۈپ.
— ياق، ياق، ئۇنداق قىلماڭلار، مەن
ئۇ چىرايلىق قوزامغا چىدىمايمەن، ئۇنى
سويۇۋەتمەڭلار، — دىلمۇرات دادىسىغا ھەدەپ
يالۋۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ دادىسى
ئۇنى بەزلەپ:
— مېھماننى چاقىرىپ بولغاندىن كې-
يىن مەن ئۆزۈم يېزىغا بېرىپ تاغاڭنىڭ
ئۆيىدىن بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق قوزا
ئەكىلىپ بېرىمەن، بۇ نۆۋەت بىزنى خىجىل
قىلمىغىن، — دېدى. ئاپىسىمۇ دىلمۇراتنىڭ
بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:
— ماقۇل دېگىن بالام، داداڭنى خى-
جىل قىلمىغىن، يۆتكىلىپ كېلىۋالسام ساڭا
ھەر كۈنى چۈشتە تاماق ئېتىپ بېرىمەن.
سەن مېنىڭ ئەقىللىق بالام ئەمەسمۇ،
ئاپاڭنىڭ ھەر كۈنى ئىشقا بارغۇچە قانچى-
لىك قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ،
ئوغلۇم، — دەپ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش
ئالدى.
دىلمۇرات دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ
بۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلىشىدىن رەنجىگەن ھال-
دا، گەپ-سۆز قىلمايلا ئۆزىنىڭ ياتاق
ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ، ئۆيدە بىردەم

ئۆلتۈرۈپ بېقىپ ئالاغا چىقتى - دە، ئىنسانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قوزىغا قارىدى، قوزىسىمۇ دىلمۇراتنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئۇنى يېنىغا چاقىرغاندەك بويىنىنى سوزۇپ مەرەپ قويدى. دىلمۇرات قوزىغا بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئاستاغىنە ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچىگە كىردى - دە، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان قوزىنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، يۇزىنى قوزىنىڭ بېشىغا يېقىپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن خۇددى قوزا بىلەن خوشلاشقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئېغىلدىن چىقىپ ئۆيگە يېنىپ كىردى. ئۇ دادىسى بىلەن ئاپىسىغا قاراپمۇ قويماي ئۆز ئورنىغا كىرىپ، يوتقانىغا پۈركىنىپ ياتتى، بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان، ئۇ قوزچاقنى قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ھەققىدە ئويلىناتتى، ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىرى ئەپچىل بىر چارە تاپتى - دە، كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى دىلمۇرات مەكتەپتىن كېلىپلا دوستى رۇستەم بىلەن قوزىنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى رۇستەملەرنىڭ بىر ئېغىز كونا ئامبىرىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئاندىن ئۆستەڭ بويىدىن بىر قۇچاق ئوتنى يۇلۇپ كېلىپ قوزىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا دادىسى بىلەن ئاپىسىغا:

— قوزا ئېغىلدا يوق تۇرىدۇ، بايامدىن بېرى ئۇنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالمىدىم، ئۇنى راسلا سويۇۋەتتىڭلارمۇ؟— دېدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى.

دادىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا يوگۇرۇپ دېگۈدەك ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا قايتىپ كىردى.

— راستىڭنى ئېيت، قوزىنى نەگە يوشۇردۇڭ؟ — دېدى ئۇ ھولۇققان ھالدا. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىلمۇرات ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى دادىسىنىڭ قانداقلارچە بىلىۋالغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھودۇقۇپ كەتتى.

— ياق، ياق، مەن يوشۇرمىدىم. مەكتەپتىن كېلىپ قارىسام يوق تۇرىدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى ئۇ. ئۇنىڭ دادىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدى:

— ئەجەبا ئېغىلدىن چىقىپ كەتكەن قوزا ئېغىلغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ چىقىپ كېتەمدۇ ياكى سېنىڭ ئۇ قوزاڭدا شۇنداق خىسلەت بارمۇ؟! قارا، يالغانچىلىقىڭنى، — دېدى. ئەمەلىيەتتە دىلمۇرات بىلەن رۇستەم قوزىنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن، دىلمۇرات ئارقىسىغا يېنىپ كېلىپ، ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئېغىلغا قۇلۇپ سېلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن دىلمۇراتنىڭ بۇ قىلغان ئىشىمۇ ئۇنۇملۇك بولماستىن، ئەكسىچە ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ بىرمۇنچە كۈلكىسىگە قېلىپ ئاخىرلاشتى، كەچتە ئۇ دادىسى بىلەن بىرگە رۇستەملەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوزىنى ياندۇرۇپ ئەكەلدى.

دىلمۇراتنىڭ ئۇيقۇسىز كېچىلىرى يەنە باشلاندى. ئۇ، دېرىزىدىن ياتاق ئۆيىگە چۈشۈۋاتقان ئاي نۇرىغا ۋە ئاي ئەتراپىدا جىمىرلاپ جۇلالىنىۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال قىلاتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قوزىنىڭ پات ئارىدا بولىدىغان دەھشەتلىك پاجىئەسى زادىلا يىراق كەتمەيتتى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبى مۇجۇلماقتا، بالىلارغا خاس ئاپئاق كۆڭلى ئۈنسىز يىغلىماقتا ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار ئىلكىدە ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىرى قوزىنى تاغىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋەتمەكچى بولدى ۋە بۇ ئىشنى ئەتىلا بېجىرىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئۇ بىرىنچى سائەتلىك دەرسنى ئوقۇپ بولۇپلا مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە قوزىنى ئېلىپ، تاغىسى تۇرغان يېزىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ قوزىغا يول بويىدىكى قىياق ئوتلارنى يېگۈزگەچ ماڭدى، تۇرۇپلا قوزىنىڭ ئوت يەۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېگىز ئۆسكەن ئوتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالاتتى. ئوتنى يەپ بولغان قوزا دىلمۇراتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ مەرەپ، ئۇنى موكۇنۇۋالغان يېرىدىن پۇراپ يۈرۈپ تېپىۋالاتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن دىلى سۆيۈنۈپ كەتكەن دىلمۇرات قوزىچاقنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يۈگۈرەيتتى. قوزىچاق بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئويناقلاپ قوغلايتتى، ئۇلار ئەنە شۇنداق خۇشال-خۇرام ئوينىشىپ قانچىلىك يول يۈرگىنىنىمۇ سەزمەي، بازاردىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى. دەل شۇ چاغدا دىلمۇرات كەينىدىن ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ ھودۇقۇش ئىچىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ۋېلىسىپىت بىلەن ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان دادىسىنى كۆردى. شۇنداق قىلىپ دىلمۇراتنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشىمۇ نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ قوزىنىڭ بېشىنى سىيلىغىنىچە ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى. دىلمۇراتنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ھەسرەتلىك ياشلىرىغا ئەجەبلەنگەن قوزىچاق دىلمۇراتنى، يەنى ئۆزىگە ئوخشاش سەبىي، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان بىر گەۋدىنى كۆزقارىچۇقلىرى ئارقىلىق سۈرەتكە تارتىۋاتقاندەك دىلمۇراتقا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. دىلمۇرات ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قوزىغا تازا سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن، سومكىسىنى ئېلىپ زومزو مەكتەپكە ماڭدى.

ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە دادىسى بىر كىشى بىلەن ئۇنىڭ قوزىسىنى يېقىتىپ، سويۇشقا تەمشىلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن دىلمۇرات يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنى قوزىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى، پۇتلىرى مەھكەم باغلانغان قوزا ئۇنىڭ تونۇش ھىدىنى ھىدلاپ، ئۇنىڭدىن نىجادلىق تىلىگەندەك ئېچىنىشلىق مەرەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىپىرلايتتى، بىراق دىلمۇراتنىڭ دادىسى دىلمۇراتنى قوزىنىڭ ئۈستىدىن يۇلۇپ ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

دىلمۇرات يىغىدىن كۆزلىرى قىزارغان ھالدا ئۆيىدىن چىقىپ، ئۈچەي-باغرى ئېلىۋېتىلگەن قوزىنىڭ گۆشىنى كۆردى-دە، تېخىمۇ بەك ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ دادىسىغا قاراپ:

— سىلەر بەك ئەسكىكەنسىلەر، مېنىڭ قوزامغا ئازراقمۇ ئىچىڭلارنى ئاغرىتمىدىڭلار، — دېدى ئىسەدەپ تۇرۇپ، شۇ كۈنى كەچتە دىلمۇراتنىڭ دادىسى مېھمانلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۇزىتىۋالدى. بىراق دىلمۇرات ئاپىسى قورۇپ بەرگەن قوزىچاقنىڭ گۆشىدىن بىرەر چىشلەممۇ يېمەي، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلغان قوزىنىڭ بېشى بىلەن تۆت پۇتىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى.

دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دىلمۇراتنىڭ ئاپىسى ئۆزى دېگەن ئىدارىگە يۆتكىلىپ كېلىۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بىر تال ئارزۇلۇق ئوغلى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز ئەيىبكار بولۇپ، تۈگىمەس پۇشايماندا قالدى. چۈنكى دىلمۇرات شۇ كۈندىن باشلاپ گۆش يېمەيدىغان؛ گۆشنى كۆرسە سەسكىنىپ ھۆ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن قۇربان

# ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر نەزەر

1

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك بالىلار مائارىپى، بالىلار تەربىيىسى ۋە بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتى ئىشلىرى تەرەققىياتىدا دىللارنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن - مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىياتى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنى گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى مائارىپنىڭ يېقىن ھەمراھىغا ئايلىنىپ، 2 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مەنىۋى دوستى بولۇپ، بالىلارنىڭ ساداسىنى ياڭرىتىپ، تېما ۋە شەكىل جەھەتتە كۆپ خىللاشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن: «مېھنەتسىز ھايات — ئوغرىلىق، سەنئەتسىز ھايات — ۋەھشىلىك»① دېگەنىدى. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ، جۈملىدىن بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر مۇھىم بەلگىدۇر. بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتى ئادەملەرنى كىچىكىدىن باشلاپلا مەدەنىيەتلىك قىلىپ تەربىيىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى بۇ مەسىلىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، ئەخمەت يۈكنەكى، ناۋائىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ھازىر خەلقىمىز مىللەتنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئىشنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، بالىلارغا مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۈنۈملۈك تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇلار پەن - مائارىپ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە، بولۇپمۇ بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىنى

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1990 - يىل 5 - سان 93 - بەت.

مائارىپىنىڭ بىر مۇھىم قورالىغا ئايلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. چۈنكى ئومۇمىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا «پەن بىلەن سەنئەت ئۆپكە بىلەن يۈرەكتەك چەمبەرچەس باغلانغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى كېرەكتىن چىقسا، ئۇ چاغدا يەنە بىرىمۇ ھەرىكەتتىن توختايدۇ» (ل. تولستوي) ①.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى ئومۇمىي تەرەققىياتى، جۈملىدىن خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرمەكتە. ئۇنىڭغا نەزەر سالساق كۆڭلىمىز سۆيۈنىدۇ.

## 2

بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتى ئىجادىيىتى بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنىڭ شەخسىي ئەمگىكى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇ بالىلار تەربىيىسىگە، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات تەقدىرى ۋە كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. شۇڭا بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتى، ماھىيەتتە، ئومۇمىي خەلق ئىشى، زور ئىجتىمائىي خىزمەت. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەندىن بېرى، ئاپتونوم رايونىمىزدا پۈتۈن خەلق، پۈتۈن جەمئىيەت بالىلار تەربىيىسىگە، بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، بۇ ئىشقا مەنىۋى، ماددىي جەھەتتىن يار - يۆلەكتە بولىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار خىزمىتى بويىچە ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى، بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتى كومىتېتى ئەسلىگە كەلدى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا شۆبە يازغۇچىلار جەمئىيىتى قارمىقىدا بالىلار ئەدەبىياتى كومىتېتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشى نەتىجىسىدە 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدا بالىلارنى تەتقىق قىلىدىغان تۇنجى بالىلار ئىلمىي تەتقىقات تەشكىلاتى — ئاپتونوم رايونلۇق «غۇنچە مۇكاپاتى» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. سەيپىدىن ئەزىزى، ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ئەمەت، سۇڭ خەنلىياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، قەييۇم باۋۇدۇن، خەلچەم ئىسلام، ماھىنۇر قاسىم قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار شىنجاڭنىڭ بالىلار خىزمىتىگە، بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتى خىزمىتىگە بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي بالىلارنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، مۇھىم يوليورۇق ياكى زور مەدەت بېرىپ تۇردى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ بۇ ئىشنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، پۈتۈن مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پائالىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ئاساستا ئاپتونوم رايونىمىزدا

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1990 - يىل 5 - سان 39 - بەت.

لۇرغۇن قېتىم بالىلارنىڭ زېھنىنى سىناش مۇسابىقىسى (ھاۋا رايى بىلىملىرى، تەنتەربىيە، يەر تەۋرەش بىلىملىرى قاتارلىقلار بويىچە) ئۆتكۈزۈلدى. «غۇنچە مۇكاپاتى» نامى بىلەن ھەر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇسابىقىلىرىمۇ بىرقانچە قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئىشتا پۈتكۈل مائارىپ ئورگانلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئورگانلىرى، ئاياللار بىر-لەشمىلىرى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئاكتىپ ماسلاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بويىچە 3 قېتىم مۇسابىقە ئۇيۇشتۇردى. 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋە 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە بالىلار ئەدەبىياتى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ۋە بۇ پائالىيەتكە ماسلاش-تۇرۇپ ئىلمىي مۇھاكىمە ـ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ساغلام، ئۈنۈملۈك، ماس قەدەمدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 10 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى گۈلزارىدا ئاز بولمىغان يۇقىرى سۈپەتلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇكى، بىرىنچىدىن، پۈتكۈل جەمئىيەت بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى خىزمىتىگە جەلپ قىلىندى. مەسىلەن، بالىلار خىزمىتىگە، بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كېرەم ئىمىن، قاسىم ئىمىن، رابىيە قادىردەك شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. ئىككىنچىدىن، 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «غۇنچە مۇكاپاتى» تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بالىلار تىياتىرى ئېتيۇتلىرى مۇسابىقىسى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تارىخىدا تۇنجى بالىلار تىياتىرى كۆرىكى بولدى. بۇ مۇسابىقىدە 62 بالىلار تىياتىرى ئېتيۇتى ئىجاد قىلىنىپ، بۇنىڭدىن 29 ى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. بۇ مۇسابىقە بىزنى ئۇيغۇر بالىلار تىياتىرى بوشلۇقىنى تولدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بالىلارنىڭ ئۆز گېزىت ـ ژۇرناللىرىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ جانلىنىشى، بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، بالىلار سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، خېلى كۆپ گېزىت ـ ژۇرناللاردا بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى سەھىپىلىرىنىڭ ئېچىلىشى، بالىلارغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار چىقىرىدىغان نەشرىيات ۋە بۆلۈم-لەرنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكى.

1956 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ چىقىرىلىۋاتقان «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى ــ ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان بالىلار گېزىتى. بۇ گېزىت 35 يىلدىن بېرى، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ھەر مىللەت بالىلىرىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك مەنىۋى دوستى بولۇپ كەلدى. شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك رول ئوينىدى. «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ئۇنىۋېرسال خاراك-تېرلىك بالىلار ژۇرنىلى، ئۇنىڭ ھەر بىر سانىدا بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى ۋە بالىلارنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى خېلى كۆپ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ كەلدى. 50 ـ يىللاردا قۇرۇلغان

www.uyghurkitap.com

«شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى» ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم بازىسى. بۇ نەشرىيات 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن تارتىپ نامىنى «شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» دەپ ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ ھەر يىلى نەشر قىلغان كىتابلىرىنىڭ 40% تىنى بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەتىجىلىرى ۋە بالىلار ئىلمىي ئەسەرلىرى نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان سەھنىگە ئايلىنىپ قالدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىمۇ 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مەخسۇس بالىلار ئوقۇشلۇق كىتابلىرى بۆلۈمىنى قۇرۇپ، ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى نەشر قىلىدىغان كەسپىي تارماققا ئايلاندى. بۇ بۆلۈم مەزمۇنى ساغلام، شەكلى كۆركەم بالىلار كىتابلىرىنى كۆپلەپ نەشر قىلدى. مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ـ قازاق شۆبىسى، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، شىنجاڭ فوتو سۈرەت نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلارمۇ بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى (بالىلار پەننىي ئوقۇشلۇقلىرى، ئەدەبىي ئوقۇشلۇقلىرى ۋە بالىلار سۈرەتلىك ئوقۇشلۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى نەشر قىلىشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتتى. بۇ يەردە شۇنى خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇكى، شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا مەخسۇس ئۇيغۇر بالىلار ناخشا ـ خور پلاستىنكىسىنى نەشر قىلدى. «تارىم» ژۇرنىلىدا «بالىلار ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» دە «بالىلار ئۈچۈن»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە «نوتا»، «ئىلى دەرياسى» دا «بالىلار كۆڭلى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا «بالىلار ئەدەبىياتى» دېگەن مەخسۇس سەھىپىلەر ئېچىلدى. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «بوستان»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «قاراماي ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «خەلق ئارمىيىسى»، «شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «يەكەن گېزىتى»، «قىزىلسۇ گېزىتى»، «بايىنغولىن گېزىتى»، «تۇرپان گېزىتى»، «قۇمۇل گېزىتى»، «قاراماي نېفىت گېزىتى»، «بورتالا گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرمۇ بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە ئەدەبىي بەتلىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن بەردى. بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئەدەبىياتى تېخىمۇ كەڭ سورۇنغا ئىگە بولدى.

يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر بالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى، پروگراممىسىغا ئىگە بولدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «غۇنچىلار» پروگراممىسى ھەپتىدە 8 قېتىم بالىلار ئۈچۈن ئاڭلىتىش بېرىدۇ. پروگرامما مەزمۇنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئەسەرلىرى ئىگىلەيدۇ. ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، پوسكام، كۇچا، قۇمۇل، قاراماي رادىئو ئىستانسىلىرىمۇ بالىلار ئۈچۈن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرى ئاڭلىتىپ تۇرماقتا. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ جانلىق ۋە كۆركەم «قار لەيلىسى» پروگراممىسى نەچچە مىليون بالىنى جەلپ قىلىپ

كەلمەكتە. بۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر تەرەپتىن، باللار ئەدەبىيات ـ سەنئەت پروگراممىلىرىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، نۇرغۇنلىغان باللار تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى، كارتون فىلىملىرىنى سۈپەتلىك تەرجىمە قىلدى. «تەڭرىتاغ» كىنو ستودىيىسى 10 نەچچە يىلدىن بېرى جۇڭگو ھەم چەت ئەللەرنىڭ بىرقانچە مۇنەۋۋەر باللار كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى فىلىملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى.

يېقىنقى ئون يىل جەريانىدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى باللار بەدىئىي سەنئەت تەشكىلاتى ـ ئۈرۈمچى شەھەرلىك باللار سەنئەت ئۆمىكى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك قورچاق تىياتىرى ئۆمىكى قۇرۇلدى. بۇ ئۆمەكلەر ئۇيغۇر باللىرىنىڭ رېئال ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە باللار چۆچەكلىرى مەزمۇنىنى ئاساس قىلغان بىرمۇنچە تىياتىرلارنى ۋە باشقا نومۇرلارنى ئورۇندىدى. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، قەشقەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى قاتارلىق سەنئەت تەشكىلاتلىرىمۇ باللار سەنئىتى نومۇرلىرىنى ئورۇنداشقا خېلى ئېتىبار بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغدا كۈز» سەنئەت بايرىمىدىمۇ مەخسۇس باللار سەنئىتى سورۇنى تەشكىل قىلىنىپ، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يۇقىرىدىكى پاكىتلار شىنجاڭ ئۇيغۇر باللار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىر قىسىم پېشقەدەم يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ باللار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، باللارغا ئاتاپ ئەسەر يازغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى، خېلى بىر قىسىم قابىلىيەتلىك ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلارنىڭ مەخسۇس باللار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئىجادىيىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ مەخسۇسلىشىۋاتقانلىقى، كەسپلىشىۋاتقانلىقى ـ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر باللار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى.

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى ۋە ئەدەبىياتشۇناسى جۇ ياڭ 1960 ـ يىللاردا «دانىيەدىن بىر ئاندىرسېن چىقىپ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ، ئۆسمۈر ـ باللار بىلەنلا چەكلەنمەيدىغان كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بىزنىڭ جۇڭگودىمۇ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمغا مەنسۇپ بولغان ئاندىرسېنلىرى بولۇشى كېرەك. كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئىجاد قىلىش ئالىيجاناب ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىدۇر، ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى پائال تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بىزنىڭ يازغۇچى ـ سەنئەتكارلىرىمىز بۇ ئىشقا ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى سۈپىتىدە تۆھپە قوشۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇيغۇر يازغۇچى ـ سەنئەتكارلىرى باللارغا كۈچلۈك مەنىۋى ئوزۇق بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى خېلى بۇرۇنلا ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى. 40 ـ يىللاردا زۇنۇن قادىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئەدىبلەر باللار ئۈچۈن شېئىر، مەسەل، چۆچەك يېزىشقانىدى. 50 ـ يىللاردا داۋۇت ئۇرەخمەت، تۇردى سامساق، قۇربان ئىمىن، مۇھەممەت رەھىم، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

www.uyghurkitap.com

بالىلار ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەنىدى. 60 - ، 70 - يىللاردا بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يازىدىغانلار بىرئاز كۆپەيدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يېزىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئالدى بىلەن ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى قوشۇنىدا كەلگۈسى ئەۋلادلارنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ستراتېگىيىلىك پىلان تونۇشى تۇرغۇزۇلدى. زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، مۇھەممەت رەھىم، قۇربان ئىمىن، ئەرشىدىن تاتلىق، تۇردى ساماق، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، كېۋىر نىياز قاتارلىق يازغۇچىلار بالىلارنى ئويلايدىغان بولدى. زۇنۇن قادىرى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بالىلارغا «مەسەل ۋە چۆچەكلەر» ناملىق ئېسىل كىتابىنى تەقدىم قىلدى. قالغانلار ئۆزلىرىنىڭ بالىلار شېئىرلىرى، تېپىشماق، مەسەل، چۆچەكلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ كۆڭلىنى مەھلىيا قىلىپ كەلدى.

بىر قىسىم ئوتتۇرا ياش يازغۇچى - سەنئەتكارلىرىمىز ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ھالال قان - تەرلىرىنى ئاققۇزدى. بۇ خاسىيەتلىك ئىشتا ئەخمەت ھاشىم، ئەخمەت تۇردى، قاھار جېلىل، مامۇت زايىت، نۇرمۇھەممەت زامان، روزى سايىت، ھاجى ئەخمەت، ئۆچقۇنجان ئۆمەر، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، قادىر ئارسلان، ماخمۇتجان ئىسلام، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مەمتىلى زۇنۇن، ئوسمانجان ساۋۇت، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، بوغدا ئابدۇللا، مۇھەممەت باغراش، مۇھەممەت شانىياز، روزى نىياز، توختاجى روزى، مەمتىمىن ھوشۇر، ياسىن ئىمىن قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار مەلۇم تۆھپە ياراتتى. بۇ يەردە ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىككى بالىلار ھېكايىلىرى توپلىمى، نۇرمۇھەممەت زامانىنىڭ «دانىشمەن بالا» ناملىق چۆچەكلەر توپلىمى، ئەخمەت ھاشىمنىڭ «سېغىزخان ۋە بۇدۇنە» ناملىق چۆچەك - مەسەللەر توپلىمى، روزى سايىتنىڭ «چۈشنامە» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئەسىرى، مامۇت زايىت، ھاجى ئەخمەدنىڭ بالىلارغا بېغىشلىغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى، ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ «بويناق» ناملىق بالىلار پوۋېستى، مۇھەممەت شانىيازنىڭ «تۇنجى قەدەم» ناملىق بالىلار ھېكايىلىرى توپلىمى، بوغدا ئابدۇللانىڭ «يورۇڭقاشتىن چىققان قىز» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر بالىلار ئەدەبىياتى بېغىدا تۇرسۇن - مۇھەممەت پەخرىدىن، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابلىكىم باقى، ماخمۇت مۇھەممەت، قادىر ئارسلان، ھوشۇر ئەخمەت، مۇھەممەت روزى يارقىن، ئەخمەت ئىمىن، مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى، ھەسەن تىلىۋالدى، ئابابەكرى ئەمەت، سەلەي قاسىم، مەمتىمىن بارى، توختاش بەكرى، ئادىل ئابدۇراخمان، ئابلىكىم روزى، قادىر ھەسەن، ئىسمايىل ئىبراھىم، تۇرسۇن ئەرشىدىن، ھەسەن ئېلى قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار بالىلار ئۈچۈن مول مېۋە بەرمەكتە. «ئۇستاپا»، «بەش ياشلىق مەرگەن»، «بىزنىڭ شەھەر»، «تىيىنىڭ تۇۋرۇك سانىشى»، «يېڭى يىل ئۈچۈن»، «مەن ئوقۇيمەن»، «سەييارە قىز قوشىقى»، «تېرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا»، «قارلىغاچ»، «تامچە قىزنىڭ ساياھىتى»، «خاسىيەتلىك نەي»، «بوۋا مېنى كەچۈرۈڭ»، «چىرىك - چىرىك»، «ئۇ نېمە» (1 - 2 - قىسمى)، «دادام ئېيتقان قىسسىلەر»، «تەبىئەتكە ساياھەت»، «بۇلبۇل

ناۋاسى»، «تۆگە بىلەن تۆشكە» قاتارلىق كىتابلار ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپ يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، يارقىن، چىن، غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق بالىلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئەخلاق، غايە تەربىيىسى بەردى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خېلى يۇقىرى تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە. ئىككىنچىدىن، ئۇلار بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە تىرىشىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە چىن بولۇش، ياخشى بولۇش، گۈزەل بولۇش، يېڭى بولۇش، تەبىئىي بولۇش، ئاجايىپ بولۇشنى مەلۇم دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇڭا ئۇلار ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلار بالىلارنىڭ سۆيۈملۈك دوستىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە زامانىمىز بالىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئۇلارنىڭ غايىسى، ئىرادىسى، ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى، مىللىي پسىخىكىسىنى، ھەۋەسنى، ئىستېتىك ئادىتىنى، تونۇشىنى ۋە ئارزۇسىنى خېلى روشەن گەۋدىلەندۈردى. تۆتىنچىدىن، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى سوتسىيالىستىك دەۋر روھىغا، ساغلام مىللىي روھقا، مىللىي تۇرمۇش پۇرىقىغا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر چۆچەك، مەسەللىرى ئۇسلۇبىنى جارى قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى، شۇنداقلا ياۋروپا بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلدى. بەشىنچىدىن، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنى تېما، ژانىر، تۈر جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇردى. بولۇپمۇ بالىلار تىياتىرى، بالىلار پەننىي ئەدەبىيات-سەنئىتى، بالىلار كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى قاتارلىق ژانىرلارنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى. بىز بۇ يەردە تۇرسۇنمۇ ھەممەت پەخىردىن، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابلىكىم باقى، قادىر ئارسلان، ئىسمايىل ئىبراھىم، ھوشۇر ئەخمەت، ئەمتىمىن باردىلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز. چۈنكى ئۇلار ھەم بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى، ھەم بالىلار ئەدەبىياتى تەشكىلاتچىلىرى. تۇرسۇنمۇ ھەممەت پەخىردىن ئاكا 40 يىلدىن بېرى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان قەيسەر يازغۇچى. ئۇ ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان ئىجادىي ۋە تەرجىمە بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭ تەھرىرلىكىدە تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان ئۇنىۋېرسال بالىلار ئەدەبىياتى توپلىمى — «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» بىرقەدەر ياخشى، مۇكەممەل كىتاب ھېسابلىنىدۇ. بۇ پېشقەدەم باغۋەن بالىلىرىمىزغا نەچچە يۈزلىگەن بالىلار شېئىرىنى، «بوۋامنىڭ ھېكايىسى» ناملىق بالىلار داستانى، ئۈچ بالىلار شېئىر توپلىمىنى تەقدىم قىلدى. ئابدۇراخمان ئەبەي ۋە ئابلىكىم باقىلار «غۇنچە مۇكاپاتى» پائالىيىتىنى كەشىپ قىلىش ۋە جانلاندۇرۇش ئىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئۇلار يەنە بالىلار قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەنمۇ كەڭ بالىلارغا تونۇشلۇق.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر بالىلار سەنئىتى گۈلزارىدا خارىس ئاشۇرۇۋ، ئىسكەندەر سەيپۇللالارنىڭ تۆھپىسى كىچىك ئەمەس. ئۇلار ئاز بولمىغان ناخشا، خور، لەپەرلەرنى ئىجاد قىلدى ھەم ناخشا-مۇزىكا توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇردى. يولداش خۇرشىدە 80-يىللار ئىچىدە «باغۋەن ۋە غۇنچە» قاتارلىق بىرقانچىلىغان بالىلار تېلېۋىزىيە سەنئەت نومۇرلىرىغا رېژىسسورلۇق قىلىپ، بالىلارنىڭ سۆيۈملۈك سەنئەت خادىمى بولۇپ قالدى.

تېمىنىڭ كۆپ خىللىقى، شەكلىنىڭ كۆركەملىكى ۋە رەڭدارلىقى، يېڭى ژانىرلارنىڭ بارلىققا كېلىپ جۇش ئۇرۇپ روناق تاپقانلىقى، ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي سالماقىنى ئىگىلەشكە يۈزلىنىۋاتقانلىقى، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ تۆتىنچى ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكى. ئىلگىرى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى كۆپرەك بالىلار شېئىرلىرى ۋە شېئىرىي مەسەللەر بىلەن چەكلەنگەن، تېما دائىرىسى تار، شەكلى بىر خىل، ژانىرى ۋە ئەسەر سانى ئاز، سۈپىتى بىرقەدەر تۆۋەن ئىدى. شۇڭا بالىلار ئۇنىڭدىن قانائەتلەنمەيتتى. يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى ئۇيغۇر يازغۇچى، سەنئەتكارلىرى بۇ ھالەتكە خاتىمە بەردى. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا تېما تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ راۋاجلاندى. ژانىرلارمۇ كۆپ خىللاشتى. ھازىرقى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارىغا نەزەر سالساق كۆڭلىمىز سۆيۈنىدۇ. بۇ باغدا بالىلار شېئىرلىرى، بالىلار مەسەللىرىدىن باشقا بالىلار چۆچەك، قىسسىلىرى، بالىلار فانتازىيىلىك ھېكايىلىرى، پەننىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، بالىلار تىياترى، بالىلار كىنو سىنارىيىسى ۋە بالىلار تېلېۋىزىيە تىياترى، بالىلار گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى، بالىلار رادىئو دراممىسى، بالىلار پوۋېستلىرى، بالىلار ھۆسن خەتلىرى بەس - بەس بىلەن ئېچىلىپ جۇلالىنىپ تۇرماقتا. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك زور ئىش شۇكى، ھازىر ئۇيغۇر يەسلى ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى بارلىققا كەلدى. بىر تەرەپتىن، يەسلى ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئىجادىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يەسلى - بالىلار باغچىلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، ناخشا - ئۇسسۇل قوللانمىلىرى نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بىر مىليون نەچچە يۈزمىڭ ئۇيغۇر گۆدەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتىغا ئىگە بولدى.

يېقىنقى يىللاردا ئابدۇراخمان ئەبەي، تۇرسۇن ئەرشىدىن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر قىسسىچىلىكىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشى ئارقىسىدا «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر»، «لوتۇن»، «ل. مۇتەللىپ ھەققىدە ھېكايە» قاتارلىق يېڭى رىۋايەت - قىسسىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ يىللاردا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا يىرىك ژانىرلار مەيدانغا كەلدى. بۇ ئاساسەن بالىلار پوۋېستلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدۇر. «تەبەسسۇمەتكە ساياھەت»، «دادام ئېيتقان قىسسىلەر» (تۇرسۇن ئەرشىدىن)، «بويىناق» (ئابدۇرېھىم ئابدۇللا) قاتارلىق بىرقانچە بالىلار پوۋېستى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى خېلى ئىنچىكە يارىتىپ بەردى.

بالىلار تىياترى سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ سەھنە، ئېكرانلارنى ئىگىلىشى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىدىكى چوڭ يېڭىلىق. بۇ ژانىر بىزدە 80 - يىللار ئىچىدە بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا مۇنداق ئۈچ خىل يېڭىلىق بار. بىرى، ئۆزلەشتۈرۈپ ياكى تەرجىمە قىلىپ ئورۇنلاش. يەنە بىرى، يېڭىدىن ئىجاد قىلىش، ئۈچىنچى خىلى مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن ئاممىۋى ئىجادىيەتنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش. «كرىستال ئالتۇنكەش» (شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى تىياتىر فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇندىغان) ياخشى ئوينالغان تەرجىمە تىياترى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولدى. «دوستلۇق گۈلى» (شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇندىغان)، «پىنھان ماكاندا» «تىيانشاندا كان ئىزدەش»

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك باللار بەدىئىي سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان)، «بەڭباش قىز» (قەشقەر سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان) خېلى ياخشى چىققان باللار تىياتىرلىرىدۇر. ئۇيغۇر باللار تىياتىرى ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىيىشى. 80 - يىللار ئىچىدە مەھەممەت روزى يارقىن، ھەسەن ئىلى، قادىر ئارسلان قاتارلىق يازغۇچىلار ياخشى باللار سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى.

ئۇيغۇر باللار تىياتىرى تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدە بىر ھادىسە — 1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باللار تىياتىرى ئىنتوتلىرى مۇسابىقىسى، بۇ پائالىيەت خېلى بىر قىسىم كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلارنى باللار ئۈچۈن سەھنە ئەسىرى يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى. مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئۇيغۇر باللار تىياتىرىنىڭ تەرەققىيات ئىشىكىنى قاقتى. لېكىن ھازىرقى ئۇيغۇر باللار تىياتىرى تېخى ئەمدىلا ئۈنۈۋاتقان بىخ، ئەمدىلا كۆكلەۋاتقان يۇمران مايسا. بۇ يۇمران مايسا كېلىچەكتىن، مول مېۋىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر باللار تىياتىرى تېخى ئەمدىلا بارلىققا كەلگەچكە، تىياتىرلارنىڭ سانى بەك ئاز، تىياتىرچىلىق خۇسۇسىيىتى ئاجىزراق. كۆپ پەردىلىك باللار تىياتىرى تېخىمۇ ئاز. يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىدە دراماتىك توقۇنۇش جىددىي ئەمەس، ھەرىكەت ئاستا، باللارچە بولۇش تەلىپىدىن خېلى يىراق. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇر باللار تىياتىرى سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش — يازغۇچىلارنىڭ زىممىسىدىكى جىددىي ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە.

باللار چۆچەك - مەسەللىرى بىلەن باللار نەسرلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ ژانىر جەھەتتىكى چوڭ نەتىجىسى. باللار چۆچەكلىرى ۋە مەسەللەر باللار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈزەل شەكىل. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن چۆچەكلەرنىڭ باللارنى تەربىيىلەشتىكى رولىنى يۇقىرى باھالىغانىدى. «ئېزوپ مەسەللىرى»، «ئاندېرسىن چۆچەكلىرى»، «تۇلكە رىنارت» نىڭ سېھرىي كۈچىمۇ دۇنيا باللىرىنىڭ خىيالىنى قوزغاپ، ئۇلارغا يېڭى تەسەۋۋۇر، فانتازىيە بەخش ئەتكەنلىكىدىندۇر. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ 1432 - يىلىلا «جامىئۇل ھېكايەت» نامىدا 45 گۈزەل چۆچەكنى رەتلەپ چىقىشى باللارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان. دۇنيا باللار ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى ئاندىرىسىن باللار ئۈچۈن چۆچەك يېزىشنى كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇلۇغ ئىشى دەپ ھېسابلىغان. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى باللار ئۈچۈن چۆچەك، مەسەل يېزىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاچقا، بۇ 10 نەچچە يىل ئىچىدە ئۇيغۇر باللار چۆچەك - مەسەلچىلىكىگە ئەھمىيەت بەردى. ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى نۇرغۇن باللار چۆچەك - مەسەللىرى رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. بىر قىسىم چۆچەكلەر باللارغا لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلەندى. ئەڭ مۇھىمى، يېڭى چۆچەك - مەسەللەر كۆپلەپ ئىجاد قىلىندى. بۇ ئىشتا «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى بىلەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ تۆھپىسى زور. لېكىن چۆچەك، مەسەل ئىجادىيىتىدە مۇشۇ دەۋر باللىرىنىڭ رېئال ھاياتىنى ئەكس

ئەتتۇرىدىغان چۆچەك، مەسەللەر ئازراق.

مەلۇمكى، نەسىر يېنىك تىپتىكى ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي شەكىل. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى تېز، ئەركىن ئەكس ئەتتۇرۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. جۈملىدىن بالىلار نەسىرلىرىمۇ شۇنداق. ئۇ بالىلارنى تەربىيىلەشتە، بالىلارغا خىلمۇ خىل بىلىم تەقدىم قىلىشتا ئەپچىل قورال. تالانتلىق نەسىر يازغۇچى ئەخمەد ئىمىنىنىڭ بالىلار نەسىرچىلىكى تەرەققىياتىدا ئويىنىغان قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك رولى كەڭ بالىلارنى خۇشال قىلىدۇ. ئۇنىڭ «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا»، «يېڭى يىل دەققىلىرىدە» قاتارلىق ئۇنلىغان بالىلار نەسىرلىرىدە ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پاك، جۇشقۇن، ئويناق بالىلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. ئۇ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا خېلى مۇكەممەل، تەسىرلىك، ئىدىيەۋى مەزمۇنى ساغلام، شەكلى گۈزەل، بالىلارغا لايىقلاشقان نەسرلەرنى ياراتقان تۇنجى نەسىرچى. ئۇنىڭ «قەلب سادالىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن نەسىرلىرى بالىلارنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرىدۇ. ئەنەيىتۇللا قۇربان، ئوبۇلقاسىم مەتنىياز قاتارلىق بىر قىسىم ياش ئاپتورلارمۇ بالىلار نەسرىنى يېزىش يولىدا خېلى ئىزدەنمەكتە. لېكىن شۇنى ئېيتماي بولمايدۇكى، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا نەسىرنىڭ تەرەققىياتى بەك ئاستا. سۈپەتلىك نەسرلەر بەك ئاز. شۇڭا ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. نەسىر يېنىك تىپتىكى ئەركىن ژانىر بولغاچقا، بالىلار ئۇنىڭغا ئامراق، ئۇنىڭ ئۇچۇر قىممىتى يۇقىرى. نەسىر يېزىشنى بالىلار تېز ئىگىلەپ كېتەلەيدۇ. ئۇ، ئىپىك ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ باشلامچىسى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە، كۆنۈكمىلەردە نەسىر تېكىستى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر يىللىق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھان سوئاللىرى ئىچىدىمۇ نەسىر يېزىش ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىغان. بۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بالىلاردا نەسىرگە نىسبەتەن ھەۋەس قوزغايدۇ. شۇڭا بالىلار ئەدەبىياتىدا نەسىرچىلىكنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇش، راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈردۇر.

بالىلار كىنوسىنارىيىسى، بالىلار تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە ئۇنىۋېرسال تېلېۋىزىيە سەنئىتى شەكىللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى — يېڭى دەۋر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى بىر يېڭى نەتىجە. بالىلار كىنوسى، بالىلار تېلېۋىزىيە تىياتىرى، بالىلار تېلېۋىزىيە سەنئىتى زامانىۋى ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، بەدىئىي ئۇنۇمى يۇقىرى. يېقىنقى 10 نەچچە يىل ئىچىدە بۇ زامانىۋى شەكىل يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. ئالدى بىلەن شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، يازغۇچى مەھەممەت شانىياز ۋە نۇرمۇھەممەت زامانلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ، بالىلار كىنو سىنارىيىسى يېزىپ چىقتى. ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابلىكىم باقى، مەھەممەت روزى يارقىنلار بىرلىشىپ ھەم ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىرقانچە بالىلار تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە قورچاق تىياتىر سىنارىيىسى ئىجاد قىلدى. بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى ئابدۇراخمان ئەبەي ئىجاد قىلغان «كۆرۈك بېشىدا» ناملىق بالىلار تېلېۋىزىيە تىياتىرى يولداش مۇختەبەر مەخسۇتنىڭ رېژىسسورلۇقىدا سۈرەتكە ئېلىنىدى ۋە 1988-يىلى مەملىكەت بويىچە 2-دەرىجىلىك بالىلار تېلېۋىزىيە سەنئىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ 10 يىل ئىچىدە «باغۋەن ۋە غۇنچىلار»، «باغۋەنگە مەدھىيە»، «غۇنچە مۇكاپاتى باللار تېلېۋىزىيە سەنئىتى مۇسابىقىسى» قاتارلىق تېلېۋىزىيە باللار سەنئەت فىلىملىرى ئىشلەندى. بۇ سەنئەت نەمۇنىلىرى بەدىئىيلىك ۋە قۇرۇلما جەھەتتە دېگەندەك مۇكەممەل بولۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن باللارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى خېلى بېيىتتى.

باللار گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى، باللار چاتما رەسىملىرى ئىجادىيىتى بىلەن باللار پەننىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، مەلۇم تەرەققىياتقا ئېرىشىشى — يېڭى دەۋر ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ بەشىنچى ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكى. باللار گۈزەل سەنئەت ۋە چاتما رەسىم ئەسەرلىرى باللار ياقتۇرىدىغان نەپىس سەنئەت. بۇ 10 يىل ئىچىدە بىر تەرەپتىن، رەسىملىك قىسسە خېلى تەرەققىي قىلدى. بەزى ھېكايىلەر رەسىملىك قىسسىگە ئايلاندۇرۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، باللار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان رەسىملەر كۆپەيدى. ئۈرۈمچى ۋېيىخۇلياڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئالىمجان سىزغان «چوڭ گىلەم» ناملىق ۋەقەلىك باللار رەسىمى 80-يىللارنىڭ بېشىدا بېنگال دۆلىتىنىڭ پايتەختى داككادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا باللار رەسىملىرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، جۇڭگو باللىرى ئۈچۈن زور شەرەپ كەلتۈردى. ئۈچىنچى تەرەپتىن، بۇ 10 يىل ئىچىدە مەزمۇنى ساغلام، شەكلى ناھايىتى نەپىس باللار ھۆسن خەت ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى راۋاجلاندى. ھەر يىلى نەچچە يۈز ھۆسن خەت ئەسەرلىرى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى» ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

پەننىي ئەدەبىيات - سەنئەت — ئاساسەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان بەدىئىي ئوبرازۋاستىسى ئارقىلىق پەننىي بىلىملەرنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان، مەزمۇنى ئىلمىي، شەكلى بەدىئىي بولغان زامانىۋى باللار ئەدەبىياتى ژانىرى. ئۇ ھەرقايسى ئەللەر، مىللەتلەر جەددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان باللار ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئەسلىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرىدا پەننىي شېئىرلار، پەننىي تېپىشماقلار، پەننىي چۆچەكلەر ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى بىلىمگە ئۈندەيدىغان ئەسەرلەر خېلى بار. لېكىن ھازىرقى زامان پەننىي ئەدەبىيات - سەنئەت شەكلى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، خېلى تەرەققىي قىلدى. بىرىنچىدىن، تەرجىمە ئەسەرلەر ئىجادىيىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ بىر قىسىم پەننىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئۇيغۇر باللىرىغا تونۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىللىي پەننىي ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. ئىككىنچىدىن، ئىجادىيەت چىڭ تۇتۇلۇپ، ئۇيغۇر ئاپتورلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان پەننىي شېئىر، پەننىي چۆچەك، پەننىي تېپىشماقلار، پەننىي ھېكايە، قىسسەلەر، ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «تارىم»، «ئاممىباب پەن - تېخنىكا»، «پەن ۋە تۇرمۇش»، «بىلىم كۈچ»، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى»، «قومۇل پەن-تېخنىكا گېزىتى» بۇ ژانىرنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. بولۇپمۇ «بىلىم - كۈچ»، «پەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرناللىرى ئىجادىي ۋە تەرجىمە

www.uyghurkitap.com

پەننىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئاببas بۇرھان، ئادىل ئابدۇراخمان، ئابلىكىم باقى، مۇھەممەت شانىياز، ئابلەت مۇھەممەت، كېرىم روزى، توختاش بەكرى قاتارلىق ئاپتورلار ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى بەدىئىي شەكىل بىلەن بالىلارغا تەقدىم قىلدى. «بىزنىڭ شەھەر»، «كۆكتات ئورىسىدىكى خەۋپ ـ خەتەر»، «تىرناقنىڭ سوتلىنىشى»، «ئاي ـ دا ئۇچرىشىش»، «ئۇ نېمە» قاتارلىق ئەسەرلەر نەتىجىلىك چىققان پەننىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدۇر. بۇ زامانىۋى شەكىلنى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئادىل ئابدۇراخمان بىلەن توختاش بەكرىنىڭ ئەجرى ئالاھىدە. توختاش بەكرى نۇرغۇن پەن ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىنى تېپىشماق شەكلى بىلەن بالىلارغا چۈشەندۈرسە، ئادىل ئابدۇراخمان بۇ بىلىملەرنى ھېكايە شەكلى ئارقىلىق بالىلارغا تونۇشتۇرغان ياش يازغۇچى. توختاش بەكرىنىڭ «ئۇ نېمە» (ئىككى كىتاب) ئادىل ئابدۇراخماننىڭ پەننىي ھېكايىلەر توپلىمى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى زامانىۋى پەننىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى توپلىمىدۇر.

جۇڭگو ۋە چەت ئەل بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، كۆپلەپ نەشر قىلىپ ئۇيغۇر بالىلىرىغا تونۇشتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ـــ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ ئالتىنچى ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكى.

مەلۇمكى، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم يۆنىلىشى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە ئەگىشىپ، بۇ 10 يىل ئىچىدە ئەدەبىي ئالاقە ناھايىتى كېڭەيدى ۋە كۈچەيدى. بىرىنچىدىن، چىن بىچۈي، لو پىڭ، بىڭ شىڭ، جاڭ تيەنيى، كې يەن، جاڭ فىڭ قاتارلىق مەشھۇر خەنزۇ يازغۇچىلىرىنىڭ «ئاپامنىڭ ئېيتقانلىرى»، «پەن ۋىنجىڭ چۆچەكلىرى»، «ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلار»، «بالىلار ئىلمىي ھېكايىلىرى»، «پۇرۇچ قورچاقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى»، «بالىلار ئۈچۈن 100 چۆچەك»، «بوكىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى» قاتارلىق كۆپلىگەن كىتابلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بالىلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلار بولۇپ قالدى، ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر بالىلىرى دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرى ئاندىرسىن، كوللودى، روبېرت، تولستوي، ژىئول ۋېرىن، ئاكا ـ ئۇكا گرىم، ئىزوپ، كىرىلوۋ، پوشكىن، مارىك تېۋىن، ستۋېنسۇن، ساباھىدىن ئەلى، بىئانكى، مارشاك، ئىللىن، ئاركادى گايدار، سىلما لاگرووۋ، ئاكا ـ ئۇكا لام قاتارلىقلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ تۈردە تونۇشتى. «ئاندىرسىن چۆچەكلىرى»، «ئاندىرسىن چۆچەكلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى»، «گىرىم چۆچەكلىرى»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «ياغاچ قورچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، «نەلىسنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى» «سىرلىق ئارال»، «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى»، «نېلىسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى»، «چەت ئەل بالىلار ئەدەبىياتىدىن تەرجىمىلەر»، «چەت ئەل بالىلار ھېكايىلىرى»، «تۈلكە رىنارت»، «ئالتۇن ـ كۈمۈش ئارىلى» قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن بالىلار تەرجىمە كىتابلىرى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ سۆيۈملۈك دوستى بولۇپ قالدى. بۇ 10 يىل ئىچىدە شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە

ئازارتى بىر قىسىم باللار تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە باللار كىنولىرىنى، كارتون سۈرەت فىلىملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېكراندا كۆرسەتتى. «مەم»، «خىيىمەن ۋە ئالەمناك خوجايىنلىرى»، «جىمغۇر دوست»، «هايۋاناتلار پادىشاھلىقى» نىڭ تەرجىمە سۈپىتى باللارنى رازى قىلماقتا. شاڭخەي گۈزەل - سەنئەت كىنو ستۇدىيىسى ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ۋە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى كارتون فىلىمگە ئايلاندۇرۇپ ئىشلەشتە شىنجاڭ باللىرى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان خىزمەتلەرنى قىلدى. «ئۇچمە سايىسى»، «ئەقىللىق شاۋدۇن»، «ئەپەندى ھېكايىلىرى» شىنجاڭ باللىرى سۆيۈپ كۆرىدىغان گۈزەل سەنئەت فىلىملىرى بولۇپ قالدى.

پارتىيىنىڭ مائارىپ يۆنىلىشى بىلەن كوممۇنىستىك تەربىيە يۆنىلىشىنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش ۋە بۇ پىرىنسىپ مەزمۇنلىرىنى ئەسەرلەرنىڭ خاھىشىغا ۋە بەدىئىي ئوبرازلىرىغا سىڭدۈرۈۋېتىش — ئۇيغۇر يېڭى دەۋر باللار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ يەتتىنچى ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكى.

يېقىنقى 10 نەچچە يىل ئىچىدە يارىتىلغان خېلى بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئوبرازلىرىغا پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپ يۆنىلىشىنىڭ تەربىيىلەنگۈچىلەرنى ئەقلى، ئەخلاقىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە ھۈنەر - تېخنىكا ماھارىتى جەھەتتە تەڭ يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنى بىلىملىك، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يۇقرالارغا ئايلاندۇرۇش مەزمۇنلىرى چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، ئۇلار باللارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە غايىسىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنى باللارغا كوممۇنىستىك ئەخلاق، غايە تەربىيىسى بېرىدىغان ئىككىنچى دەرسلىك قورالى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم ماتېرىيالى دېيىشكە بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجادىيەتتە سوتسىيالىزم ئۈچۈن، باللار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى يېتەكچى قىلىش، باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، پۈتۈن نىيەت بىلەن باللار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — يېڭى دەۋر ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ سەككىزىنچى ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكى.

مەلۇمكى، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى. بۇ يۆنىلىش ئېلىمىز باللار ئەدەبىياتىنىڭمۇ توپ يۆنىلىشى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز» دە مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلققە مەنسۇپ ... بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى ئىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى لازىم.» يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ يوليورۇقى ئېلىمىز باللار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يۆنىلىشنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئىجادىيەتتە باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت

بېرىشكە، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى، غايىسىنى، قىزىقىشىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشكە، ئەسەرنى قويۇق مىللىي پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە زامانىۋىلىققا ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ 10 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسەرلەردە سوتسىيالىستىك روھنى، ساغلام مىللىي روھنى ۋە زامانىۋى پەزىلەتنى ئىپادىلەپ، 80 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى خېلى جانلىق ئىپادىلەپ بەردى. لېكىن ئەسەرلەردە ئادەتتىكى پېرسوناژ ئوبرازلىرى كۆپرەك، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا يېتىشىپ چىققان قەھرىمان بالىلارنىڭ ئوبرازلىرى ۋە قەھرىمان شەخسلەرنىڭ بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئازراق، بۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مۇھىم مەسىلە.

كۆپلىگەن بالىلارنىڭ بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئىجادىيىتىگە ۋە پائالىيىتىگە قىزغىن قاتنىشىۋاتقانلىقى، بىر تۈركۈم تالانتلىق بالىلارنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئىز باسارلىرىنىڭ بايقىلىۋاتقانلىقى ـــ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ توققۇزىنچى ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشى ـ ۋارىسچانلىق قانۇنىيىتىگە ئىگە ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇڭا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا بىرىنچىدىن، ئەنئەنىگە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھازىرقى يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى كەڭ ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يېڭى تالانت ئىگىلىرى بايقىلىدۇ ۋە ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە جەلپ قىلىنىدۇ.

بۇ 10 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا بىر تۈركۈم يېڭى تالانت ئىگىلىرى بايقالدى، ئۇلار تەربىيىلەندى، ئۇلار ھازىر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى كۈچلىرى بولۇپ قالدى.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكى ۋە ئوبزورچىلىقى ـــ بىر مۇشكۈل ئىلمىي پائالىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ. يازغۇچى بىلەن كىتابخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى كۆۋرۈك. بالىلار ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى ۋە ئوبزورچىلىقىمۇ بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ مەنىۋى ئېنېرگىيىسى. شۇڭا بالىلار ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى ۋە ئوبزورچىلىقىنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، 80 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى ۋە ئوبزورچىلىقى بار بىلەن يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ بۇ ساھە خېلى جانلاندى. ئالدى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ بەزى مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئوبزورلىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجادىي ئوبزورچىلىق چىڭ تۇتۇلدى. ئابدۇكېرىم راخمان، تۇرسۇنمۇ ھەممەت پەخرىدىن، مۇھەممەت شانىياز، مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە دائىر بەزى ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بەردى. ئۈچىنچى تەرەپتىن، بۇ 10 يىل ئىچىدە «بالىلار ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» (ئىجادىي ئەسەر)، «بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (تەرجىمە) قاتارلىق مەخسۇس كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى دەسلەپكى قەدەمدە نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى.

ئەمما شۇلى راستچىللىق بىلەن ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى
تەنقىدچىلىكى، ئوبزورچىلىقى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتى خىزمىتى تېخى ئېيتىدائىي ھالەتتىكى
پائالىيەت. ئۇنىڭ كۈچى، قوشۇنى ئاجىز. شۇڭا ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىنى
ۋە ئوبزورچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

3

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ 10 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات ۋە گۈل ـ
لىنىش مەنزىرىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى گادايلىقتىن قۇتۇلۇۋات ـ
قانلىقى ياكى تولۇق قۇتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولىمىز. باللارغا مەنىۋى
ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان سۆيۈملۈك باغۋەنلەرگە ـ باللار ئەدەبىياتى يازغۇچى ـ سەنئەت ـ
كارلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. لېكىن ئۇيغۇر يېڭى دەۋر باللار ئەدەبىياتىنىڭ
10 يىللىق نەتىجىلىرى خەلقىنىڭ تەلىپىدىن، تارىخنىڭ تەقەززاسىدىن تېخى يىراق.
ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۆسمۈر ـ باللارنىڭ تەلىپىنى تولۇق قاندۇ ـ
رۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ ۋە رەڭدار ئەمەس. باللار ـ
نىڭ ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت ھاياتى دىگەندەك يورۇتۇلمايۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن،
خېلى بىر قىسىم ئەسەرلەردە باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پسىخىكىلىق
ئۆزگىرىشى گەۋدىلىك ئەمەس، باللار دۇنياسىغا خاس تۇرمۇش پۇرىقى كەم، باللىق
ھېسسىياتى چىن، نەپىس، مول ئەمەس، ئۈچىنچىدىن، ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى
ھازىرقى سوتسيالىستىك مائارىپ يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ
ئەسەرلەرنىڭ سيۇژىتى ۋە پېرسوناژلىرىنىڭ ئومۇمىي روھىدا دەۋر ئالاھىدىلىكى، مىللىي
ئالاھىدىلىك ۋە زامانىۋىلىك زىچ بىرلىشىشى لازىم. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ھازىرقى
ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت تەربىيىسى ۋە مەكتەپ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بىلەن زىچ
ماسلىشىشى لازىم. تۆتىنچىدىن، باللارغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ چىن، ياخشى، گۈزەل،
يېڭى، ئاجايىپ بولۇش ئۆلچىمىگە يېتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئەسەر قانچىكى چىن
بولسا، باللار شۇنچە تەبىئىيلىك ھېس قىلىپ، ئەسەردىكى ئىدىيىنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ.
ئەسەر قانچىكى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ ئىلغار بەدىئىي پىكرى ۋە غايىسى باللارغا شۇنچە
تېز ئۆزلىشىدۇ، قانچىكى گۈزەل بولسا، باللارنىڭ كۆڭلىنى شۇنچە كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا مول
ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. قانچىكى ئاجايىپ، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، بال ـ
لارنى شۇنچە تېز مەھلىيا قىلىدۇ. بەشىنچىدىن، ھازىر ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدا ژانىر ـ
لارنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. ئەنئەنىۋى ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتى يامان ئەمەس،
لېكىن باللار كىنو ئەدەبىياتى، باللار تېلېۋىزىيە تىياتىرى، باللار يېڭى چۆچەكلىرى،
باللار تىياتىرى، پەننىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتى ئاستا.
شۇڭا ھەرقايسى ژانىرلارنى تەكشى راۋاجلاندۇرۇش، جۈملىدىن زامانىۋى باللار ئەدەب ـ
يات ـ سەنئىتى ژانىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئالتىنچىدىن،
ھازىرقى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى قوشۇنى كىچىك، ئاجىزراق، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى،
بىزدە بىرمۇ كەسپىي باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى يوق، بىرمۇ باللار ئەدەبىياتى مەخ ـ
سۇس ژۇرنىلى يوق.

بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجادىيەت مۇھىم ھالقا، ئىجادىيەتنىڭ سان ـ سۈپىتى مەسىلىسى يازغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. نۆۋەتتە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنى ئىدىيە،كەسپىي، تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش زۆرۈر ئىش بولۇپ قالدى. يەتتىنچى، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئوبزورچىلىقتىن ئىبارەت. بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام، ئۈنۈملۈك راۋاجلىنىشى بالىلار ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى ۋە ئوبزورچىلىقىغا باغلىق. گەرچە 10 يىل جەريانىدا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئوبزورچىلىقى مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ساھە ئاجىز ھالقا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بالىلار ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى ۋە ئوبزورچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرماي بولمايدۇ. بۇنىڭدا قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تەنقىد ۋە ئوبزورچىلىق ئۆلچىمىنى پۇختا ئىگىلەش، ماقالە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر. بىر ئەسەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى باھالاشتا، شۇ ئەسەرنىڭ ھەققىي تۇردە ماتارىپ يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن ۋە كوممۇنىستىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ـ بولمىغانلىقىغا، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا، بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا، ئەسەرنىڭ بالىلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقىغا، پسىخىك پائالىيىتىگە، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە لايىقلاشقان ـ لايىقلاشمىغانلىقىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى چىن، تەبىئىي، ياخشى، ساغلام، گۈزەل، نەپىس، يېڭى، ئۆزگىچە، ئاجايىپ، قىزىقارلىق بولۇش ۋە ئېنىق قاراتمىلىقتا ئىگە بولۇش پرىنسىپىنى مەھكەم ئىگىلىشى لازىم.

دىققەت قىلىشقا ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نوقتا شۇكى، نۆۋەتتە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى كۆپرەك بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلماقتا. بالىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان كۆدەكلەر ئەدەبىياتىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. 6 ياشتىن 9 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ تۇرمۇشى، ھەۋىسى، خاراكتېرى، قىلىقلىرى، ئارزۇ ـ ئارمىنى مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، بۇ كونكرېت مەسىلىنىمۇ ئويلانماي بولمايدۇ. ئۇلارغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، ئەلۋەتتە. بۇ خىل ئەسەرلەر مول تەربىيىۋى مەزمۇنغا، بىلىم بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى يەنە كۆڭۈل ئېچىش، ئويۇن خاراكتېرىگىمۇ ئىگە بولۇشى لازىم. چۈنكى 6 ياشتىن 9 ياشقىچە بولغان بالىلاردا ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بولۇش بىلەن بىللە ئويۇن ئويناش ھەۋىسى كۈچلۈك بولىدۇ.

دېمەك، بالىلار ياقتۇرىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىش — يازغۇچىلارنىڭ گۈزەل ئارزۇسى ھەم گۈزەل ئەمەلىي ھەرىكىتى بولۇشى لازىم.

### 4

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئى. نىۇس: «بالىلار ئۆز ئانىلىرىدىن ئۆتمۈشنى، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن كېلىچەكنى كۆرىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەم ئاتا ـ ئانىلارنى تەربىيىلەش ھەم بالىلارنى تەربىيىلەش لازىم دېگەنلىكتۇر. بۇ ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنى، بالىلار خىزمىتى

خادىملىرىنى، جۇملىدىن بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئىجادكارلىرىنى تەربىيىلەش
كېرەك دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بالىلارنىڭ قانداق خاراكتېردىكى ئادەم بولۇشى چوڭلارنىڭ
ئۇلارنى قانداق تەربىيىلىشىگە باغلىق. شۇڭا گوركىي: «يامان بالىلار ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنى
جازالاش كېرەك» دېگەنىدى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، بالىلار تەربىيىسى خادىملىرىنىڭ ئەخلاق،
بىلىم، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ يۇقىرى بولۇشى بالىلارنىڭ شۇ جەھەت-
تە ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بالىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي،
گۈزەللىك ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشى مىللەتنىڭ پارلاق كەل-
گۈسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسى. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە
ھەممە مۇتەپەككۇرلار بالىلارغا بولغان تەربىيىنى زاكىسىدىن باشلاش كېرەك، دېگەن
خۇلاسىگە كەلگەن. شۇڭا ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بالىلار تەربىيىسىگە، جۇملىدىن ئوب-
رازلىق بالىلار تەربىيىسى بولغان بالىلار ئەدەبىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇ ئىشنى چىڭ
تۇتۇش، بۇنىڭ بىلەن يۈكسەك جىسمانىي ۋە مەنىۋى سۈپەتكە ئىگە مەدەنىيەتلىك، بىلىم-
لىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈش — مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇشنىڭ
زۆرۈر شەرتى ۋە مۇھىم بەلگىسى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1983 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھىندىستان كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى (ماركسىزمچى) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈش-
كەندە قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «شۇڭا ھازىر ماددىي مەدەنىيەت
بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوتسىيا-
لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ تۈپ نېگىزى كەڭ خەلقنى
كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزامچان قىلىشتىن ئىبارەت.
ئىنتېرناتسىئونالىزمىمۇ، ۋەتەنپەرلىكمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ». كىشى-
لەرنى كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان قىلىپ يېتىش-
تۈرۈش ئىشىدا ئىشنى بالىلار تەربىيىسىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بالىلار ئىچىدە لېي فېڭدىن،
لەي نىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىشى ۋە بۇ پائالىيەتنى داۋاملىق ئېلىپ
بېرىشنىڭ ئاساسىي مەقسىدىمۇ دەل يۈكسەك كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك پۇق-
رالارنى تەربىيىلەشتۇر. بۇنىڭدىكى يادرولۇق مەسىلە، ئۆسمۈر بالىلارنىڭ كوممۇنىستىك
ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتۇر.

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېز بولماقتا.
ئۇلۇغ ئىسلاھات دولقۇنى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىلاپ، ئۇلاردا
يېڭىچە مەدەنىيەت ئېڭىنى پەيدا قىلماقتا. كوممۇنىستىك ئاڭنى يادرو قىلغان بۇ چوڭ
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كىشىلەرنى ئۆزگەرتمەكتە. داغدۇغىلىق ئىسلاھات سۈرئىتىگە يېتىش-
ۋېلىش ۋە زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش ئۈچۈن، بالىلار تەربىيىسىگە ھەم
بالىلار ئەدەبىياتىغا بولغان مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ ئىشتا بالىلار خىزمىتى خا-
دىملىرى بىلەن بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر
ۋە شەرەپلىك. بالىلار تەربىيىسى ۋە بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى مەنىۋى مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى قىسىملىرىدىن بىرى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ
ئاساسىي ۋەزىپىسى، بىر تەرەپتىن، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئەخلاقلىق ئادەملەرنى تەربىي-
لەش. يەنە بىر تەرەپتىن، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى تەربىيىلەش. شۇڭا ئەخ-
لاقلىق ۋە بىلىملىك بولۇش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككى
مۇھىم تەرىپى بولۇپ، بۇ، ئادەملەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىدۇر. ئادەملەرنىڭ
سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەربىيىسى، ماھىيەتتە، مىللەتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش قۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇ خىل ستىراتېگىيىلىك قۇرۇلۇش بالىلار مائارىپى، بالىلار تەربىيىسىدىن
باشلىنىدۇ. بۇ خىل زور قۇرۇلۇش ئىشىدا ئالاھىدە تەربىيە ۋە بىلىم بېرىش شەكلى بولغان
بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ رولى كىچىك ئەمەس. شۇڭا بالىلار تەربىيىسىگە ۋە بالى-
لار ئەدەبىيات - سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش مىللەتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ
ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ بىرى.

رۇسىيە كلاسسىك پېداگوگىكا ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ئۇشىنىسكى «بالىلارنى بىر مە-
نۇتمۇ تەربىيىسىز قالدۇرماسلىق كېرەك» دەپ، بالىلارنى تەربىيىلىمەسلىك ئىجتىمائىي
تەرتىپنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «بالىلار ئەدەبىياتى»
دېگەن ئاتالغۇنى كەشپ قىلىپ، بالىلارنى بۇ گۈزەل باغچىگە جەلپ قىلىشىمۇ دەل رۇس
مىللىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ
پېشۋاسى، دانىيە يازغۇچى خانىس ئاندىرسىن بالىلار ئۈچۈن ئىجاد قىلىشنى — كەلگۈسىنى
قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولى دەپ قارىغان. ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوينىڭ
ئاساسىي ئەسەرلىرى چوڭلار ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بالىلارنى زادى
ئېسىدىن چىقارمىغان. ئۇ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ نۇر-
ۇن چۆچەك، مەسەل ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلىرى رۇس
ۋە دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە پارلاق گۆھەر بولۇپ جۇلالانماقتا. ئۇ پەخىرلە-
نگەن ھالدا: «مەن بالىلار ئۈچۈن يېزىشنى بەخت دەپ ھېسابلايمەن» دېگەنىدى. ئۇلۇغ
پرولېتارىيات يازغۇچىسى م. گوركى بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىگە سەل قاراشنى دۆلەت،
مىللەت، خەلق ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئالدىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك دەپ قارى-
غان. ئۇ: «بۈيۈك كەشپىياتلار ۋە ئىختىرالار تارىخىنى بالىلارغا يېزىپ ۋە قىزىق قىلىپ
سۆزلەپ بېرىش كېرەك» دېگەن. دېمەك، بالىلار تەربىيىسى ۋە بالىلار ئەدەبىيات -
سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش — ھەر بىر ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بۇرچى.
شۇنداقلا بارلىق بالىلار خىزمىتى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى خادىملىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيەتچىلىرى نەچچە مىليون ئۇيغۇر بالىسىنىڭ سۇ-
پەتلىك مەنىۋى ئوزۇقىنى تەييارلىغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر ۋە شەرەپلىك.
بىز خەلقىمىز ئىچىدە بالىلار تەربىيىسىگە ۋە بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى
بىر زور ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تېخىمۇ
روناق تېپىپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالسۇن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

## ئۈرۈمچىدە شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 1991- يىلى 4- ئاينىڭ 3- كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم ياش شائىر، ھەۋەسكارلار بىلەن شېئىر ئىجادىيىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، شائىر ئارسلان رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، مەقسىتى ھەم ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى مۇھاكىمە يىغىنىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى خاتىرىلىنىش ئالدىدا تۇرغان پەيتكە توغرا كەلدى. تارىخ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەقدىرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىغان، شۇنداقلا ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ، مۇھىملىدىن ئېلىمىز شېئىرىيىتىنىڭ تەقدىرىنىمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىغان. بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقارغاندا، نىشاندىن ئادىشىش يۈز بېرىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى بۇندىن كېيىن پارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش، ئەسىردىن ھالقىيدىغان شائىر، يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتە جىددىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بىز ياشلار مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىق، گۈللىنىشكە قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز، نەزەرىمىزنى ھازىرغا، كەلگۈسىگە، تەرەققىياتقا قارىتىشىمىز لازىم.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر مەھەممەت شاۋۇدۇن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ژۇرنالنىڭ كونكرېت تەلەپلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى. ئۇ ئالدى بىلەن پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، بولۇپمۇ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي زور بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق شېئىرىيىتىمىز سېپىدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قاتماللىق،

www.uyghurkitap.com

بېكىنمىچىلىك ھالىتىنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلىغانلىقىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئۇ يىغىنغا قاتناشقان يولداشلاردىن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە مۈجمەللىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى ۋە زەھىرىنى تازىلاپ، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيەسى ۋە كۆزقارىشىغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، دەۋر بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولۇپ، سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە يېقىندىن ياندىشىپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تېماتىك مەزمۇن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇب، ماھارەت قاتارلىق جەھەتلەرە كۆپ خىللىق، كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق ھەم يۈكسەكلىككە قاراپ ئىلگىرىلەشنى، ئورتاق ئىزدىنىپ، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، زامانغا لايىق يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىپ، ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى بىر يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى مۇھاكىمە جەريانىدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: ھازىر كىشىلەر ئارىسىدا شېئىرنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ كەتتى، شېئىر دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، دەيدىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىر توپلاملىرىنىڭ تىراژى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھال كىشىنى ئويغا سالىدۇ. بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى كىتابخانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزدىن، ئاپتورلاردىن ئىزدىشىمىز لازىم. بىزنىڭچە، ھازىر مەتبۇئاتلاردا پۇچەك شېئىرلارغا بەكمۇ كەڭ يول قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان موھىم بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىزدە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش، باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىش، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ئىجادىي تەدبىقلاش روھى كەمچىل. بېكىنمىچىلىك روھىي ھالىتىمۇ بىرقەدەر ئېغىر. ئىلمىي مۇھاكىمە ھاۋاسىمۇ قويۇق ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشىمىزمۇ، چەت ئەل مەدەنىيىتىدىكى ئېسىل جەۋھەرلەرنى، پايدىلىق، قىممىتى بار نەرسىلەرنى يۈرەكلىك قوبۇل قىلىشىمىزمۇ يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ. مىللىي ئىنكارچىلىق، چەت ئەل مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. شېئىرىيىتىمىزنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇنداق مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

يىغىندا رېئالىزم ۋە مودېرنىزم تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش، شېئىرىيەتنىڭ بىلىش رولى، ئىستېتىك رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولى ھەم تەربىيەۋى رولىغا قانداق قاراش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى مۇنداق دېيىشتى: رېئالىزم چەكسىز تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. شۇڭا ئۇنى تار مەنىدە

چۇشىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى چەك-
لەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىز مودېرنىزملىق
ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تەنقىدىي
ئۆزلەشتۇرۇشكە، ئىجادىي تەدبىقلاشقا قار-
شى ئەمەس، لېكىن سوتسىيالىستىك ئەدە-
بىياتىمىز مودېرنىزمنىڭ پەلسەپىۋى ئاسا-
لىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكە ھەرگىزمۇ
يول قويمايدۇ. بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ
بىلىش رولى، ئېستېتىك رولى، كۆڭۈل
ئېچىش رولى ھەم تەربىيىۋى رولىنى
ئىنكار قىلمايمىز، بەلكى ئۇلارنى
بەدىئىي ئەسەرلەردە بىرلىككە كەلتۇرۇشنى
تەشەببۇس قىلىمىز. يۈكسەك سەنئەت ھې-
سابلىنىدىغان شېئىرىيەتتە سەنئەتنىڭ كۆپ
قاتلاملىق رولى تېخىمۇ روشەن ئەكس
ئەتمەي قالمايدۇ. شېئىرىيەتنىڭ بىلىش
رولى بىلەن تەربىيىۋى رولىنى ئىنكار
قىلىش، ماھىيەتتە، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي
رولىنى ئىنكار قىلىشتۇر. بۇ خىل ئىنكار-
چىلىققا يول قويۇلغاندا، شېئىرىيەت
مۇقەررەر ھالدا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ.
شېئىرىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا شائىرلارنىڭ
سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىدىن تاشقىرى شې-
ئىرلارغا مۇۋاپىق ئېستېتىك ئۆلچەم قويۇش
مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. بۇرۇن شېئىرلارغا
قويىدىغان ئېستېتىك تەلەپلىرىمىز بەكمۇ
تار، يۈزەكى ھەم بىر تەرەپلىمە ئىدى.
كېيىنكى يىللاردا بۇنداق ئەھۋال بىرقە-
دەر تۈزىتىلدى. بىز بۇ جەھەتتە تېخىمۇ
زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. شې-
ئىرلار مەيلى قانداق تۈستە يېزىلمىسۇن،
ئۇ بەرىبىر رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى. چۈنكى
ھەرقانداق شائىر ئوبيېكتىپ دۇنيادا يا-
شايدۇ. رېئال تۇرمۇش شائىرغا يا ئۇنداق،
يا مۇنداق تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.
ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ مۇنا-
سىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇش ماركـ-
سىزملىق قاراش ئەمەس. مەزمۇنغا خاس
شەكىل تاللاش — شائىرلارنىڭ ئۆز ئىختىيا-
رىدىكى ئىش. شۇڭلاشقا شېئىرلارنىڭ تې-
ماتىك مەزمۇنىنى زورمۇ زور تارايتىۋېتىش
ياكى شائىرلارنىڭ شەكىل تاللاش ئەركىن-
لىكىگە چەك قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس.
شېئىرىيەت ساغلاملىقىنىمۇ، رەڭدارلىقىنىمۇ
تەلەپ قىلىدۇ. ئىجادىي ئەسەر قېلىپ بىلەن
سىغىشالمايدۇ. سىمۋول قىلىنغان سۆزلەردىن
ئورۇنسىز گۇمانلىنىش ياكى ئۇلارنى يەك-
كە سىياسىي نۇقتىدىن چۈشىنىۋېلىش سەن-
ئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىز
تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى
ئاستىدا شېئىرىيەتنى ئۆز قانۇنىيىتى بويى-
چە راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە
ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشقىمۇ، چەت ئەل
مەدەنىيىتىدىكى جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلىش-
قىمۇ ماھىر بولۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئەڭ
مۇھىم ۋەزىپىمىز پارتىيىمىز يارىتىپ بەر-
گەن ئەۋزەل ئىجادىيەت شارائىتىدىن ئۈ-
نۈملۈك پايدىلىنىپ، زېچ ئىتتىپاقلىشىپ،
بىر - بىرىدىن ئېسىل شېئىرىي ئەسەرلەر-
نى ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت.


مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان يولداش-
لار «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيى-
تىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئويناۋاتقان
مۇھىم رولى ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنۇلارنى
كۆرسەتتى: مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى،
پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىدە غايەت زور يۈكسىلىش بولدى،

جۇملىدىن بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز شېئىرىـ
يەت ئۈستىدە دادىللىق بىلەن ئىزدەندى.
«تارىم» ژۇرنىلى بۇ يىللاردا ياش كۈچلەر-
نى، يېڭى ئىجادىي بىخلارنى قىزغىن قولـ
لاپ، پەرۋىش قىلدى، بىر تۈركۈم ئۈمىدـ
لىك ياش ئاپتورلارنى ئالاھىدە تونۇشتۇـ
رۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك ئىلـ
ھام بەردى، شۇنىڭدەك مۇھاكىمە خاراكتېر-
لىك، ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ماقالىلارنى
تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلان قىلىپ، شېـ
ئىرىيەت ئىجادىيىتىنى جانلاندۇردى. بۇـ
گۈنكى بۇ مۇھاكىمە يىغىنىمۇ «تارىم» ژۇر-
نىلىنىڭ ياش ئىجادىي كۈچلەرنى قىزغىن
قوللاۋاتقانلىقىنىڭ ھەم ئاسراۋاتقانلىقىنىڭ
روشەن ئالامىتى. بىز «تارىم» ژۇرنىلى تەھـ
رىر بۆلۈمىنىڭ نەتىجىلەرنى تېخىمۇ مۇسـ
تەھكەملەپ، ئاپتورلار بىلەن بولغان مۇناـ
سىۋەتنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىجادىـ
يەتنى ساغلام ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇشۇنـ
داق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى پات -
پات ئېچىپ تۇرۇشنى سەمىمىي ئۈمىد
قىلىمىز.

ياش شائىر، ھەۋەسكارلار يىغىن جەر-
ياندا يەنە ژۇرنال سەھىپىلىرىدىن ئىلمىي
مۇھاكىمىگە كەڭرەك ئورۇن بېرىش، نەزەـ
رىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، ئەدەبىي ئوبـ
زورچىلىقنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، زاماـ
نىۋى يۈكسەكلىككە ئىگە تەرجىمە ئەـ
سەرلەرنى كۆپرەك ئېلان قىلىش، ئىجتىھات
بىلەن ئۆگىنىش، قۇرۇق گەپ قىلماي، ئەـ
مەلىي ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، كەمتەر بوـ
لۇش، بىر - بىرسىنى ئورۇنسىز چەتكە قاقـ
مىغان، كەمسىتمىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش
توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىر، تەكـ
لىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

يىغىن ئاخىرىدا يولداش مەھەممەت
شاۋۇدۇن مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ
قىممەتلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى تو-
نۇشتۇرۇپ، ياش شائىر، ھەۋەسكارلارنىڭ
ئۆز ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق،
مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىشى
كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇلارنى
ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، ئىجادىيەتنىڭ يۇقىـ
رى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشقا
ئىلھاملاندۇردى.

ئۆز خەۋىرىمىز



# تۇرمۇش ۋە ئاپتور







باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۇدۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : ئارسلان
مەسلىھەتچىلەر: ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

---

تەھرىر ھەيئەتلەر ( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ):

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. ئارسلان، ئابدۇروسۇل ئۆمەر. ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن. قەييۇم تۇردى. مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن. مەھمۇد زەيدى. ئىمىن تۇرسۇن. ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.




《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1991 ـ يىل 6 ـ سان (364 ـ سان ) ، 41 ـ يىل نەشرى .
ئۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40 元
邮政编码：830000

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى : 830000